

# 2010

# 龟兹文化

# KUSAN CULTURE

سۇيقەست

كۇسەندىن كۈچاغىچە

تاك ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى

كروراندىن چىقتۇق، كرورانغا قايتىمىز

# كۇسەن مەدەنىيىتى

كۇسەن مەدەنىيىتى 2010 KUSAN CULTURE 龟兹文化



تۆھپىكار مائارىپچى، تونۇلغان خەلق سەنئەتكارى مۇھەممەت ساقى


ش ئۇ ئا ر ئاخبارات ـ نەشرىيات ئىدارىسى ئىچكى ماتېرىيال 2010 ـ يىلى بىر قېتىملىق 0014 ـ نومۇر (ھەقسىز تارقىتىلىدۇ)

自治区新闻出版局内部资料2010年一次性0014号(免费交流)

# ئەھمىيەتلىك لېكسىيە











2010 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ
12 ـ ، 13 ـ ، 14 ـ ، 15 ـ ، 16 ـ كۈن ـ
لىرى ناھىيەلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈمە ـ
تىنىڭ قوللىشى، ناھىيەلىك تەشۋىقات بۆلۈمى،
مەدەنىيەت ـ تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي،
مەدەنىيەت مەركىزى بولغان ئۈرۈمچىدىن ئابدۇبەسىر شۈكۈرى،
لى جىلىيەن، ئابدۇسالام تۇرسۇن، ئىزىز ئىلى، ئابلەت ئابدۇ ـ
رەشىت بەرقى ۋە مۇتەللىپ ئىسكەندەر... قاتارلىق زىيالىيلار تەكلىپ
بىلەن كۇچاغا كېلىپ، مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى ھەر ساھە ئىشچى ـ
خىزمەتچىلىرىگە لېكسىيە سۆزلىدى.

ـ سۈرەتلەرنى فوتوگراف نۇرمەمەت توختى تەمىنلىگەن



# كۇسەن مەدەنىيتى

كۇچا ناھىيەلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى،
كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە ئىدارىسى چىقاردى
«كۇسەن مەدەنىيتى» تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى

2010







# كۇسەن مەدەنىيىتى

龟 兹 文 化　KUSAN CULTURE


## بۇ ساندا

### يول ۋە مەنزىل


مېھرلىك قوللىرىمىز بىلەن گۈزەل كېلەچەكنى بىرلىكتە يارىتايلى .............. ئادالەت ئابدۇرېشىت 4
تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچ ـ ئامانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش ..........................................گوجيەنمىن 6


### كۇسەنشۇناسلىق تەتقىقاتى


كۇسەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىر كۆرۈنۈشلىرى ... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى 10
ئاتاقلىق كۇيشۇناس، بەرباپ ماھىرى سۇجۇپ ..........................................17
كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى ۋە سۇجۇپ ـ ئاقارى توغرىسىدا ............ ئەخمەت ئىمىن 18
كۇچادىن غۇلجىغا بارىدىغان كارۋان يولىدىكى ئۆتەڭ ـ داۋانلار ............ ھۈسەيىن ئىمىن ھاجى 74
كۇچادىكى يۇرت ـ مەھەللىلەرنىڭ ناملىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش ............... قەيسەر كبىر 76


### پىروزا كۆزنىكى


سۇيىقەست .............................(ھېكايە) ............ ئابدۇللا مۇھەممەدى ئەرتەن 23
دوزاخ چۈشى ..........................(» «) ............... ئابلىكىم ئەبەيدۇللا 54
چۈشىنىش ..........................(» «) ............... مۇھەممەت ئەھمىدى 40


### گۈلدەستە


غەزەللەر ............................................ مۇھەممەت قېيۇم 34
غەزەللەر .............................................. ئاراپات ئابدۇرۇسۇل 35
تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى ............... غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد 35
تۇيۇقلار ............................................. ئابدۇخېلىل مىرخېلىل 36
كېتىپ بارار يولىغا جاھان ............... ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران 37
يارىمىنىڭ چېچى ................................ روزى سوپى ئۆچتېكىن 38
نان بولۇپ تۆكۈلدى قۇياشىنىڭ نۇرى ..................... تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇز 39
سۆكۈتتۈكىدىن تۆكسەن مېھىر ............................ ماموت كىم 40
كېتەيلى بىز ئوت ـ يالقۇنغا ئايلىنىپ ........................ ئابدۇسالام ن 41
مۇڭلانغان قەلبىمنى بىر ئۆزۈم چالاي .................... نۇردۇن تىلىۋالدى د 60
قويۇپ قويدۇم بالكونۇڭغا گۈل ............................ گۈلبوستان تۇردى قۇ 60
ئۆزۈمگە تەقلىد ............................................ پاتىگۇل تو ى 61
ئانا ............................................................ ئارزۇگۈل مەمەت 61



مەسلىھەتچىلەر:
قۇربان ماموت
ئەركىن نۇر
ئالىم خالىدىن
قاھار نىياز

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى:
يۈسۈپجان مۇھەممەت

تەھرىر ھەيئەت مۇئاۋىن مۇدىرلىرى:
ئادالەت ئابدۇرېشىت
جاڭ ۋېنيوەن
نۇرئالىم مۇھەممەت

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى:
(ئىلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)
ئابلىكىم ئەبەيدۇللا، ئابدۇللا مۇھەممەدى ئەرتەن، ئەخمەت كبىر، ئەھەت داۋۇت، ئەخمەت تۆمۈر، ئەخمەت مۇھەممەت، پاتىگۈل نىياز، رۇقىيە ئابدۇللا، قېيۇم قادىر، قۇربان داۋۇت شاھىدى، مۇھەممەت ئەخمەت، مۇھەممەت داۋۇت، نىياز ئىمىن، نەسىردىن ھاپىز، ھۈسەيىن ئىمىن ھاجى، ئوسمان ھوشۇر.

هجران …………… ئەيساجان توختى 61

## گۈلستاندا ئەنجۈمەن

مېنىڭ نەزىرىمدىكى شېئىر …………… قاھار نىياز 80
تۆتىنچى يول …………… ئابلىكىم تۇرسۇن 83

## يىللار ۋە ۋەقەلەر

بىر مۇئەللىم ھەققىدە ھېكايە …………… قۇربان داۋۇت شاھىدى 42

## سەلكىن

ئەخلاقنىڭ تەقەززاسى …………… ئابدۇنىياز توختى 50
ئاتا — يۈكسەكلىكنىڭ چوققىسى …………… ئەيساجان تۇردى ئاچچىق 52
ناتونۇش …………… پەرھات تۇرسۇن 62
قىزىل ياغلىقلىق پەرىشتەم …………… ئامانگۈل ئېلى 64

## ئەينەك

«كۆيۈك توغراق»ۋە ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى …………… ئاسمگۈل نورۇز 87
كروراندىن چىقتۇق، كرورانغا قايتىمىز …………… تۇرسۇنجان ھېبىبۇللا 90
«جەننەت چۆشى »گە تەبىر …………… كېبىر ھېمىت 104

## ئەدىبلەر چايخانىسى

كۇسەندىن كۇچاغىچە …………… ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقىي 48
ئەدەبىياتنىڭ كۇچى ۋە ئەدىبنىڭ بۇرچى …………… ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر 65
كىتابىنى ياتلىشىش ۋە نامراتلىشىش …………… تۇرسۇنمۇھەممەت توختى 68

## تېرەك تۈۋىدىكى پاراڭلار

ئايال ۋە رويال …………… ئابلەت ئابلىكىم 108
قۇلۇپ ۋە ئاچقۇچ …………… مۇھەممەت كېرىم 110
«مەشرەپ ئەخلاقى»نىڭ قىممىتى ھەققىدە …………… ھۇسەنجان نامان 113

## روجەك

مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا …………… ئەلى ئىبراھىم 116

## كۆۋرۈك

ھېرتا مۇللىر شېئىرلىرىدىن …………… ئەركىن نۇر(ت) 118

**مۇقاۋىدا: ئاتاقلىق كۈيشۇناس، بەرباپ ماھىرى سۇجۇپ**

**باش مۇھەررىر:**
ئادالەت ئابدۇرېشىت

**مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر:**
ئەخمەت كېبىر
ئەھەد داۋۇت
ئەخمەت تۆمۈر
قېيۇم قادىر

**بۇ سانىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىرى:**
ئەخمەت كېبىر
ئەخمەت تۆمۈر

**مۇھەررىرلەر:**
رۇقىيە ئابدۇللا
پاتىگۈل نىياز

**مۇقاۋا ۋە ئىچ بەتلىرىنى لايىھەلىگۈچى:**
نۇرمۇھەممەد ئۆمەر ئۇچقۇن

**كوررېكتورى:**
ۋەلى زەيدۇن

**باشقۇرغۇچى ئورۇن:** ج ك پ كۇچا ناھىيەلىك كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى
**نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** كۇچا ناھىيەلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
كۇچا ناھىيەلىك مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى
**تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى ئورۇن:** «كۇسەن مەدەنىيىتى» تەھرىر بۆلۈمى
**ئىجازەت نومۇرى:** ش ئۇ ئا ر ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسى ئىچكى ماتېرىيال 2010-يىلى بىر قېتىملىق 0014-نومۇر
**ئادرېسى:** كۇچا ناھىيە ئازادلىق يولى ئىشچىلار ئويۇشما بىناسى 3-قەۋەت
**پوچتا نومۇرى:** 842000
**تېلېفون:** 0997 — 7151109
**ئېلخەت ئادرېسى:** zarina973@sohu. com, asina44@sohu. com



# مېھىرلىك قوللىرىمىز بىلەن گۈزەل كېلەچەكنى بىرلىكتە يارىتايلى

(كۇچا ناھىيەلىك ئاياللار، باللار خىزمەت كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان «بىر يۈەندىن ئىئانە قىلىش» پائالىيىتىدە سۆزلەنگەن سۆز)

ئادالەت ئابدۇرېشىت

(كۇچا ناھىيەلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئىتى)

ئانىلار ئۇلۇغ، ئانىلار مۇقەددەس. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغلۇقى سەۋر ـ تاقەتلىكىدە، چىدامچانلىقىدا، كۆڭلى ـ كۆكسىنىڭ دەرىيادەك كەڭرى ئىكەنلىكىدە. مۇقەددەسلىكى ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە ئەۋلاد تەربىيەلەشتىن ئىبارەت مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغانلىقىدا. ئانىلار ئۆزىنىڭ مىننەتسىز تۆھپە ـ ئۇتۇقلىرى، ئۈنسىز تىلەكلىرى، تەخىرسىز بېغىشلاش روھى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ كەلمەكتە. ئانىلارنىڭ تەقدىرى باللارنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ، باللارنىڭ تەقدىرى ۋەتەننىڭ كېلەچىكىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭا، ئاياللارغا كۆيۈنۈش، ئۇلارغا ياخشى بولغان تەربىيەلىنىش مۇھىتى يارىتىپ بېرىش، ئانا ـ باللارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداش بىزنىڭ خىزمەتلىرىمىز ئىچىدىكى دائىملىق مۇھىم تەرتىپلەرنىڭ بىرىدۇر.

ناھىيەمىزدىكى ئاياللارنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ناھىيەمىزدىكى 53 مىڭ نامرات نوپۇس ئىچىدە ئاياللار ۋە باللار 2/3 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھالال ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلەشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان دېھقان ئاياللار؛ ئىش ئورنىدىن قالغان بولسىمۇ، ئىرادىسىدىن قايتمىغان جۇشقۇن ئايال ئىشچىلار؛ جىسمى مېيىپ بولسىمۇ، روھى ساغلام، قەيسەر ئاياللار؛ مەبلەغ ۋە تېخنىكا كەمچىللىكى تۈپەيلىدىن ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالغان نامرات ئاياللار بار ... يەنە بىرەر كەسپىي تېخنىكا ئىگىلەپ، قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدىغان؛ ئۆزىگە مۇناسىپ كەلگۈدەك ئىش ئورنى تاپالمايۋاتقان بولسىمۇ، تىنىمسىز ئىزدىنىۋاتقان؛ بىرەر ھۈنەر ـ كەسىپ ئىگىلەشكە ياكى ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مائارىپ ئوقۇش خىراجىتىگە چىقىش قىلالمايۋاتقان نامرات قىزلار بار... يەنە ئۇنىڭدىن باشقا، كۆڭلىگە پۈككەن يۈكسەك ئارزۇلىرى بويىچە ئالىي بىلىم يۇرتلىرىنىڭ تەكلىپ قەغىزىنى تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ، ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئالىي مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىيالماي ئىلىم تەھسىل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك پۇرسەتلەردىن مەھرۇم قېلىۋاتقان قىز ئوقۇغۇچىلار بار...

## يول ۋە مەنزىل

بەختلىك، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىمايدىغان ئادەم يوق، بولۇپمۇ ئانىلىرىمىز ۋە بالىلىرىمىز خاتىرجەم تۇرمۇشقا تېخىمۇ موھتاج. قىيىنچىلىق ۋە نامراتلىق ئانىلىرىمىزنىڭ روھىنى سۇندۇرۇپ، ئانىلىق ئوبرازىنىڭ سۈزۈكلۈكىگە داغ چۈشۈرسە، بالىلىرىمىزنىڭ سەبىي قەلبىدىكى ئارمانلىرىنى بوغۇپ قويىدۇ. شۇڭا، ئانا - بالىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز يېقىندا كۇچا ناھىيەلىك ئاياللار، بالىلار خىزمەت كومىتېتى «بىر يۈەندىن ئىئانە قىلىش» پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەرساھە كىشىلىرىنىڭ مېھىر - شەپقىتى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ياردەمگە ئەڭ ئېھتىياجلىق بولۇۋاتقان ئاياللار ۋە بالىلارغا قارىتا «نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش تۈرى» ۋە «مېھىر - شەپقەت ئوقۇش ياردەم پۇلى» تۈرىنى يولغا قويدۇق.

ساخاۋەتلىك ياردەمنىڭ شەكلى ھەر خىل، ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىڭىزغا بېقىپ، قەرەللىك ياكى بىر قېتىمدىلا «كۇچا ناھىيەلىك ئاياللار، بالىلار خىزمەت كومىتېتى»گە ئىئانە قىلسىڭىزمۇ؛ دوستلىشىپ يار - يۆلەك بولۇش شەكلى بىلەن ھەر يىلى مەلۇم سوممىدا پۇل ئىئانە قىلسىڭىزمۇ ياكى ئۆز تىرىشچانلىقىڭىزغا تايىنىپ، كارخانا ۋە جەمئىيەتنىڭ مېھىر - شەپقەتلىك، ساخاۋەتلىك ئىئانىسىنى قولغا كەلتۈرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئىئانىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى مۇھىم ئەمەس، 1 يۈەن بولسىمۇ، 5 يۈەن بولسىمۇ، 10 يۈەن بولسىمۇ، 20 يۈەن بولسىمۇ، سىزنىڭ، مېنىڭ ۋە ئۇنىڭ يىغىلىپ، تۇتاش قەلب ئارقىلىق 1000 يۈەن توپلانسا، بىر نەپەر يېزا ئايالىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىش يولىغا مېڭىشقا يېتەكلىيەلەيمىز.

1500 يۈەن توپلانسا، ئىشقا ئورۇنلاشالمىغان، ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەتكەن بىر نامرات قىزنىڭ بىرەر كەسپىي تېخنىكا ئىگىلەپ، ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىشكە ھەمدەم بولالايمىز.

2000 يۈەن توپلانسا، بىر نەپەر ئىش ئورنىدىن قالغان ئايالنىڭ ئىگىلىك تىكلەپ ئۆزىنى داۋاملىق روناق تاپقۇزۇشىغا ياردەم بېرەلەيمىز.

4000 يۈەن توپلانسا، تولۇق ئوتتۇرىدىكى ئۈچ يىللىق ئوقۇشنى تاماملاپ، ئالىي مەكتەپ تەكلىپ قەغىزىنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ ئامالسىز قېلىۋاتقان بىر نەپەر ئوقۇغۇچىنىڭ گۈزەل ئارزۇ - ئارمانلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشىغا ياردەم بېرەلەيمىز...

200000 يۈەن توپلانسا، ئاياللار ۋە بالىلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش - يۆلەش فوندى قۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ قىيىنچىلىقتا قالغان ئاياللار ۋە بالىلارغا ياردەم قىلىپ، ئىناقلىقتىن ئورتاق بەھرلەنگىلى بولىدۇ.

ئىنسانپەرۋەرلىكنى يادرو قىلغان نامراتلارنى يۆلەپ، قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا ياردەم بېرىش، بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ھەممە تەڭ كۈچ چىقىرىش جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتى. مارالبېشى، پەيزاۋاتلاردىكى؛ ۋېنچۈەندىكى، چىڭخەيدىكى يەر تەۋرەش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەردە ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىنىڭ تېز سۈرئەتتە يۇرت - ماكانلىرىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشتىكى غەيرەت - شىجائىتىنى ئەنە شۇنداق تۇتاش قەلبلەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھىر - مۇھەببىتى بەرگەن. ئەل ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن «تاما - تاما كۆل بولار»، «كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە»، «بىرلەشكەن ئۆزار، بىرلەشمىگەن توزار...» دېگەندەك ھېكمەتلەرمۇ بىزگە ئىناقلىق، ئۆملۈك، ھەمكارلىق ۋە ئۆزئارا ئىللىقلىق يەتكۈزۈشنىڭ كۈچىگە سەل قارىغىلى بولمايدىغانلىقىنى، ھەتتا بۇ كۈچنىڭ ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈش ۋە دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇشتىكى مۇھىملىقىنى ھەر ۋاقىت ئېسىمىزگە سېلىپ تۇرىدۇ.

بىر يۈەن تولىمۇ ئاز پۇل، لېكىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى بۇ كىچىككىنە پۇلدا سىزنىڭ ئەتراپىڭىزدىكىلەرگە بولغان مېھرىلىك، مەسئۇلىيەتلىك قەلبىڭىز مۇجەسسەملەنگەن. جەمئىيەتنىڭ ئىللىقلىقى، ئىناقلىقىنى ھېس قىلدۇرىدىغان بىر يۈەن پۇلىڭىز نۇرغۇن «بىر يۈەن»لەرنىڭ قاتارىدا يار - يۆلەكسىز قالغانلارغا، ئىشەنچتىن ئايرىلىپ ئۈمىدسىزلىك گىردابىغا بېرىپ قالغانلارغا ئۈمىد بېغىشلايدۇ، ئانىلارنىڭ قەيسەرلىكىگە قەيسەرلىك ئاتا قىلىپ، بالىلارنىڭ ھاياتلىق شامىنى قايتىدىن نۇرلاندۇرىدۇ. ئىشىنىمىزكى، ئىللىقلىققا ئېرىشكەنلەرنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرغىنى دەل سىزگە قايتۇرغان ئەڭ زور جاۋاب.

مېھرىلىك ئالقانلىرىمىز بىلەن قىيىنچىلىقتا قالغان ئانا - بالىلارنىڭ ئۈمىد شامىنى پەرلەپ، كۈچا روھىنى ئەمەلىيىتىمىز ئارقىلىق ئىسپاتلاپ، ناھىيەمىزدىكى ئانا - بالىلار ئىشلىرىنىڭ كېلەچىكىنى ئورتاق يارىتايلى!

# تارىخىي چوڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تىنچ-ئامانلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش

## كۇچا ناھىيە ئاساسىي قاتلام ئاممىسىغا مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 7 ـ نۆۋەتلىك 9 ـ قېتىملىق ئومۇمىي ھەيئەتلەر (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىنىڭ روھىنى تەشۋىق قىلىش تېزىسى (قىسقارتىلمىسى)

گو جيەنمىن

(ج ك پ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، كۇچا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى)

مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمەت يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك 9 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولسا، شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئامانلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشى، ئېچىلىشى، تەرەققىياتى ئۈچۈن چوڭ تارىخىي پۇرسەتلەرنى يارىتىپ بەردى. ئاپتونوم رايوننىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك 9 ـ قېتىملىق يىغىنى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كادىر ـ ئاممىنىڭ ئىلمىي تەرەققىياتنى، ئەبەدىي ئامانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتەك قەيسەر ئىشەنچىسى ۋە مۇستەھكەم ئىرادىسىنى ئۇيۇشتۇردى.

مەن كۇچا ناھىيەلىك پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمەت يىغىنى، ئاپتونوم رايوننىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك 9 ـ قېتىملىق يىغىنىنىڭ روھى بويىچە سۆز قىلماقچى. كۆپچىلىكنىڭ ئۆگىنىشىگە ياردەم بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن سۆزلىمەكچى بولغان مەزمۇن تۆۋەندىكى بەش بۆلەك مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمەت سۆھبەت يىغىنىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش.

2) ھالقىش خاراكتېرلىك تەرەققىياتنى ۋە ئەبەدىي ئامانلىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

3) يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ۋەزىيەتنى تونۇپ، پەرقنى تېپىپ چىقىپ، ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئامانلىقتىن ئىبارەت مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش.

4) يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ۋەزىيەتنى تونۇپ، ناھىيەمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ، ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئامانلىقتىن ئىبارەت ئۇلۇغ بۇرچنى كۈچەيتىش.

5) خىزمەت ئوي ـ پىكرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خىزمەت نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۇچانىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئامانلىقىنى يېڭى تارىخىي نۇقتا ئۈستىدە تۇرۇپ ئويلىنىش ۋە پىلانلاش لازىم.

1. مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىش.

بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېچىلغان مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمەت سۆھبەت يىغىنى دۆلىتىمىزنىڭ ھالىلىق سەۋىيەگە قەدەم قويۇشىنىڭ ھالقىلىق پەيتىدە، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقى يېڭى بىر ۋەزىيەتكە جەڭ ئېلان قىلغان پەيتتە ئېچىلغان بىر قېتىملىق ئابىدە ئەھمىيەتلىك مۇھىم يىغىن بولدى. «ئابىدە» ئەھمىيەتلىك دېگىنىمىز، بۇ قېتىملىق يىغىن شىنجاڭ تارىخىدا كۆرۈلمىگەن، شىنجاڭنىڭ ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش ۋە ھازىرقى زامان تەرەققىياتىنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىنلىكى ھەم ئالدى ـ كەينىدە ئەھمىيىتى زور، دېگەنلىك. مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمەت سۆھبەت يىغىنى شىنجاڭنىڭ خىزمىتىنىڭ ئالاھىدە خاراكتېرلىكىنى ۋە ئالاھىدە ئورنىنى بەلگىلەيدۇ...

2. ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئامانلىق نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىي تەرەققىيات يولىغا ماس بولغان يولدا چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، سىياسىي قۇرۇلۇشى، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، جەمئىيەت قۇرۇلۇشى، ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كەڭ كۆلەمدە ئىلگىرى سۈرۈپ، 2015 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كىشى

بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈش. شەھەر، يېزا ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمى ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاممىۋى مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى شەرقىي رايوننىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىگە يەتكۈزۈش. ئاساسىي ئۇسكۈنىلەرنىڭ شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاش. ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈش. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆرۈنەرلىك كۈچەيتىش. جەمئىيەت ئامانلىقىنى كۆرۈنەرلىك مۇستەھكەملەش. 2020 ـ يىلىغىچە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى رايونلارنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش. خەلقنى بېيىتىش، ئېكولوگىيە مۇھىتىنى ياخشىلاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىش، جەمئىيەت مۇقىم بولۇش، چېگرانى مۇستەھكەملەش، مەدەنىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇلۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىشانىنى كاپالەتلەندۈرۈش لازىم...

خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا كاپالەتلىك قىلىشقا كۈچ چىقىرىش، شەھەر ـ يېزا خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تېزلىتىش.

مەركەزنىڭ شىنجاڭغا سالغان مەبلىغى ۋە ئۆلكە، شەھەرلەر ياردەم قىلغان مەبلەغنى نۇقتىلىق قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىش لازىم. (ناھىيەمىزگە ياردەم قىلىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەر جېجياڭ ئۆلكىسى نىڭبو شەھىرى) بايلىق مەنبەسىدىن ئېلىنغان باج قاتارلىق تەرەپلەردە ئىسلاھات قىلىپ، ئاشۇرۇلغان بايلىقلارمۇ نۇقتىلىق قىلىپ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلدۇ... ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تېخىمۇ كۆپ خىزمەت ئورۇنلىرىنى بەرپا قىلىش... يېزىدىكى تۆۋەن كىرىملىك ئائىلىلەرگە ياردەم بېرىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ، 2020 ـ يىلىغىچە نامراتلىقنى يوقىتىش. شەھەر ـ بازارلارنىڭ ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت ئاساسىي ئۇسكۈنىلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە مەدەنىيەت ئورۇنلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش، مەدەنىيەتنى ئاممىغا يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى داۋاملاشتۇرۇش، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى رەڭگارەڭ قىلىپ، ساغلام روھلۇق بولغان مەنىۋى مەدەنىيەتلىك تۇرمۇشنى بەرپا قىلىش.

بىرىنچى، شەھەر ـ يېزا ئۆي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش.

ئىككىنچى، زور كۈچ بىلەن مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

ئۈچىنچى، داۋالاش ـ ساقلىقنى ساقلاش مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش.

تۆتىنچى، ئىشقا ئورۇنلىشىش سىياسىتىنى ئاكتىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

بەشىنچى، ئىجتىمائىي كاپالەتلىك قىلىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش.

ئالتىنچى، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش.

يەتتىنچى، نامراتلارنى يۆلەش، ئېچىش كۈچىنى كۈچەيتىش.

يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قەتئىي قوغداش.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بولسا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ھاياتلىق لىنىيەسى، شىنجاڭ خىزمىتىنى ئىشلەشنىڭ مۇھىم كاپالىتى. شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي ئامانلىقىنى قەتئىي قوغداش، ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئامانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى.

بىرىنچى، پارتىيەنىڭ مىللەت سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ھەر مىللەت كادىر ـ ئاممىسىنى جۇڭخۇا مىللىتى بولسا، كۆپ ئامىلنىڭ بىرلىشىشىدىن تۈزۈلگەن ۋەزىيەتنى تونۇپ يېتىشكە يېتەكلەش لازىم.

ئىككىنچى، پارتىيەنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش. پارتىيەنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئەركىنلىك سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش. قانۇن بويىچە دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش.

ئۈچىنچى، جەمئىيەت ئامانلىقى خىزمىتىنى قوغداشنى ياخشى ئىشلەش لازىم.

3. يىغىننىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ۋەزىيەتنى تونۇپ، پەرقىنى تېپىپ، مەھكەم بىرلەشتۈرۈش، ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئامانلىق تۆھپىسىنى كۈچەيتىش.

... نۆۋەتتە، ناھىيەمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان. سانائەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ؛ غوللۇق كارخانىلار كۆپ ئەمەس، ھالقىما تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ تىرەش كۈچى كەمچىل؛ دېھقانلارنىڭ كىرىم يوللىرى كەڭ ئەمەس، مۇقىم ئەمەس؛ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتلىرى تولۇق ئەمەس؛ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە ئىشلىرى ئاممىنىڭ تەلىپىدىن خېلىلا يىراق؛ مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش ۋەزىيىتى يەنىلا مۇرەككەپ ۋە كەسكىن... پۈتكۈل ناھىيەمىزدىكى رەھبىرىي كادىرلار مەسئۇلىيەت تۆھپىسىنى كۈچەيتىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تىرىشىپ

كۈرەش قىلىپ، مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمەت يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايوندا ئېچىلغان يىغىننىڭ روھىنى ياخشى ئۆگىنىپ ۋە ئەمەلىيلەشتۇرۇپ، ئەبەدىي ئامانلىقنى پۇختىلاپ، پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن باي، مەدەنىيەتلىك، ئىناق كۇچا بەرپا قىلىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز لازىم.

4. يىغىننىڭ روھىنى ۋە ۋەزىيەتنى تونۇپ يېتىپ، ناھىيەمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى بىرلەشتۇرۇپ، ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئامانلىقتىن ئىبارەت بۈرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتىش لازىم.

كۇچا ئاپتونوم رايون ۋە ۋىلايەتنىڭ نۇقتىلىق تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئوبيېكتى بولۇپ، ناھىيەمىزدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مۇقىملىق، ۋە تەرەققىياتقا بولغان تەلىپى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىنمۇ كۈچلۈك. ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئامانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش تۇيغۇسى تولۇپ تاشقان. ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئامانلىقتا بىزنىڭ بېسىمىمىز سەل چوڭ، لېكىن يېتەرلىك ئەۋزەللىكىمىزمۇ مەۋجۇت.

بىرىنچىدىن، سىياسىي ئەۋزەللىك، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر خىل ئېتىبار سىياسەتلىرىنىڭ مەيدانغا چىقىشى، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، كۈچى زور بولغان نىڭبو شەھىرى ۋە جۇڭگو ئېلېكتىر گۇرۇھىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى ناھىيەمىزنىڭ ھالقىما تەرەققىياتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ بەردى.

ئىككىنچىدىن، رايون ئەۋزەللىكى، ناھىيەمىز جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مۇھىم قاتناش بازىسى، جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە شىمالىي شىنجاڭنى تۇتاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم قاتناش لىنىيەسى.

ئۈچىنچىدىن، مەنبە ئەۋزەللىكى، ناھىيەمىزنىڭ سۇ، تۇپراق، نۇر، ئىسسىقلىق مەنبەسى مول. نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر، ئېلېكتىر ئېنېرگىيە بايلىقمۇ مول. ئۇنىڭدىن باشقا كان بايلىقنىڭ ساقلىنىشى كۆرۈنەرلىك.

تۆتىنچىدىن، كەسىپ ئەۋزەللىكى، كۆپ يىللىق تەرەققىيات ئارقىلىق ماي ئىشلەپچىقىرىش، سانائەت، كۆمۈر قېزىش، كوكس كۆمۈر، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، ئېلېكتىر كۈچى قاتارلىق تۆۋرۈكلۈك زامانىۋى كەسىپلەر سىستېمىسى شەكىللەندى.

بەشىنچىدىن، ئاساسىي ئەۋزەللىك، ئىسلاھات - ئېچىۋېتىلگەن 30 يىلدىن بۇيان، ناھىيەمىزنىڭ ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، جەمئىيەت ئالغا باسقان، كىشىلەر ئامانلىقنى ئويلايدىغان ۋە قوللايدىغان ئاساسىي ئۇسكۇنىلەر بارغانسېرى مۇكەممەللەشتۇرۇلدى. ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئامانلىقنىڭ شەرتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ھازىرلاندى.

ئالتىنچىدىن، تەبىئىي مۇھىت ئەۋزەللىكى، رايونىمىز دۇنياغا داڭلىق كۇسەن مەدەنىيىتىنى تارقاتقان ئورۇن. شىنجاڭدىكى تۆت چوڭ ساياھەت ناھىيەسىنىڭ بىرى.

5. خىزمەت ئويىنى مۇكەممەللەشتۇرۇش، نىشان ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، يېڭى بىر تارىخىي نۇقتىدا تۇرۇپ، كۇچانىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئامانلىقنى ئويلاش ۋە پىلانلاش.

بىرىنچى، يېڭى سانائەتلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش. سانائەتتە كۈچلۈك ناھىيە بەرپا قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتەك ئىستراتېگىيەنى چۆرىدىگەن ھالدا بىر قولدا مەھسۇلاتنىڭ تۆۋرۈكلۈك ئەۋزەللىكنى چىڭ تۇتۇپ، يەنە بىر قولدا يېڭى مەھسۇلاتلارنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى يېتىلدۈرۈش. بايلىق ئەۋزەللىكىنىڭ ئايلىنىش قەدىمىنى تېزلىتىش. مەھسۇلاتنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىنى ئۆستۈرۈش. سانائەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش…

ئىككىنچى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەرەققىي قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش.

ئۈچىنچى، ئۈچىنچى كەسىپنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش. مەركىزىي شەھەر، رايونلارنى قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا شەھەر قۇرۇلۇشىدا كۆرۈنەرلىك ناھىيە ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش. شەھەرلەرنىڭ ئاساسىي ئۈسكۈنە قۇرۇلۇشىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. ناھىيەمىزنىڭ شەھەرلىشىش قەدىمىنى تېزلىتىش… «كۇسەن مەدەنىيىتى»دىن ئىبارەت داڭلىق ماركىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش. كۇچانى تىرىشىپ مەدەنىيەت بازىرى تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت كەسپلىرى گۈللەنگەن، مەدەنىيەت مەھسۇلاتلىرى تېز تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەت ئاساسىي ئۈسكۈنىلىرى مۇكەممەللەشكەن مەدەنىيەتلىك سەنئەت يېزىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش. كۇچانى دۆلەتنىڭ ئىچكى - سىرتىغا داڭلىق ساياھەت بازىسى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا، ساياھەت جەھەتتە يېتەكلەش ناھىيە ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش. تېز سۈرئەتتە كۇسەن مەدەنىيەت بايلىق ئەۋزەللىكى ئالاھىدىلىكگە ئىگە ساياھەت بايلىق ئەۋزەللىكگە ئايلاندۇرۇش. ساياھەت كەسپىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش.

تۆتىنچى، ئاساسىي ئۈسكۈنىلەرنىڭ قۇرۇلۇشىنى

كۆچەيتىش. سۇ قۇرۇلۇشى، قاتناش، ئېلېكتىر، تېلېگراف ئۇسكۇنىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى، شەھەر ئەخلەتلىرى، مەينەت سۇلارنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئۇقتىلىق چىڭ تۇتۇپ بىر تەرەپ قىلغان ھالدا، مەركەزنىڭ شىنجاڭغا مەبلەغ سېلىش پۇرستىنى چىڭ تۇتۇپ، ھالقىما تەرەققىيات ۋە داۋاملىق تەرەققىي قىلىشنى ئىرىشىپ كۆچەيتىش.

بەشىنچى، ئېكولوگىيە مۇھىت قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىش. مۇھىتنى ئاسراش ئۇقۇمىنى مەھكەم تىكلەش. قۇياش ئېنېرگىيەسى، يېزا پاتقاق گازى قۇرۇلۇشى قاتارلىق مۇھىت ئاسراش تۈرلىرىنى ئاكتىپ كېڭەيتىش. «كۆك ئاسمان» قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئەمەلىيلەشتۈرۈش. شەھەر مۇھىتىنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش...

6. خەلق تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۆزگەرتىش.

خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم نىشانى قىلىش كېرەك. مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىككى ئاساسنىڭ نەتىجىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپنى مۇۋاپىق تەڭشەپ ئورۇنلاشتۇرۇش. ھەرخىل ئىشقا تونۇشتۇرۇش، ياردەم بېرىش سىياسىتىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئەمەلىيلەشتۈرۈش. سەھىيە، ساقلىقنى ساقلاش ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، بازار ئاھالىسىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنى، ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش تۈزۈملىرىنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، يېزا (بازار) لاردىكى تۆۋەن تۇرمۇش سەۋىيەسىدىكى ياشانغانلارنى بېقىش، يېزا (بازار) ئاھالىسىنىڭ ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى ۋە كونا ئۆينى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش. يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈنۈمىگە كاپالەتلىك قىلىش.

7. ئۆرنەكلەرنى كۆچەيتىش تەدبىرىنى بەرپا قىلىپ، مۇقىملىقتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش.

«ئىش بولسىمۇ، ئىش بولمىسىمۇ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش؛ چوڭ ئىش بولسىمۇ، كىچىك ئىش بولسىمۇ چوڭ ئىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىش؛ ئىشنىڭ يۈز بەرمەسلىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش؛ بىزنىڭ تەييارلىقىمىز بولماسلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش»تەك ئىدىيەنى مەھكەم تىكلەش. مۇقىملىقنى بوشاتماي، تەربىيەنى كۆچەيتىش، زەربە بېرىشتە يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقنى داۋاملاشتۇرۇش. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆچەيتىش خىزمىتىنى ئەبەدىي ئامانلىقنىڭ كاپالىتىگە ئايلاندۇرۇش... مەدەنىيەت بازىرىنى باشقۇرۇش، تەرتىپكە سېلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش.

ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات بۇيۇملىرىنىڭ تارقىلىشنى چەكلەش. كەڭ نەزەرىمىز بىلەن دىنىي مەسىلىلەرنى باشقۇرۇشقا نەزەر سېلىش. دىنىي ئىشلارنى باشقۇرۇش تەدبىرلىرىنى ئەتتىق قىلىش. دىنىي ئىشلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش.

سەككىزىنچى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يېڭىلىماق ۋە كۆچەيتمەك، يېڭىلىق يارىتىش روھى بىلەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىش ۋە ئىسلاھات قىلىش.

پارتىيەنىڭ ئىدىيە قۇرۇلۇشى، تەشكىلات قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشى، تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش. پارتىيەنىڭ ئاساسىي تەشكىلات قۇرۇلۇشى، رەھبىرىي بەنزە قۇرۇلۇشى، رەھبىرىي قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۆچەيتىش. پارتكومنىڭ يادرولۇق رەھبەرلىك رولىنى، ئاساسىي پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ جەڭگىۋارلىق رولىنى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مۇنەۋۋەرلىك، باشلامچىلىق رولىنى، ئاۋانگارتلىق رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ھالقىما تەرەققىيات ۋە ئەبەدىي ئامانلىق ئۈچۈن كۈچلۈك بولغان سىياسىي ۋە تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش.

مەركەزنىڭ شىنجاڭ خىزمەت سۆھبەت يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ 7 - نۆۋەتلىك 9 - قېتىملىق (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى يېڭى ۋەزىيەتتە شىنجاڭنىڭ ھالقىما تەرەققىياتى ۋە ئەبەدىي ئامانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى ھەم كەڭ ۋە مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى قارار قىلدى. شىنجاڭنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قۇرۇلۇشى، ئېچىلىشى، تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن بىر پارچە گۈزەل رەسىمنى سىزىپ چىقتى. مىسلى كۆرۈلۈپ باقمىغان تارىخىي پۇرسەتلەرنى بەرپا قىلدى. يېڭى نۇقتىدا تۇرۇپ، يېڭى ھالقىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش بىزنىڭ زىممىمىزدىكى بۇرچىمىز، شەرەپلىك مەسئۇلىيىتىمىز. ناھىيەمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك كادىر - ئامما «ساداقەتمەن بولۇش، ئىتتىپاقلىشىش، ئالغا ئىلگىرىلەش، ئىگىلىك تىكلەش»تەك كۈچا روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىر - ئاممىسىنىڭ گۈزەل ئائىلە قۇرۇپ چىقىشتىكى ئاكتىپلىقىنى، تەشەببۇسكارلىقىنى ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى قوزغاپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېڭى جەڭنى قارشى ئېلىپ، پۇتكۈل دىققەت بىلەن تەرەققىياتنى پىلانلاپ، مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتەك كەيپىياتنى شەكىللەندۈرۈپ، كۇچانىڭ ھالقىما تەرەققىياتى، ئەبەدىي ئامانلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تىرىشايلى.



# كۈسەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىر كۆرۈنۈشلىرى

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

ئۇسسۇللۇق تىياتىر كۆرۈنۈشلىرى كۈسەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە گەۋدىلەنگەن يەنە بىر مۇھىم سەنئەت دۇردانىسىدۇر. تام ـ تورۇسلىرى ئالا قويماي رەڭدار رەسىملەر بىلەن قاپلانغان مىڭئۆي تام ـ تورۇسلىرىدا دىراماتىك مەزمۇندىكى مەسخىرىۋازلىق، ھەر خىل مەزمۇندىكى قىزىقچىلىق، پانتومىما (ئاۋازسىز تىياتىرلىق ھەرىكەت)لىق كۆرۈنۈشلىرىمۇ ساقلىنىپ قالغان.

بىزگە مەلۇمكى، تىياتىرلىق كۆرۈنۈشلەر دىيارىمىزدىكى ئۈۋچىلىق تۇرمۇشى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن سەككىز ـ ئون مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە قىيا تاش رەسىملىرىدە① ناھايىتى ئەينەن نامايان بولۇپلا قالماي، بەلكى قەدىمكى شەھەر ـ قەلئە خارابىلىرى بىلەن قېلىپلاشقان قىياپەتلەردە نامايان بولدى. ھەتتا مىلادىيە 1 ـ، 3 ـ ئەسىرلەردە دىيارىمىزدا يېزىلىپ ياكى ئىجادىي تەرجىمە قىلىنىپ ئوينالغان تىياتىر يازما يادىكارلىقلىرىمۇ تېپىلدى②.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، خوتەننىڭ يوتقان قەدىمكى شەھەر خارابىسىدىن تېپىلغان مىلادىيە 1 ـ ئەسىرگە تەۋە كومېدىيەلىك ئادەم قىياپەتلىرى، قىزىقچىلار كۆرۈنۈشى بىلەن قارا شەھەر شورچۇق مىڭئۆيلىرى خارابىسىدىن چىققان كومېدىيەلىك قاپارتما ئادەم بېشى، فىگورىلىرى (ھەتتا بەزى ساپال ھەيكەللەر يالىڭاچ قىياپەتتە ياسالغان) تىياتىر چۈشەنچىسى ۋە پائالىيىتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسىتىدۇ. فاشيەن (法显) ۋە شۈەنزاڭنىڭ ساياھەت خاتىرىسى بىلەن لوپنۇر رايونىدىن تېپىلغان قول يازمىلارنىڭ ئۇچۇر بېرىشىچە، خوتەن، كروران، لوپنۇر، كۈسەنلەردە داغدۇغىلىق «بۇت يۆتكەش مۇراسىمى»، «بۇت يۇيۇش مۇراسىمى» پائالىيەتلىرى بولغان. بۇلار ئۆز تەركىبىگە تىياتىر سەنئىتى مەزمۇنلىرىنى ئالغان. قۇمۇلدىن ۋە كۈسەندىن تېپىلغان «مايتىرى سىمىت» تىياتىر كىتابى كۆپ پەردىلىك بۇددا تىياتىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسىغا ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئوينالغانلىقىنى دەلىللەپلا قالماستىن، بەلكى كۇچا ۋە تۇرپانلاردىن تېپىلغان «نانداكارىتا»، «سارىپۇترا»، «شاھزادىنىڭ بۇددىزم يولىدا يېتىلىشى» قاتارلىق بىرقانچە بۇددىزم تىياتىر ئارگىناللىرىمۇ بىزگە ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ ئۇزاق ئۆتمۈشىدىن دالالەت بېرىدۇ. جۇڭگو ئىلىم ـ پەن ئالىملىرى بىلەن باشقا تارىخىي مەنبەلەردە ئەينى زاماندا سېرىكچىلىك، دارۋازچىلىق، قىزىقچىلىق ئويۇنلىرى، نىقابلىق (大面具) تىياتىرلار، مەسىلەن: «باتۇر»، (拔头)، سۇمۇز (苏莫者) قاتارلىق تىياتىرلار دىيارىمىزدىن ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىپ قويۇلغانلىقى، بۇ ئويۇنلارنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىنغانلىقى، ھەتتا ياپونىيەگە تارقالغانلىقى يېزىلغان③، بىز كۈسەن مىڭئۆيلىرىگە سىزىلغان «بۇددانىڭ يارالمىش ھېكايىلىرى»دە كۆپلىگەن دىراماتىك سۇژېتلارنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ تراگېدىيەلىك، كومېدىيەلىك ژانىرلىرى كۆزگە روشەن تاشلىنىدۇ.

دىيارىمىزدا كەڭ تارقالغان خەلق داستانلىرى، مۇقاملارنىڭ داستان قىسمى، كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى داستانچىلىق ژانىرى، ھەتتا «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ كومپوزىتسىيەلىك تۈزۈلمىسىمۇ تىياتىرلىق خۇسۇسىيەتنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ياپونىيە ئوتانى ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى كۇچا سۇ



بېشىدىن ئېلىپ كەتكەن جەسەت كۆلى قۇتىسى سىرتىغا سىزىلغان تىياتىرلىق كۆرۈنۈش كۇسەندىلا ئەمەس، پۈتۈن قەدىمكى شىنجاڭدا تىياتىرلىق كۆرۈنۈشلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. بۇ رەسىملەردە كۇسەن كىشىلىرى قىياپىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپلا قالماستىن، يەنە هايۋان شەكلىدە گىرىم قىلىنغان «نىقابلانغان» ئاكتيورلارمۇ كۆرۈنىدۇ. بۇ خىل كىيىنىش ۋە گىرىملار كۈچلۈك كومېدىيەلىك هالەت پەيدا قىلغان. كۇسەن تىياتىرلىرىغا ئالاقىدار تارىخىي مەنبەلەردە يېڭى يىل كىرگەندە ئات، كالا، تۆگە سوقۇشتۇرۇپ ئويۇن ئوينىغانلىقى، كۆزدە بېشى ئىتقا، يۈزى مايمۇنغا ئوخشايدىغان گىرىم قىلغان «ۋۇرۇچ» (波罗遮) ئويۇنى ئوينىتىلىدىغانلىقى، بۇنىڭدىن باشقا، توسۇ (透索) ياكى ۋۇسۇ (握槊) ناملىق ئويۇننىڭ بولىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن كېيىن شۇاڭلۇ (双陆) دېگەن شاھماتتەك ئويۇنغا ئايلىنىپ كەتكەنلىكى يېزىلغان④.

تۆۋەندە كۇسەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىر كۆرۈنۈشلىرى ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ھەققىدە توختىلىمىز.

ئۇسسۇللۇق تىياتىر باتۇر

قىزىل مىڭئۆينىڭ 163 ـ ھۇجرا تېمىدا قەدىمكى كۇسەننىڭ داڭلىق ئۇسسۇللۇق تىياتىرى «باتۇر» ئويۇننىڭ كۆرۈنۈشى بېرىلگەن بولۇپ، باتۇر ئاتلىق يىگىتنىڭ يولۋاس بىلەن ئېلىشىش ۋە ئۇنى تىز پۈكتۈرۈش جەريانىنى ئۇسسۇللۇق ئىپادىلىگەن ھالىتى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن.

جۇجىڭباۋ «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۇسسۇللىرى» (周菁葆《唐代新疆舞》) ناملىق ماقالىسىدە «باتۇر» ناملىق تىياتىر ھەققىدە توختىلىپ: «‹باتۇر› تىياتىرىدا ئاساسلىقى ‹بىر ئادەم يولۋاس تەرىپىدىن زەخىملەندۈرۈلىدۇ›، شۇڭا ‹ئۇنىڭ ئوغلى يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ›غانلىقى ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. بۇ ئۇسسۇللۇق تىياتىردا بىر ئۇيغۇر يىگىت ۋە ۋەھشىي يولۋاس ئاساسلىق پېرسوناژ ھېسابلىنىدۇ. يىگىت ھەر خىل ئۇسسۇل قىياپەتلىرى (يەنى ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەر) ئارقىلىق يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي تېمىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. بۇ ئۇسسۇل ئادەتتىكى ئۇسسۇل بولماستىن، بەلكى ئالاھىدە ماھارەت بىلەن ئورۇنلىنىدىغان ئۇسسۇللۇق تىياتىردىن ئىبارەت. تىياتىردىكى ۋەھشىي يولۋاس ئوبرازىنى غەربىي يۇرتلۇقلار(ئۇيغۇرلار) گىرىم ۋە نىقابلار بىلەن ئويناپ چىقىدۇ. بۇ كېيىنكى دەۋرلەردە پەيدا بولغان تىياتىرلارنىڭ گىرىم ۋە نىقابلىرىغا مەلۇم تەسىرلەرنىمۇ كۆرسەتكەن...

«باتۇر» تىياتىرىنىڭ ۋەقەلىكى باي قىزىل مىڭئۆينىڭ 163 ـ نومۇرلۇق ھۇجرا ئۆي تام رەسىملىرىدە بار، بۇ يەنە دۇنخۇاڭ مىڭئۆينىڭ 254 ـ ھۇجرىسىدىكى يارالمىش قىسسىلىرى ھېكايىسى ئىچىدە «ماھاساتۋىنىڭ يولۋاسقا يەم بولۇشى»نىڭ مەزمۇنى بىلەن ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدۇ. ئېھتىمال «باتۇر»دىن ئىبارەت بۇ ئۇسسۇللۇق تىياتىر تام رەسىملىرىدە ئەكس ئەتكۈزۈلگەن ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ ئىجاد قىلىنغان بولسا كېرەك. قىزىل مىڭئۆي تام رەسىمىدىكى «باتۇر» تىياتىر ئويۇنى بۇ ئويۇننىڭ شىنجاڭدا پەيدا بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان كۈچلۈك دەلىل ـ ئىسپات بىلەن تەمىن ئېتىدۇ»⑤ دەپ يازىدۇ.

ئۇسسۇللۇق تىياتىر «باتۇر» — دىيارىمىز ناخشا ـ ئۇسسۇل، تىياتىر سەنئىتىنىڭ بۆشۈكى ۋە ئاساسلىق بۆلىقى سانالغان كۈچا (كۇسەن) دىياردا پەيدا بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرىنىڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن بىرى. بۇ ئۇسسۇللۇق تىياتىرغا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ سەھنە سەنئىتى ئالاھىدىلىكى سىڭدۈرۈلگەن، مۇزىكىلىق ئۇسسۇل سەنئىتى ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنغان، مەزمۇن ۋە شەكىللىرى، جۈملىدىن ئورۇنلاش ماھارىتى رەسمىي ئۇسسۇللۇق تىياتىر سەنئىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەينەن ئەكس ئەتكۈزۈلگەن (ۋەقەلىك قىلىنغان) قەدىمكى ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.

قەدىمكى كۇسەن خەلقىنىڭ بۇ داڭلىق قەدىمىي ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئويۇنى ھەققىدە سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن بۇيانقى خەنزۇچە تارىخنامىلەردە مۇھىم خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان ھەم بۇ ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ ئەسلى نامىمۇ ئۇيغۇرچە ئاھاڭ تەرجىمىسى بويىچە «باتۇر» (拔豆，钵头，拔头) دەپ يېزىلىپ كەلگەن.

(1) سۈي، تاڭ دەۋرلىرىدىكى ۋەقەلىكلەر خاتىرىلەنگەن نوپۇزلۇق تارىخىي ئەسەر «قانۇنلار قامۇسى» (通典) نىڭ 146 ـ جىلدىدا: «‹باتۇر› ناملىق ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئويۇنى غەربىي دىياردا پەيدا بولغان، ئويۇندا ئۇيغۇر يىگىتى ۋەھشىي ھايۋان يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ چىقىدۇ . ئاخىرىدا دادىسىنى ئۆلتۈرگەن يولۋاسنى تېپىپ ۋە ئۇنى باتۇرلۇق بىلەن باش ئەگدۈرۈپ دادىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىدۇ. ۋەقەلىك ئۇسسۇل بىلەن ئىپادىلىنىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن. مانا بۇنىڭدىن مەلۇمكى، بىرىنچىدىن، «باتۇر» ناملىق ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئويۇنى دىيارىمىزدا پەيدا بولغان. ئىككىنچىدىن، ۋەقەلىكنىڭ باش ـ ئاخىرى

ۋە سەۋەب ـ نەتىجىسى بولغان، باتۇر يىگىت، دادىسى ۋە بۇ ۋەھشىي يولۋاس قاتارلىقلار مەخسۇس رولچىلار (ئاكتىيورلار) تەرىپىدىن ئۇسسۇللۇق رەۋىشتە ئوبرازلىق ئېلىپ چىقىلغان ھەممە ۋەقەلىكنىڭ راۋاجى، باغلىنىشى ۋە سەھنە ماھارىتى قاتارلىقلار ئۇسسۇللۇق تىياتىرنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمىنى ھازىرلىغان. ئۈچىنچىدىن، ئۇسسۇلنى ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىپ، پۈتۈن ۋەقەلىكنى ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادىلىگەن، ۋەقەلىكنىڭ يادروسى ۋەھشىي يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ دادىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىشقا مەركەزلەشكەن.

(2) «نەغمە ـ ناۋا مەھكىمىسى خاتىرىلىرى، ناغرا ـ دۇمباق قىسمى» (乐府杂录 鼓架) دا: ««باتۇر» ئويۇنى غەربىي دىياردىن تارقىلىپ كىرگەن. ئويۇندا رول ئالغۇچى باتۇرنىڭ دادىسىنى تاغدا ۋەھشىي يولۋاس يارىلاندۇرۇپ قويىدۇ، باتۇر تاغمۇتاغ يۈرۈپ دادىسىنىڭ جەسىتىنى ئىزدەيدۇ، سەككىز تاغدىن ئۆتۈش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئەگرى ـ توقايلىق يوللارنى كېزىدۇ، باتۇرنىڭ رولىنى ئالغان ئويغۇر يىگىت كەيپىياتى تۆۋەن، كۆڭلى پاراكەندە، چاچلىرى چۇۋۇلغان، ھارغىن، ماغدۇرسىز ھەم مۇسىبەتلىك قىياپەتتە سەھنىدە ئۇسسۇللۇق ماھارەت كۆرسىتىدۇ...» دەپ خاتىرىلەنگەن.

(3) تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر جاڭ خۇ «رۇڭ ئېر باتۇر» «容儿鉢头» (张祜)» ناملىق شېئىرىدا: «تاغمۇ تاغلار كېزەر باتۇر يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ، ئىزدىگەندەك دادىسىنى سەككىز تاغ ـ داۋان ئېشىپ، ئۆگىنىپتۇ رۇڭ ئېر قىز ‹باتۇر› دېگەن ئويۇننى، ئالقىش ـ چاۋاك ياڭرىتار كۆرگەندە خالايىق بۇ ئويۇننى» دەپ، «باتۇر» ناملىق ئۇسسۇللۇق ئويۇننىڭ قىسقىچە جەريانىنى تەسۋىرلىگەن. شېئىرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، باتۇر ئويۇنى تاڭ دەۋرىدىكى بىر خىل مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق تىياتىر شەكلىدە ئوينىلىدىغان ھەم كەسپىي ئارتىسلار (مەخسۇس تىياتىرچىلار) تەرىپىدىن ئورۇنلىنىدىغان مۇقىم نومۇر بولغان. رۇڭ ئېرغا ئوخشاش ھەۋەسكارلار مەخسۇس ئۆگىنىدىغان، سەھنىدىكى كۆرۈنۈشلەر ۋە ئوبرازلارنىڭ مەخسۇس تەربىيەلەنگەنلەر رول ئالىدىغان، ئۇسسۇل ـ نەغمە شەكىللىرى مۇقىملاشقان تىياتىر بولۇپ قالغانلىقى مەلۇم.

(4). مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن شۆچاۋشۈەن يازغان «ساماۋى قەسىر سىرتىدىكى تارىخ ـ تەزكىرە غەيرىيەتلىرى»‹天香楼外史志异›(薛朝选) نىڭ 6 ـ جىلدىدا: «‹باتۇر› ئويۇنى ئۇسسۇل بىلەن ئورۇنلىنىدۇ. غەربىي دىيارلىق ئويغۇر بوۋاي تاغدا ۋەھشىي يولۋاس تەرىپىدىن يارىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوغلى دادىسىنى ئىزدەش جەريانىدا يولۋاسنى ئۆلتۈرۈپ، دادىسىنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇسسۇل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. ۋەھشىي يولۋاس ئوبرازى نىقابلىق كۆرۈنىدۇ، باتۇر كىيىم ـ كېچەكلىرى يىرتىلغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان، مۇسىبەت قايغۇسى ئىچىدە كۆڭلى پاراكەندە ھالەتتە رول ئالىدۇ...» دەپ خاتىرىلەنگەن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، شاڭ دانىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيىتى» (向达《唐代长安与西域文明》) دېگەن ئەسىرىدە، ۋاڭ گوۋېينىڭ «سۇڭ، يۈەن دەۋرلىرىدىكى تىياتىر ھەققىدە مۇھاكىمە» (王国维《宋元戏曲》) ۋە رېڭ بەنتاڭنىڭ «تاڭ دەۋرىدىكى تىياتىر ـ ئويۇنلار» (任半糖《糖戏》) دېگەن ئەسىرىدىمۇ «باتۇر» ناملىق ئۇسسۇللۇق تىياتىر ئويۇنى ھەققىدە توختالغان. تەتقىقاتلارغا قارىغاندا، «باتۇر» ئاتالغۇسى خەنزۇچە ئاھاڭ تەلەپپۇزىدىكى ھەر خىل ئاھاڭ (خەت) شەكلى بولۇپ، ئېھتىمال ئەسەردىكى باش پېرسوناژلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بۇ ئويۇننىڭ ئىسمى ئورنىدا ئىستېمال قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئويۇن كۆچا خانلىقىدا ناھايىتى قەدىمكى ۋاقىتلاردا پەيدا بولۇپ، كۆپ ئەسىرلەر جەريانىدا ئوخشىمىغان خەلقلەر ۋە مىللەتلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئويۇننىڭ ئەسلىي مەزمۇنىنى ساقلاپ قالغان ئاساستا ئۇنىڭغا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر كىرگۈزۈلگەن، ھەتتا بىرنەچچە ۋارىيانتىمۇ تەقلىدىي ئىجاد قىلىنغان. نەتىجىدە بۇ ئويۇن بىرلا ئويۇننىڭ نامى بولماستىن، بەلكى شۇ خىلدىكى ئويۇنلار تۈرىنىڭ ئومۇمىي نامى بولۇپ قالغان.

دېمەك، «باتۇر» ناملىق بۇ ئۇسسۇللۇق تىياتىر كۇسەن سەنئەتكارلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋەقەلىك مەزمۇنى كۇسەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان. ئاكتىيور ـ رولچىلار (يەنى دادىسى، باتۇر ۋە يولۋاس رولىنى ئالغانلار) ئوبرازى بولسا ئەينى زامان كۇسەن ئېلىنىڭ ئاكتىيورلىرىغا لايىق كىيىنگەن ھالەتتە سىزىلغان. بۇ ھال بىزگە قىزىل مىڭئۆيى تېمىغا سىزىلغان بۇ تىياتىرچىلار بىردەك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ رول ئېلىش ماھارىتى بىلەن ئويۇن ـ تىياتىرلىق تامغىلىرىنىڭ بىردەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

2. ئۇسسۇللۇق تىياتىر — يىلان ئوينىتىش

قىزىل مىڭئۆينىڭ 80 ـ ھۇجرا تېمىدا يالىڭاچ (بېشىغا گۈللۈك نەقىشلىك ئالتۇن تاج قاداپ، بوينىغا زىرە ـ مارجانلار ئېسىۋالغان) ھالەتتىكى بىر قىزنىڭ يىلان ئوينىتىپ ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان ئۇسسۇللۇق قىياپىتى بار (24 ـ رەسىمگە قاراڭ). ئۇ نەغمىگە ماسلىشىپ ئالدى ـ كەينىگە مېڭىپ، ئۇسسۇللۇق قىياپەت بىلەن يىلاننى ئوياق ـ بۇياققا

چۆرۈپ، قىزىقارلىق ئويۇن-تىياتىر ئويناۋاتقان ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى كۇسەن خانلىقىدا تىياتىرلىق ئويۇنلار ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سەھنە-سەينالاردا تۈرلۈك ھايۋانلارنى، ئۇچار قۇشلارنى ئۇسسۇلغا سالىدىغان، يىرتقۇچ ھايۋانلارنى دوراپ نىقابلىنىپ، غايەت ۋەھشىيانە تۇستە پانتومىما (ئاۋازسىز تىياتىرلىق ئويۇنلار) ئوينايدىغان قورقۇنچلۇق ھەم قىزىقارلىق ئويۇن-تىياتىرلار ئەۋج ئالغان. قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 80-ھۇجرىسىدىكى يىلان ئوينىتىش كۆرۈنۈشى دەل شۇ ئۇسسۇللۇق ھايۋان ئوينىتىش ئويۇننى ئەكس ئەتكۈزگەن. ئۇ قەدىمكى كۇسەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان تەبىئەتنى، تۇرمۇشنى ۋە قايناق ھاياتنى مەنبە قىلغان تىياتىرلىق ئويۇن بولۇپ، كېيىن بۇددىزم تەرغىباتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقى مەلۇم.



3. ئۇسسۇللۇق تىياتىر — يىلان بىلەن ئېلىشىش

قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 11-ھۇجرا تېمىدا قولىدا كالتەك تۇتقان بىر بالىنىڭ ۋەھشىي يىلان بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقانلىقى، يىلاننى غەزەپ بىلەن كالتەكلەۋاتقانلىقى ۋە ئاخىرىدا يىلاننى ئۆلتۈرۈپ خەتەر ئىچىدە قالغان كىشىنى قۇتقۇزۇۋالغانلىقىدەك تەسىرلىك ۋەقەلىك بايان قىلىنغان بىر ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىق كۆرۈنۈش بار. تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، قەدىمكى كۇسەن خانلىقىدا ئۆتكەن بىر بوۋاي تاغقا ئوتۇن كەسكىلى چىققاندا بىر ۋەھشىي يىلانغا يولۇققان، يىلان ئۇ بوۋاينى چېقىپ ئېغىر يارىلاندۇرغان. بۇ شۇم خەۋەردىن خەۋەر تاپقان نەۋرىسى غەزەپلىنىپ، بوۋىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولۇپ تاغقا چىققان ۋە ۋەھشىي يىلان بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىپ يىلاننى ئۆلتۈرۈپ ئىنتىقام ئالغان. قەدىمكى كۇسەن دراماتورگلىرى بۇ قىسقا، ئەمما تەسىرلىك ۋەقەلىكنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ۋە تىياتىرلاشتۇرۇپ، ئۇسسۇللۇق ئىجرا قىلىدىغان ئۈچ كۆرۈنۈشلۈك تىياتىر قىلىپ ئويناپ چىققان. بىرىنچى كۆرۈنۈشتە، بوۋاينىڭ ئوتۇن كېسىش ئۈچۈن پالتىسىنى ئېلىپ تاغقا ماڭغانلىقى؛ ئىككىنچى كۆرۈنۈشتە، ۋەھشىي يىلانغا يولۇقۇپ، يىلاننىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغانلىقى؛ ئۈچىنچى كۆرۈنۈشتە نەۋرىسىنىڭ كالتەك كۆتۈرۈپ بېرىپ يىلان بىلەن بىر ھازا ھايات-ماماتلىق ئېلىشقانلىقى ۋە ئاخىرىدا يىلاننى ئۆلتۈرۈپ بوۋىسىنىڭ قىساسىنى ئالغانلىقى مەزمۇن قىلىنغان. ۋەقەلىك ۋە ھەرىكەتلەر نەغمىگە ماسلىشىپ ئۇسسۇللۇق ئىجرا قىلىنغان. قەدىمكى كۇسەن رەسساملىرى بارلىق ۋەقەلىكنى بىرلا كۆرۈنۈشكە ئىخچاملاپ، ۋەھشىي يىلان بىلەن ھايات-ماماتلىق جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان بالا ئوبرازىغا يىغىنچاقلىغان. بۇ ئەسلىدە كۇسەن خەلقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئۈچ كۆرۈنۈشلۈك ئۇسسۇللۇق تىياتىر بولسىمۇ، ئەمما ئۇ كېيىنچە بۇددىزم تەرغىباتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇلغانلىقى مەلۇم.



4. تانا ئويناش ئويۇنى

بۇ بىر خىل كومېدىيەلىك تىياتىرلىق خاراكتېر ئالغان قىزىقچىلىق قىلىدىغان ئويۇن بولۇپ، تانىنى پىرقىرىتىپ ئۇنىڭدىن سەكرەپ ئۆتىدىغان ياكى تانىنى ھەر خىل شەكىللەردە ئوينىتىپ ماھارەت كۆرسىتىدىغان قەدىمكى ئويۇن ئىدى. كۇسەننىڭ قەدىمكى تىياتىر ئويۇنلىرىغا ئالاقىدار تارىخىي مەنبەلەردە توسۇ (透索) ھەم ۋۇسۇ (握槊) دەپ ئاتىلىدىغان ئويۇننىڭ بارلىقى قەيت قىلىنغان. بۇ بەلكىم قەدىمكى تانا ئويناش ئويۇننىڭ ئۆزى ياكى شۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان ۋە ياكى ئۆزگەرگەن شەكلى بولسا كېرەك.



سىم-سىم مىڭئۆيىنىڭ 26-ھۇجرىسىدا تانا ئويۇنى ئويناۋاتقان بىر تىياتىرلىق كۆرۈنۈش ساقلىنىپ قالغان. بېشىدىكى شلەپىسى ئۈستىگە نۇر چەمبىرەك، نەقىشلىك ئالتۇن قاداق تاقاپ، قۇلىقىغا يوغان ھالقا، بويىنىغا قات-قات زىرە-مارجانلار ئېسىۋالغان، كۆكرىكىگە بولاپكا

ئېسىپ، بىلىكى ھەم قول بېغىشىغا ھالقا ـ بىلەزۈكلەر تاقاپ، ئېپپەتلىك جايىنى گۈللۈك لىبىتا بىلەن ئورىۋالغان بۇ پەرىزاتنەك چىرايلىق يالىڭاچ قىز مارجان ئۆتكۈزۈلگەن تانىنىڭ ئىككى ئۇچىنى تۇتۇپ، قانداقتۇر بىر خىل قىزىقارلىق تىياتىر ئويۇنى ئويناۋاتقان قىياپەتتە تەسۋىرلەنگەن (26 ـ رەسىمگە قاراڭ). تارىخىي خاتىرىلەردە «ھەر خىل ئويۇنلار» ئاتالغان بۇنداق ئويۇنلار سىرك، تىياتىرلارغا قارىتىلغان بولۇپ، ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئوينالغان. تانا ئويۇنىنى قەدىمدە تىياتىر ئويۇنلىرىغا تەۋە بولۇپ، كۇسەن خانلىقى ئوردا ـ قەسىرلىرىدە ئەسىرمۇئەسىر تاۋلىنىپ، پىشىپ ۋايىغا يەتكەن. سىم ـ سىم مىڭئۆيىدە ساقلىنىپ قالغان بۇ رەسىم كۇسەن تانا ئويۇنىنىڭ ئوبرازلىق بىر نامايەندىسى بولسا كېرەك.

5. چوڭ تىپتىكى مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق تىياتىر ـ سۇمۇز

تام ـ تورۇسلىرى ئالا قويماي رەڭدار تام رەسىملىرى بىلەن قاپلانغان قىزىل، قۇمتۇرا، سىم ـ سىم قاتارلىق مىڭئۆيلەردە قەدىمكى كۇسەننىڭ داڭلىق مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق تىياتىر سىزىلغان سۇمۇزغا دائىر قىسمەن مەلۇماتلار ساقلانغان. مەسىلەن: مەشھۇر «سەنئەت ھۇجرىسى» قىزىل مىڭئۆيى 38 ـ ھۇجرىسىدىكى سۇمۇز ئۇسسۇلى سىياقىدىكى 28 مۇزىكا ـ ئۇسسۇلچى 14 جۈپ سىياقىدا، ھەر جۈپى بىر دائىرە (رامكا) ئىچىگە سىزىلغان. بۇنداق بىر جۈپتىن مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق تىياتىر كۆرۈنۈشى قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 18 ـ، 98 ـ، 100 ـ ھۇجرا تاملىرىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. 100 ـ ھۇجرىغا 51 نەپەر مۇزىكا ـ ئۇسسۇلچى سۇمۇز تىياتىرچىلىرى ئوبرازى سىزىلغان بولسا، قىزىل مىڭئۆيىنىڭ 7 ـ، 9 ـ ھۇجرا تاملىرىغىمۇ شۇ خىلدىكى ئوبرازلار سىزىلغان. بۇلارنىڭ مەزمۇنىنى يىغىنچاقلىسا كوللېكتىپ مۇزىكا ـ ئۇسسۇللۇق تىياتىر بولغان سۇمۇز ئويۇنلىرىنىڭ شەكلى ۋە روشەن تىياتىرلىق مەزمۇنى مەلۇم بولىدۇ. سۇمۇز تىياتىرى ئەسلي كۇچا خانلىقىنىڭ بەدىئي ئىجادىيىتى بولۇپ، نىقابلىق ئىجرا قىلىناتتى ۋە سۇ چېچىپ ئوينايدىغان بىر خىل قىزىقچىلىق ئويۇنى ئىدى. سۇمۇز ئاتالمىسى توغرىسىدا قەشقەرلىك بۇددا مەشھۇر ئالىمى ئويلان (737 ـــ 820) ئۆزىنىڭ «نوم سۆزلۈكلىرىنىڭ شەرھىسى» ناملىق كىتابىدا: «سۇمۇز



غەربىي دىيار ئۇيغۇرلىرىنىڭ سۆزى بولۇپ، سامۇز دەپ ئېيتىلاتتى. بۇ تىياتىرلىق ئويۇن غەربىي كۇچا ئېلىدىن چىققان. ئۇنىڭ ئۆز نەغمىسى ھېلىمۇ بار...» دەپ يازغان.

بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئەينى زامان تىياتىر ئويۇنلىرى ۋاقىت خاراكتېرلىك سەنئەت بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت مىڭ يىللاپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئەينى زامان كۇچا سۇمۇز تىياتىر ئويۇنىغا (سەنئىتىگە) ئائىت نىقابلىق ئۇسسۇللار ۋە ئۇنىڭ نەغمىلىرى (خۇيلان خاتىرىلەپ قالدۇرغاندەك مەخسۇس نەغمىلىرى)، ھايۋانات گىرىمىدىكى ھەر خىل ئويۇنلار، كومېدىيەلىك تۇس ئالغان سۇ چېچىش ئويۇنلىرى ۋە باشقا سەنئەت شەكىللىرى دەۋرىمىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، بىز ياپونىيە ئارخېئولوگىيە خادىملىرى كۇچادىن تېپىپ ئېلىپ كەتكەن تاڭ دەۋرىگە تەئەللۇق كۇچانىڭ سۇمۇز تىياتىر ئويۇنىغا ئائىت ئارخېئولوگىيەلىك مەنبەلەردىن بۇ ھەقتە ئوبرازلىق، پاكىتلىق مەنبەلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

1903- يىلى ئوتانى كوئۇل باشچىلىقىدىكى ياپونىيە ئارخېئولوگىيە خادىملىرى كۇچا ناھىيەسىنىڭ 23 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى سۇ بېشى ئىبادەتخانىسىدا قېزىش ئېلىپ بېرىپ، زور بىر تۈركۈم قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقان. شۇ قاتاردا ناھايىتى نەپىس ياسالغان بىر جەسەت كۆلى قۇتىسمۇ تېپىلغان ۋە باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىللە ياپونىيەگە ئېلىپ كېتىلگەن. بۇ جەسەت كۆلى قۇتىسى قىزىل، كۆل رەڭ ۋە قېنىق كۆك ئۈچ خىل رەڭدە سىرلانغان ھەمدە ناھايىتى چىرايلىق گۈل ۋە نەقىش بىلەن زىننەتلەنگەن.

50- يىللاردا ياپونىيە ئالىمى شيوگگو شۆەنفۇ بۇ جەسەت كۆلى قۇتىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى ھەمدە قۇتا يۈزىدىكى سىرنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن (سىر ئاستىدىكى) ياغاچقا سىزىلغان ئاجايىپ رەڭدار نەپىس رەسىمنى تاپتى. بۇ سىر ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن ياپونىيەدە چىقىدىغان «گۈزەل سەنئەت تەتقىقاتى» ژۇرنىلىدا قۇتا يۈزىدىن بايقالغان رەسىم ھەققىدە بىرنەچچە پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدى.

كونۇس شەكىللىك، ياغاچتىن ياسالغان بۇ جەسەت كۆلى قۇتىسىنىڭ ئېگىزلىكى 31 سانتىمېتىر، دىيامېتىرى 37.7 سانتىمېتىر بولۇپ، قۇتىنىڭ سىرتىغا بىر قات كەندىر رەخت يەملىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پەرداز بېرىلىپ ئاندىن رەسىم سىزىلغان. قۇتىنىڭ ئېغىز ياپقۇچى ئۈستىگە قاناتلىق تۆت بالىنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، ئۇ بالىلار ئايرىم- ئايرىم ھالدا بەرباپ، تىك غوڭقا، بالىمان ۋە ئىسمى نامەلۇم بولغان قەدىمكى يالغۇز تارلىق چالغۇلار بىلەن نەغمە قىلىپ ئولتۇرغان ⑥.

قۇتىنىڭ (سىرتى) ئەتراپىغا ئاستى- ئۈستى ئۈچ قۇر قىلىپ قىزىقارلىق سۇمۇز تىياتىرى ئويناۋاتقان كۆرۈنۈشلەر سىزىلغان. ئۈستى رەتتە: يۈزلىرىنى ھەر خىل ھايۋان سىياقىدا نىقابلىۋالغان ئەرلەر كالتە يەڭ كۆڭلەك، ئۇزۇن تامبال كىيىپ، بېلىگە پوتا (ياكى نەقىشلىك كەمەر) باغلىغان. ئاياللار ئالدى ئوچۇق، بېلى ئىنچىكە كالتە يەڭ كوپتا بىلەن كەڭ ئېتەكلىك، گۈللۈك قات- قات كۆڭلەكلەرنى كىيگەن. ئۇلار بىر ئەر، بىر ئايال جۈپ بولۇپ ئارىلىشىپ تۇرغان ۋە ئالتە كىشى قول تۇتۇشۇپ سەكرىشىپ، شوخ ئۇسسۇللۇق سۇمۇز تىياتىرى ئويناۋاتقان ھالىتى جانلىق، ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن.

ئوتتۇرىدىكى رەتتە: ئوتتۇرىدا توشقان سىياقىدا نىقابلانغان ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق بىر ئادەم ئۇسسۇل كالتىكىنى تۇتۇپ قىزىقچىلىق قىلىۋاتقان، ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بىرى شىر، بىرى ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق ھايۋان سىياقىدا نىقابلانغان ئىككى ئادەم ئۇنىڭ بىر پۇتىغا ئېسىلىپ، ئاسمان ئىلاھىدىن (كۆك تەڭرىسىدىن) يامغۇر تىلەۋاتقان قىياپەتتە ئۇسسۇل ئويناۋاتقان؛ سول تەرەپتە ئىككى بالا ناھايىتى يوغان بىر دۇمباقنى كۆتۈرگەن، ئۇزۇن تون كىيىپ پۈزۈر ياسانغان سالاپەتلىك بىر ئادەم ئۇسسۇلچىغا ماسلاشتۇرۇپ دۇمباق چېلىۋاتقان، ئۇنىڭ يېنىدا بىر ئادەم ئۇسسۇل ئوينىغاچ بەرباپ چېلىۋاتقان، بۇلارنىڭ پۇت- قوللىرى ناھايىتى رىتىملىق، ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ماسلاشقان بولۇپ، خۇددى سەھنىدە ماھارەت كۆرسىتىۋاتقان كومېدىيەلىك تىياتىر ئارتىسلىرىغا ئوخشايدۇ(27- رەسىمگە قاراڭ).

ئاستىدىكى رەتتە: بۆرە سىياقىدا نىقابلانغان قۇيرۇقلۇق ئادەم ئۇسسۇل كالتىكى كۆتۈرۈپ قىزىقچىلىق قىلىۋاتقان، ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا تۆت نەپەر سازەندە بۇرغا، بەرباپ، بەل دۇمبىقى قاتارلىقلارنى چېلىپ ئۇسسۇلچىغا قاراپ قىزغىن كەيپىياتتا نەغمە قىلىۋاتقان، نىقابلىق ئۇسسۇلچىنىڭ سول يېنىدا بىرنەچچە ئادەم ئۇسسۇلچىغا قاراپ چاۋاك چېلىشىپ سەكرىشىۋاتقان، ئارقىسىدا بىر ئادەم ئۇسسۇلچىغا قاراپ چاۋاك چېلىۋاتقان بولۇپ، قىزىقارلىق مۇزىكا- ئۇسسۇللۇق سۇمۇز تىياتىرى كەيپىياتى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلەنگەن⑦.

ياپونىيە ئالىملىرى جەسەت كۆلى قۇتىسىدىن بايقىغان بۇ مۇزىكا- ئۇسسۇللۇق نىقابلىق تىياتىردىكى ئوبرازلارنى جۇڭگونىڭ سۇي، تاڭ دەۋرىدە پۈتۈلگەن كۇچا مۇزىكا- ئۇسسۇللۇق تىياتىرلىرى ھەققىدىكى تارىخىي خاتىرىلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلغان ھەمدە بۇ رەسىمدىكى ئەينى

زامان كۇچا سۇمۇز تىياتىرلىرىنىڭ ئەينەن تارىخىي تەسۋىرى دەپ يەكۈن چىقارغان⑧.

مەيلى كۇسەن مىڭئۆي تام رەسىملىرىدىكى مۇزىكا-ئۇسسۇللۇق سۇمۇز تىياتىرچىلىرى كۆرۈنۈشلىرى بولسۇن ياكى كۇچا سۇ بېشى خارابىلىقىدىن تېپىلغان يۇقىرىدىكى سۇمۇز تىياتىرى ئويناۋاتقان كۆرۈنۈش بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى قەدىمكى كۇسەن سەنئەتكارلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسى ۋە يىلتىزى بىر ئىدى، شۇڭا بۇ رەسىملەردىكى سۇمۇز تىياتىرى ئويناۋاتقان ئوبرازلارنىڭ ھەممىسىنىڭ پۈتۈن ئۆڭ قىياپىتى، روھىيىتى، چىراي شەكلى، تۇرق ھالىتى، كىيىنىشلىرى رېئال كۇسەن كىشىلىرىنىڭ ئۈلگىلىك كۆرۈنۈشلىرىدىن مۇجەسسەملەشكەن، كۇسەن كىشىلىرىنى ئۆزىگە مودېل ۋە ئەندىزە قىلغان.

سۇمۇز تىياتىر ئويۇنلىرىدەك مۇنداق ئېتنىك ئالاھىدىلىككە ئىگە سەنئەت نەمۇنىلىرىنى ئىجاد قىلىپ ئوينىغۇچى كۇسەن سەنئەتكارلىرى قەدىمكى تارىم بوستانلىقىدا ياشىغان ئۆزىنىڭ يىراق ئەجدادلىرى قېنىدىن، تۇرمۇش ئۇسسۇلىدىن، ئېتنىك مەدەنىيەت تېپىدىن ئايرىدە بولغان. قەدىمكى كۇسەنلىكلەر ئۆز ئەجدادلىرى ئەنئەنىلىرى ئاساسىدا پەيدىنپەي بىر سىستېما ياراتقان يىراق مەنبە، ئۇزۇن ئېقىم، كۆپ قاتلاملىق ئانتروپولوگىيەلىك ۋە ئېتنولوگىيەلىك مۇساپىنى بېسىپ كەلگەن.

«جۇ نامە، شۆەندى خان خاتىرىلىرى»گە قارىغاندا، بۇ ئويۇن جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر ۋاقتىدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغان. «كونا تاڭنامە»دە كۆرسىتىلىشىچە، مىلادىيە 705- يىلى 11- ئايدا لوياڭنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىدا، مىلادىيە 709- يىلى 12- ئايدا چاڭئەننىڭ لىچۈەن مەھەللىسىدە كۇسەن سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن قىزىقارلىق، كۈلكىلىك سۇمۇز تىياتىرى ئوينالغان. ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئويۇن شۇ جايلاردا يىلتىز تارتىپ، خاننى مەدھىيەلەپ، خان بوسۇغىسىدا سۇ چېچىپ خانغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيدىغان ئويۇنغا ئايلانغان، دېيىلىدۇ.

«بۈيۈك ياپونىيە تارىخى 348-جىلدى»دا قەيت قىلىنىشىچە، بۇ ئويۇن ئۇيغۇرلار ئارقىلىق ياپونىيەگىمۇ تارقالغان بولۇپ، ئىسمى «سۇ مۇجيە» دەپ ئاتالغان، ئايرىم نىقابلىق كىيىملىرى بولغان. بۇ ئۇسسۇلدا يەنە بىر شەخس بولغان، ئىسمى «سۇجمۇلى» بولۇپ، ئات مىنىپ ئۇيغۇر كىيىمىنى كىيىپ، قولىغا قاپاقتا سۇ ئېلىپ چاچماقچى بولغان سۇ مۇجيە بىلەن ماسلىشىپ، ئۇنىڭغا بېقىنلاپ-قېچىپ ئوينايدۇ. بۇ بىر خىل قەدىمكى ئوپېرا شەكلىدىكى ئۇسسۇللۇق كومېدىيەلىك تىياتىر بولغان. شۇڭا، بۇ سۇمۇز تىياتىرىنى قەدىمكى ئۇيغۇر درامىسى «مايترى سىمىت» قاتارلىق ئوپېرا-تىياتىرلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

ئومۇمەن، كۇچادىن تېپىلغان جەسەت كۈلى قۇتىسىدا ھەم مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە ئوخشاش قىياپەتتە نامايان بولغان سۇمۇز تىياتىرىدىن ئىبارەت نىقابلىق مۇزىكا-ئۇسسۇللۇق ئوبرازلار «ناخشا-ئۇسسۇل ماكانى» كۇچانىڭ ئەينەن تارىخىي تەسۋىرى بولۇپ، ئۇ بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى زامانلاردا كۇچا سەھنە-سەينالىرىدا ئوينالغان ئىپتىدائىي تىياتىرلار، نىقابلىق تىياتىرلار، ھايۋان ۋە جىن-شەيتانلار سىياقىدا ياسىنىپ ئوينىلىدىغان چوڭ تىپتىكى كومېدىيەلىك تىياتىرلار قاتارىدا ئۇزاق زامانلار ئوينالغان، شۇنداقلا شەرقىي ئاسىيا ئەللىرىدىكى ئىپتىدائىي تىياتىر-ئوپېرالارنىڭ مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن باشلامچىلىق رولىنى ئوينىغان.

مەنبەلەر:

① ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «لەپەر ئۇسسۇلى ھەققىدە» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن.

②③⑥⑦⑧ ئابلىز مۇھەممەت سايرامىنىڭ «گېرمانىيەلىكلەر يۇرتىمىزدىن ئەكەتكەن قەدىمكى تىياتىر-دراما ئەسەرلىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2001- يىللىق 4-سان، 16-، 21-بەتلەر: «گرېك، ھىندى تىياتىر سەنئىتىنىڭ ئۇيغۇر تىياتىر سەنئىتىگە كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرى ھەققىدە»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى 2002- يىللىق 5-سان، 3-، 14-بەتلەر؛ «ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن تېپىلغان ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىگە دائىر ئارخېئولوگىيەلىك مەلۇماتلار»، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004- يىللىق 4 - سان، 3 — 18 -بەتلەر؛ «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى نىقابلىق تىياتىرلىرى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2001- يىللىق 9- ئاينىڭ 19- كۈندىكى ماقالىلىرىگە قاراڭ.

④ ئابلىز مۇھەممەت سايرامى: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىللىق 1-سانىدا ئېلان قىلىنغان «يۇرتىمىزنىڭ ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ياپونىيە سەنئىتىگە كۆرسەتكەن ئىجابىي تەسىرى» دېگەن ماقالىسى ۋە «شىنجاڭ مەدەنىيتى» ژۇرنىلىنىڭ 1994-يىللىق 3 -، 4 - قوشما سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئۇيغۇرلاردا سىرك سەنئىتى» دېگەن ماقالىسىگە قارالسۇن.

⑤ جو جىڭباۋ: «تاڭ دەۋرىدىكى شىنجاڭ ئۇسسۇللىرى»، «يىپەك يولى مۇزىكا-ئۇسسۇل سەنئىتى»، 1985-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، خەنزۇچە نەشرىنىڭ 306-، 307-بېتىگە قاراڭ.

---

ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىشخانىسىدا



# ئاتاقلىق كۈيشۇناس، بەرباپ ماھىرى سۇجۇپ

سۇجۇپ ــ مەشھۇر مۇزىكا ئۇستازى، ئۇيغۇر مۇزىكشۇناسلىقنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئەڭ بۇرۇنقى بۈيۈك نامايەندىسى. سۇجۇپنىڭ ھاياتى، ئىجادىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە مۇكەممەل، تولۇق مەلۇمات يوق. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئۇنىڭ مىلادىيە 6 ـ ئەسىردە ئۆتكەن كۇچالىق ئۇيغۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى ئىكەنلىكى، مىلادىيە 517 ـ يىلى تەكلىپكە بىنائەن چاڭئەنگە بېرىپ، ئوردا مۇزىكا مەكتىپىگە ئوقۇتقۇچى بولغانلىقى ۋە شۇ يەردە «12 تېمپېرامېنتولوگىيەلىك كۈي قانۇنى»نى ئىجاد قىلىپ، «مۇزىكا پىرى» دېگەن ئۇنۋانغا ئېرىشكەنلىكى قەيت قىلىنغان.

سۇجۇپ ياشىغان دەۋرلەردە كۇچادا تۇرپان، قەشقەر، خوتەنلەرگە ئوخشاشلا تىل ـ ئەدەبىيات، رەسساملىق، مۇزىكا ۋە سەنئەتنىڭ باشقا شەكىللىرى ئالاھىدە راۋاجلانغان. سۇجۇپنىڭ دادىسى كۇچادا «مۇزىكا پىرى» دەپ ئاتالغان ماھىر مۇزىكانت بولۇپ، مۇزىكا ئىلمىدە ئۆز دەۋرىنىڭ تەڭداشسىز كىشىسى ئىدى. مۇشۇنداق دەۋر ۋە شارائىتتا ياشىغان سۇجۇپ كىچىكىدىن باشلاپلا مۇزىكا ئىلمىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەن ۋە مۇزىكا ئەمەلىيىتى، مۇزىكا نەزەرىيەسىدە ئالاھىدە تالانتلىق كىشىگە ئايلىنىپ زور شۆھرەت قازانغان. ئۇنىڭ داڭقى ئۆز ئېلىدىن ھالقىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككىچە يېيىلىپ يەتكەن. بۇنىڭ بىلەن ئۇ تەكلىپكە بىنائەن مىلادىيە 517 ـ يىلى چاڭئەنگە بېرىپ ئوردا مۇزىكا مەكتىپىدە مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسى بولغان. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىش جەريانىدا ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى ۋە كۇچا مۇزىكىلىرىنىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسلىنىپ غەربىي رايون (ھازىرقى شىنجاڭ) مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئاساسى بولغان «12 تېمپېرامېنتولوگىيەلىك كۈي قانۇنى»نى ئىجاد قىلغان؛ سۇجۇپنىڭ «12 تېمپېرامېنتولوگىيەلىك كۈي قانۇنى» كۇچا كۈيشۇناسلىق نەزەرىيە سىستېمىسىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېلىنگەن بىردىنبىر سىستېمىلىق، مۇكەممەل مۇزىكا قانۇنى ۋە دەستۇرى بولۇپ، «سۈينامە مۇزىكا تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، سۈي سۇلالىسى قۇرۇلۇپ 7 ـ يىلى (مىلادىيە 587 ـ يىلى) ئېچىلغان مۇزىكا سۆھبەت يىغىنىدا ئۇنىڭ «12 تېمپېرامېنتولوگىيەلىك كۈي قانۇنى» بويىچە دۆلەت مۇزىكىسىنى تەرتىپكە سېلىش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. سۇجۇپنىڭ بۇ قانۇنىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئۈستىدە توختالغان. ياپونىيە تارىخچىسى لىن جەنسەن مۇنداق دېگەن: «سۇجۇپنىڭ ‹12 تېمپېرامېنتولوگىيەلىك كۈي قانۇنى› جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا مىسلىسىز يېڭىلىق كەيپىياتى ياراتتى، ھەتتا ياپونىيە مۇزىكىسىغىمۇ زور تەسىر كۆرسەتتى.»

تارىخىي جەھەتتىن ئالغاندا، سۇجۇپ ۋە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئاھاڭ قانۇنى ھىندىستان ۋە ئەرەب ئاھاڭ قانۇنلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلاردىن كۆپ قەدىمىي بولۇپ، تۇرپان، قەشقەر، خوتەن، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە مەركىزىي ئاسىيا مۇزىكىلىرى ئەنە شۇ قانۇن ئاساسىغا قۇرۇلغان.

سۇجۇپنىڭ مۇزىكا ئىلمىگە ۋە مۇزىكا ئوقۇتۇشىغا قوشقان تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولۇپ، سۈي سۇلالىسى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ نامىغا ئاتاپ بىرقانچە جايغا «مۇزىكا ئۇستازى ئىبادەتخانىسى» (يۆشمياۋ) ياسىلىپ، تاشتاختا ئۈستىگە ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرى خاتىرىلەنگەن. خۇاڭجۇدا ساقلىنىپ قالغان «مۇزىكا ئۇستازى ئىبادەتخانىسى» ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

---

مىرئەزەم تۈزگەن: «ئۇيغۇر مائارىپى تارىخىدىكى ئۆچمەس يۇلتۇزلار» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى. تەھرىراتىمىز تەييارلىغان.





# كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشى ۋە سۇجۇپ-ئاقارى توغرىسىدا

ئەخمەت ئىمىن

*مۇھەررىر ئىلاۋىسى: قەدىمي كۇسەندە ياشاپ ئۆتكەن، ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتىگە، جۇملىدىن ئېلىمىز مۇزىكا مەدەنىيىتىگە ئالەمچە تۆھپە قوشقان ئاتاقلىق كۇيشۇناس، باربىت ماھىرى سۇجۇپ ھەققىدە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلار تولۇق بولمىغاچقا، خەلقىمىزنىڭ بۇ كۇيشۇناس ئالىمنى تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن بىز جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تۆھپىكارى بولغان سۇجۇپ ھەققىدىكى ئىزدىنىش ۋە تەتقىقاتلار ئارقىلىق سۇجۇپنى خەلقىمىزگە تونۇتۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار دەپ قاراپ، بۇ ھەقتىكى مەلۇمات ۋە قاراشلارنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققەت-نەزىرىگە سۇندۇق.*

دۇنيانىڭ، جۇملىدىن دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۆچمەس تۆھپىسى بىلەن تارىخ سەھىپىسىدىن ئالاھىدە ئورۇن ئالغان قەدىمي دىيار كۇچا يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن شانلىق مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان. بۇ زېمىندىن چىققان ئاتاقلىق پەن-مەدەنىيەت ئالىملىرى، مەشھۇر مۇزىكانتلار، رەسساملار، نەققاشلار، ئەلنەغمىچىلەر، ئۇسسۇلچىلار ۋە ئەدىبلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى كۇسەن مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىسى بولغان قىزىل مىڭئۆي، قۇمتۇرا مىڭئۆي، سىم-سىم مىڭئۆي، سۇ بېشى خارابىسى... قاتارلىق قەدىمي ئىزلاردا ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىپ چاقناپ تۇرۇپتۇ.

مەن بۇ يەردە ئەنە شۇنداق قىممەتلەرنى يارىتىپ، كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىغا تۆرتكە بولغان، شۇنداقلا كوسەن مۇزىكىسىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە زور شۆھرەتكە ئىگە قىلغان، ئۇيغۇر كۇيشۇناسلىقىدا ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تۇنجى كۇيشۇناس سۇجۇپ ئاقارى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

قەدىمي كۇسەن ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۇچا ئەتراپلىرىنىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇ بىر تەرەپتىن شەرق مۇزىكىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەر مۇزىكىسىنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايتتى. شۇنداق قىلىپ، كۇسەن ئۆز مىللىي مۇزىكىسىنىڭ چوڭقۇر، قويۇق ئاممىۋى ئاساسىنى چىقىش قىلىپ، تەرەققىي تاپقان كۇسەن مۇزىكا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى.

كۇسەن مۇزىكىسى غەربىي رايونغا مەشھۇر بولۇپلا قالماي، بەلكى مىلادىيە 4 - ئەسىردىن باشلاپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ سۈي، تاڭ دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى مۇزىكا سەنئىتىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئاساسىي ئورۇندا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ھىندىستان مۇزىكىسىنىڭ ئورنىنى كۇسەن مۇزىكىسى ئىگىلىگەن.

ھىندىستان مۇزىكىسى بىلەن كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى كەسكىن رىقابىتى كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاياغلاشقان. يىپەك يولىنىڭ ئېچىلىشى غەربىي رايون مۇزىكىلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. جاڭ چيەننىڭ غەربىي

رايونغا قىلغان ئىككى قېتىملىق سەپىرىدىن ئىلگىرى خەن سۇلالىسىنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى چۇ خانلىقىنىڭ (مەشھۇر شائىر چۈيۈەننىڭ يۇرتى) ناخشا ـ ئۇسسۇلچىلىقىنى ئاساس قىلاتتى. يىپەك يولى ئېچىلغاندىن كېيىن ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىن كەلگەنلەر غەربىي رايوننىڭ سەنئەت مەدەنىيىتىنى بىۋاستە ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ تونۇشتۇرغان. «جىن سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، «جاڭ چيەن غەربىي رايوندىن نەينى، بۇرغىنى ۋە ئۇنى چېلىش ئۇسۇلىنى ئىچكىرىگە تونۇشتۇرغان». خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مۇزىكانت لى يەنىيەن (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 87 ـ يىلى خەن ۋۇدى تەرىپىدىن قۇرۇلغان مۇزىكا مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇلى) جاڭ چيەن غەربىي رايوندىن ئېلىپ بارغان «موقدول مۇقامى»دىن پايدىلىنىپ 18 خىل مۇزىكا ئاھاڭى ئىشلەپ چىققان، شۇ ئاساستا يەنە ھەربىي ئوركېستىر تەشكىل قىلغان، بۇ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىك مۇزىكىسىدىكى بىر ئىلگىرىلەش ۋە بىر قېتىملىق بۇرۇلۇش بولۇپ، غەربىي رايون مۇزىكىلىرى، جۈملىدىن مۇزىكا چالغۇ ئەسۋابلىرى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ئومۇملىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ۋە كەڭ قوللىنىلغان. ھەممىمىزگە مەلۇم، ئەينى ۋاقىتتىكى غەربىي رايون مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋاپلىرى كۇسەن مۇزىكا چالغۇ ئەسۋاپلىرىنى ئاساس قىلاتتى. مەسىلەن: بۇرغىنى خەن ۋۇدى (مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 141 ـ 87 ـ يىللىرىچە تەختتە ئولتۇرغان) ھەربىي ئوركېستىردا پايدىلانغان. بەنچاۋ شەرقىي خەن سۇلالىسى مەزگىلىدە شىنجاڭدا ئېلىپ بارغان ھەربىي پائالىيەتلەردە بۇرغىنى ئىشلەتكەن. بۇرغا، داپ دۇمباق قاتارلىق غەربىي رايون چالغۇلىرىدىن ئەينى دەۋردىكى ئۇرۇشلاردا جەڭ مارشى ھاسىل قىلىنىپ، قوشۇننىڭ جەڭگىۋارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان.

4 ـ ئەسىردىن 7 ـ ئەسىرگىچە بولغان دەۋر كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئەڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. ئۇ چاغدىكى كۇسەن مۇزىكىسى يىپەك يولى ئارقىلىق ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى قېرىنداش مىللەتلەرگە ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىشقا باشلىغان. بۇ دەۋردىكى ئەرەب ۋە ھىندىلارنىڭ مۇزىكىسى بولسا كۇسەن مۇزىكىسىدىن كۆپ كېيىن تۇراتتى. بولۇپمۇ ئېلىمىزنىڭ سۈي، تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە كۇسەن مۇزىكىسى ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتە ئاساسىي ئورۇنغا چىقتى. «قامۇسنامە 通典»

دە: «جۇ سۇلالىسىدىن سۈي سۇلالىسىغىچە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىسقىرتما ئارىلاش مۇزىكا نەچچە يۈز ئاھاڭدىن تەركىب تاپقان بولسىمۇ، ھەممىسى دېگۈدەك غەربىي لياڭ مۇزىكىسىنى ئاساس قىلغان، داپ نەغمىلىك ئۇسسۇل مۇزىكىلىرىدا كۇسەن مۇزىكىلىرىدىن پايدىلانغان. بۇنى ئاھاڭغا قارايلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ»① دەپ يېزىلغان. بۇ يەردە سۆزلەنگەن غەربىي لياڭ مۇزىكىسىمۇ ئەمەلىيەتتە لياڭجۇ تەۋەلىرىدىكى كۇسەن مۇزىكىسى بولۇپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە كەڭ تارقالغان.

كۇسەن مۇزىكىسى خەلق ئىچىدە ئومۇملىشىپلا قالماي، سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىنىڭ ئوردىسى ئىچىدىمۇ مۇھىم ئورۇندا تۇرغان، شۇنداقلا ئوردا مۇزىكىلىرىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلىگەن. «كونا تاڭنامە، مۇزىكا تەزكىرىسى» دېگەن كىتابتىمۇ: «ئۆرە تۇرۇپ ئورۇنلايدىغان تارماقتا ئالتە قىسىم مۇزىكا بولۇپ، ‹ئۇزۇن ئۆمۈر كورگەيلا›دىن باشقىسىغا كۇسەن مۇزىكىسى چېلىنىدۇ»② دەپ يېزىلغان.

كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ ئوتتۇرا تۇزلەڭلىككە تارقىلىپ ئاساسىي ئورۇنغا چىقىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى، غەربىي رايوندىن، جۈملىدىن كۇسەندىن ئەينى ۋاقىتتىكى مەدەنىيەت مەركىزى بولغان چاڭئەنگە بارغان مۇزىكانتلاردۇر. ئۇلار ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ مۇزىكا بايلىقىنى بېيىتىشتا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشۇپ، ئوتتۇرا تۇزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشكەن. بۇ توغرىسىدا قەدىمكى تارىخىي مەنبەلەردىمۇ كۆپلىگەن مەلۇماتلار بېرىلگەن.

غەربىي رايوندىن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بارغان سەنئەتكارلار توغرىسىدا گېرمانىيەلىك تۈركشۇناس ئا.ۋ.گابائىن: «قەدىمكى شىنجاڭنىڭ ئوپېرا ئۆمەكلىرى، ناخشىچىلىرى، ئەر ـ ئايال سازەندىلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە بېرىپ ئۆز ماھارىتىنى كۆرسەتكەن ۋە ئۇ يەرلەردە قىزغىن ئالقىشلارغا ئىگە بولغان. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۈركلەر، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار بار ئىدى»③ دەپ يازغان.

ئەينى ۋاقىتتا ئىچكىرىگە بارغانلاردىن سۇجۇپ ئاقارى، (ماندا ئاقارىلار داڭلىقتۇر) ئەينى ۋاقىتتا غەربىي رايوندىكى كۇسەن، قەشقەر، پارپىيە، قاڭلى قاتارلىق بەگلىكلەردىن كەلگەن مۇزىكانتلار چاڭئەنگە يىغىلغان بولۇپ، سۇجۇپ ئاقارى ئۇلارغا مۇئەللىم بولغان. بىز تۆۋەندە ۋەكىل خاراكتېرلىك قىلىپ سۇجۇپ ئاقارىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

سۇجۇپ جۇڭگو مۇزىكا تارىخىدا، جۈملىدىن ئۇيغۇر

كۈيشۇناسلىقىدا ھازىرغىچە مەلۇم بولغان تۇنجى كۈيشۇناس. ئۇ «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەپ داڭ چىقارغان كۇسەندە دۇنياغا كەلگەن. سۇجۇپنىڭ قاچان تۇغۇلۇپ، قاچان ئالەمدىن ئۆتكەنلىكى ۋە ھاياتى توغرىسىدا تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق مەلۇماتلار يوق. لېكىن، «سۈينامە. مۇزىكا تەزكىرىسى» قاتارلىق تارىخىي مەنبەلەردە ئەڭ قەدىمكى كۈيشۇناس سۈپىتىدە خاتىرىلەنگەن. «سۈي سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى»دە: «جۇ پادىشاھلىقىنىڭ ۋۇدى پادىشاھى (مىلادىيە 578 ـ 561 ـ يىللىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) 557 ـ يىلى شىمالىي چى پادىشاھلىقىنى يوقاتقاندىن كېيىن، كۆچەلىق مەشھۇر مۇزىكانت ۋە ناخشىچى سۇجۇپ جۇۋۇدىنىڭ تۈرك خانىشى ئاسىناغا ئەگىشىپ چاڭئەنگە كەلگەن. ئۇ مەشھۇر بەرباپچى ئىدى» دەپ خاتىرىلەنگەن. جۇۋۇدى تۈركلەر خانىنىڭ قىزىنى ئۆز ئەمرىگە ئالغاندا، كۇسەن بەگلىكىنىڭ تۈرك خانى كۇسەن مۇزىكا ئەترىتىدىن تەركىب تاپقان غەربىي رايون ئۇسسۇلچى، مۇزىكانتلىرىنى قىزى بىلەن قوشۇپ چاڭئەنگە ئەۋەتكەن، بۇ بىر قېتىملىق زور كۆلەمدىكى سەنئەتنىڭ باغلىنىشىدۇر.

سۇجۇپنىڭ دادىسى ئۆز يۇرتىدا كۈيشۇناس دەپ ئىززەتلەنگەن. سۇجۇپ دادىسىدىن پىپا چېلىشنى ئۆگەنگەن، ئۇلار ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا كۈيشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

سۇجۇپ ئاقارى چاڭئەنگە بارغاندىن كېيىن ئۇيغۇر كۈيشۇناسلىقىنى ئىچكىرىگە تارقاتقان ۋە نۇرغۇن شاگىرتلارنى تەربىيەلىگەن، بولۇپمۇ سۇجۇپنىڭ «12 رىتىملىق كۈي قانۇنىيىتى» ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە يۈكسەك ئېتىبارغا ئىگە بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىمالىي دىيار مۇزىكىلىرىمۇ مۇشۇ كۈيشۇناسلىق ئاساسىدا قۇرۇلغان④. «سۇجۇپنىڭ 12 رىتىملىق كۈي قانۇنىيىتى» بولسا يالغۇز كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ كۈيچىلىك نەزەرىيىسى بولۇپلا قالماي، ئومۇملۇق جەھەتتە پۈتۈن ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ كۈيشۇناسلىق ئۆلچىمى ئىدى...

«سۈي سۇلالىسى تارىخى. مۇزىكا تەزكىرىسى»دە يېزىلىشىچە، سۈي سۇلالىسى قۇرۇلۇپ يەتتىنچى يىلى ئېچىلغان مۇزىكا سۆھبىتىدە سۈيياڭدى سۇجۇپنىڭ «12 رىتىملىق كۈي قانۇنىيىتى» بويىچە مۇزىكىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەشھۇر مۇزىكانت چېڭيى سۇجۇپنىڭ كۈيشۇناسلىقى ئاساسىدا مۇزىكا ئاھاڭىنى ئىسلاھ قىلىپ مەخسۇس كىتاب يېزىپ چىققان. بۇ لى يەنەن بارلىققا كەلتۈرگەن مۇزىكا يۈكسىلىشىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق زور بۇرۇلۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەھۋال كېيىنكى مۇزىكا تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. سۈي سۇلالىسى مەزگىلىدە توققۇز مۇزىكا بولغان بولسا، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئون مۇزىكىغا يەتتى.

سۇجۇپ ئاقارى جۇڭگو مۇزىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا ئىنتايىن چوڭ تۆھپە قوشۇپ، خارابلىشىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئېلىمىزنىڭ كلاسسىك مۇزىكىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەينى ۋاقىتتىكى سۇجۇپنىڭ كۈي قانۇنىيىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىلىپلا قالماستىن، يەنە ئەرەب، پارس مۇزىكىلىرىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، سۇجۇپنىڭ «12رىتىملىق كۈي قانۇنىيىتى» ھىندىستان ۋە ئەرەب مۇزىكا قانۇنلىرى ھەققىدىكى تەلىماتلاردىن كۆپ قەدىمىي ئىدى. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتى» دېگەن كىتابىغا ئاساسلانغاندا، ئەرەب، پارس مۇزىكا قانۇنلىرى كۇسەن مۇزىكىسىنىڭ مەلۇم بولغان كۈي قانۇنلىرىدىن كەم دېگەندىمۇ بەش ئەسىر كېيىن تۇرىدۇ.

ياپونىيە تارىخچىسى لىن جەنسەن ئۆزىنىڭ «سۈي، تاڭ بەزمە خاتىرىلىرى» ناملىق كىتابىدا: «‹سۇجۇپنىڭ 12 رىتىملىق كۈي قانۇنىيىتى› جۇڭگو مۇزىكىچىلىقىدا مىسلىسىز يېڭى كەيپىيات تۇغدۇردى، ھەتتا سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ياپونىيە مۇزىكىسىغا زور تەسىر كۆرسەتتى»⑤ دەپ يازىدۇ.

كۇسەن مۇزىكىسى مۇزىكا ئورۇنلاشتا ئىشلىتىدىغان چالغۇلارنىڭ مولluqى جەھەتتىنمۇ داڭ چىقارغان. كۇسەن مۇزىكا چالغۇلىرىدىن: تىك غوڭقا، بەرباپ (پىپا)، راۋاب، يالغۇزەك، نەي، قالۇن، سۇناي، غىجەك، نويان دومبىقى، قوتان دۇمبىقى، داپ... قاتارلىقلار بار بولغان⑥.

كۇسەن قەدىمىي چالغۇلىرى ئىچىدە بەرباپ ئاساسلىق چالغۇ بولۇپ، كۇسەن مۇزىكىسنى ئورۇنلاشتا تۆت تارلىق ئەگرى ساپلىق بەرباپ بىلەن بەش تارلىق بەرباپ ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مەھەممەتئىمىن ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ‹12 مۇقام› ھەققىدە» دېگەن كىتابىدا بەرباپ ئۈستىدە توختىلىپ: «بەرباپ (پىپا) دەسلەپ ئات ئۈستىدە چېلىنىدىغان ساز ئىدى. تارنى سىيرىپ چەككەندە «پى...» دېگەن ئاۋاز، يانىدۇرۇپ چەككەندە «پا...» دېگەن ئاۋاز چىققاچقا، ئۇنى

خەن دەۋرىدە پىپا دەپ ئاتىدى. پىپا چالغۇسى ھەر خىل خەت بىلەن يېزىلىپ، جىن سۇلالىسى دەۋرىدىلا «琵琶» دېگەن «خەت بىلەن مۇقىملاشقان» دەپ يازىدۇ. دېمەك، پىپا ئەسلىي پارس، ھىندىلاردىن كەلگەن بولۇپ، كۇسەندە تەرەققىي تاپقان ۋە جاڭ چيەندىن كېيىنكى كەڭ قانات يايغان مەدەنىيەت ئالاقىسىگە ئەگىشىپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تارالغان. سۇجۇپ ئاقارىنىڭ بۇ جەھەتتىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولغان.

ئەينى ۋاقىتتا كۇسەندە مەشھۇر بەرباپ ماھىرلىرى بولغان. تاڭ سولالىسى دەۋرىدىكى بۇددا راھىبى شۈەنزاڭ: «بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى غەربكە ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە: «كۇسەن دۆلىتى يەللىك ۋە تارلىق چالغۇلارنى ئورۇنلاش ماھىرلىقى بىلەن ھەرقايسى بەگلىكلەر ئارا داڭقى چىققان»⑦ دەپ يازغان. ئۇنىڭدىن باشقا، مىلادىيە 629 ـ 645 ـ يىللىرى شىنجاڭغا كەلگەن خەنزۇ ساياھەتچى ۋاڭ يەنجەن كۇچا توغرۇلۇق قىسسىدە: «بۇ ئەلنىڭ (كۇسەننىڭ) سازەندىلىرى نەي ۋە بەرباپنى قەۋەتلا ماھىرلىق بىلەن چالىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ چېلىشى بارلىق ئەللەرنىڭ سازەندىلىرىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ»⑧ دەپ يازغان.

كۇسەن مۇزىكانتلىرى بەرباپنى دەسلەپ زەخمەك بىلەن، كېيىن قولدا چالغان. ياپونىيەلىك تارىخچى لىن جەنسەن ئۆزىنىڭ «شەرقىي ئاسىيا چالغۇلىرى تەتقىقاتى» دېگەن ئەسىرىدە: «زەخمەكتە چېلىش كۇسەن مۇزىكانتلىرىنىڭ چېلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىمۇ شۇ ئۇسۇلدا چېلىنغان» دەپ كۆرسىتىدۇ.

سۇجۇپ بەرباپنى ئىچكىرىگە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن خەنزۇ مىللىتىنىڭ مۇزىكا سەنئىتىدىمۇ مۇھىم چالغۇ بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوردىدىن يەرلىككىچە خەلقلەرنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە مۇيەسسەر بولغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەر زور قىزىقىش بىلەن كۇسەن مۇزىكانتلىرىدىن بەرباپ چېلىشنى ئۆگەنگەن. تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ خانىشى ياڭ گۈيفېي ئاشۇلارنىڭ تىپىك مىسالى بولۇپ، بۇ بىر بەرباپ ماھىرىدۇر. ئۇنىڭ بەرباپى ئالاھىدە ياسالغان بولۇپ، «گۈيفېي بەرباپى» دەپ ئاتالغان.

تاڭ دەۋرىدىكى شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ شېئىرلىرىدا كۇسەن مۇزىكىسى توغرىسىدا مىسرالار قالدۇرغان. تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر ۋاڭ جيەن ئۆزىنىڭ «لياڭجۇغا ساياھەت» ناملىق شېئىرىدا:

«تاڭ سەھەر ئاڭلاپ خورازنىڭ چىللىغان ئاۋازىنى،
شەھىرى لوياڭدا جىمى ئۆي مەشىق قىلار خۇ سازىنى»⑨ دەپ يازىدۇ. مانا بۇ مىسرالار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خەلقلەرنىڭ كۇسەن مۇزىكىسىغا بولغان قىزىقىش ۋە مەدھىيەلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

كۇسەن مۇزىكا سەنئىتى تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە يېقىملىقلىقى بىلەن مەشھۇر. كۇسەن مۇزىكىسى دۇنياۋى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ سۆي، تاڭ سولالىلىرى دەۋرىدە كورىيە، ياپونىيە، ۋيېتنام قاتارلىق ئەللەرگىمۇ تارقالدى. ئەينى ۋاقىتتىكى ياپونىيەدىن چاڭئەنگە كېلىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە مەخسۇس مۇزىكا ئۆگىنىدىغان ئوقۇغۇچىلارمۇ بولغان. ھازىر ئەينى ۋاقىتتىكى كۇچادىن ئىچكىرىگە تونۇشتۇرۇلغان بەرباپ، بەنچىتار قاتارلىق چالغۇلار «ياپونىيەنىڭ كونا پايتەختى نەيلاڭدىكى مەشھۇر جىڭساڭيۈەن مۇزېيدا ساقلانماقتا»⑩. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئون نەغمىسىنىڭ ئالتىسى كۇسەن مۇزىكىسى ئىدى. كۇسەن مۇزىكىسى بىلەن ياپون خەلق مۇزىكىسىنىڭ بىرلىشىپ ياپون مۇزىكىسى بولۇپ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قېلىشى جۇڭگو ـ ياپونىيە خەلقلىرىنىڭ قەدىمدىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە دوستلۇقىنىڭ گۇۋاھچىسى. «بۈگۈنگىچە ساقلىنىۋاتقان تاڭ دەۋرىدىكى ئوردا مۇزىكىسى كۇچا مۇزىكىسىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىي يادىكارلىقلار ئىچىدىكى 17 خىلدىن ئارتۇقراق يېزىق كۇچالىقلارنىڭ تەڭداشسىز ئەقىل ـ پاراسىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.»

دېمەك، كۇسەن مۇزىكىسى سۇجۇپ ئاقارىغا ئوخشاش مۇزىكانتلار ئارقىلىق ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە كەڭ تارقالغان ۋە جۇڭگو مۇزىكا سەنئىتىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە گۈللەپ ـ ياشنىشىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى زىلزىلىگە سالغان. سۇجۇپ ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە تونۇشتۇرغان بەرباپ بۈگۈنكى كۈندە ئىسلاھ قىلىنىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەل مۇزىكىلىرىنىمۇ چېلىشقا بولىدىغان ئۇنىۋېرسال چالغۇغا ئايلىنىپ پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇميۈزلۈك تارقالدى ھەمدە خەلقئارادا زور ئىززەتكە ئىگە بولغان ۋە مىللىي چالغۇ ـ ئەسۋاپلىرى ئىچىدىكى ئورۇنلاش سەنئىتىگە باي بولغان چالغۇغا ئايلاندى.

سۇجۇپ ئاقارى ئىجاد قىلغان «12 رىتىملىق كۆي قانۇنىيىتى» ئاساسىدا ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى بارا ـ بارا

تەرەققىي قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سەنئەت بېغىنى بېيىتتى. خەلقىمىز ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ، بىر-بىرىنى تولۇقلاپ، «12 مۇقام»دىن ئىبارەت كىلاسسىك مۇزىكىنى بەرپا قىلدى. ھازىر ئۇيغۇر ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىچىلىقى تەرەققىي قىلىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا زور ئابرۇيغا ئىگە بولماقتا. ناخشا-ئۇسسۇل، مۇزىكىلىرىمىزنىڭ خەلقئارالىق سەھنىلەردە يۇقىرى سەۋىيەلىك ئورۇنلاش ماھارىتى بىلەن قىزغىن ئالقىشلانغىنىنى ھەر بىر كۆرگىنىمىزدە سۆجۈپ ئاقارىغا ئوخشاش ئەجدادلىرىمىزدىن پەخىرلەنمەي تۇرالمايمىز.

سۆجۈپ ئۇيغۇر كۇيشۇناسلىقىدا بىزگە مەلۇم بولغان ئەڭ قەدىمكى كۇيشۇناس ۋە ماھىر بەرباپ ئۇستازى. ئۇنىڭ ئىلمىزنىڭ قەدىمكى زامان مۇزىكا مەدەنىيىتىنى بېيىتىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىدىكى تارىخىي تۆھپىسى مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ.

**ئىزاھلار:**

① «قامۇسنامە» 146-جىلد. (بۈيۈك تاڭ سولالىسىنىڭ «غەربىي رايونغا ساياھەت خاتىرىسى»دىكى «تارىخىي يەر ناملىرى ھەققىدە تەتقىقات»دېگەن خەنزۇچە كىتابىغا قارالسۇن.)

② «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1982-يىللىق 4-سان، 43-بەت.

③ «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» 1980-يىللىق 3-سان، 69-بەت.

④ «يىپەك يولى ۋە غەربىي رايون مەدەنىيەت-سەنئىتى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى 9-ئاي خەنزۇچە نەشرى، 50-بەت.

⑤ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «ئۇيغۇر كىلاسسىك مۇزىكىسى 12 مۇقام ھەققىدە»، 40-بەت.

⑥ ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن: «شىنجاڭنىڭ تاڭ دەۋرىدىكى ناخشا-ئۇسسۇل سەنئىتى» 52 -بەت.

⑦ «ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى ژۇرنىلى» 1985-يىللىق 7-، 8-سان، 27-بەت.

⑧ «شىنجاڭ شۆيۈەن ئىلمىي ژۇرنىلى» 1956-يىللىق 2-سان، 44-بەت.

⑨ ئابدۇرەھىم سابىت: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخى»، قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتۇش تەتقىقات ئىشخانىسى باستۇرغان، 1-كىتاب 1-قىسىم، 22 — 23-بەتلەر.

⑩ «نۇر گېزىتى»نىڭ 1978-يىلى 18-ئۆكتەبىردىكى سانى.

جوۋ چىڭباۋ: «مۇقام توغرىسىدا ئىزدىنىش»، «يىپەك يولى مۇزىكا-ئۇسسۇل سەنئىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى 9-ئاي خەنزۇچە نەشرى.

ئاپتور: ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىدە

## ئەلشىر ناۋائىي ھېكمەتلىرىدىن

زالىم، بەدەرد-بىغەم كىشىلەر سۆھبىتىدە سۆز قىلماقنى تەرك قىل؛ چېقىمچى ۋە نامەرد ئادەملەرنىڭ سىلىق-ياغلىما گېپىگە ئالدانما.

ئۆزى خۇنۈك، گېپى تۇتۇرۇقسىز، ئاۋۇشى بىنەپەس ئادەم پاقىغا ئوخشاشتۇر. ئادەمگە بەخت ئاتا قىلغۇچى ساپ روھنىڭ مەنبەسىمۇ تىل؛ نەسلىك، يامانلىق يۇلتۇزىنىڭ چىقار جايىمۇ تىل. تىلىنى باشقۇرالىغان ئادەم — دانىشمەن، ئاقىل؛ سۆزگە ئەرك بەرگەن ئادەم — ئېتىبارسىز ۋە قەدىرسىزدۇر.

ئاز گەپ قىلماق — ھېكمەتكە سەۋەب؛ ئاز يېمەك — ساقلىقتا سەۋەب. ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك — نادانىڭ ئىشى؛ ئالدىغا كەلگەننى يېمەك — ھايۋاننىڭ ئىشى.

كىمكى يالغان سۆزنى بىراۋغا دۆڭگىسە، ئۆز يۈزىگە قارا سۈركىگەنلىكتۇر. ئازراق يالغىنىمۇ چوڭ گۇناھتۇر؛ بىر چىمدىم زەھەرمۇ ھالاك قىلغۇچىدۇر.

ھاياسىز — دوستلۇققا يارىماس؛ پاسىق — سىرداشلىققا يارىماس... ياسانچۇق — مەردانە بولماس؛ كېپىنەك — پەرۋانە بولماس. دوستنىڭ جاپاسىدىن ئېگىرىما؛ دۈشمەننىڭ زۇلمىدىن زارلىما.

مۇلايىملىق — ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ خۇش مەنزىرىلىك مېۋىلىك بېغىدۇر ۋە ئىنسانىيەت ئالىمىنىڭ جاۋاھىرغا باي تېغىدۇر.

مۇلايىملىق — ئەخلاقلىق كىشىلەرنىڭ قىممەت باھالىق لىباسى ۋە ئۇ كىيىم تۈرلىرىنىڭ ئەڭ چىداملىق رەختىدۇر. ئۇ — يامان نەپسنى بوران ئۇچۇرۇشتىن ئاسرىغۇچى ۋە ئىككى يۈزلىمە مۇناپىقلارنىڭ بىھۇدە ھەرىكىتىدىن ھىمايە قىلغۇچىدۇر.



# سۈيىقەست

(ھېكايە)

ئابدۇللا مۇھەممەدى ئەرتەن

ئۇ ئەسلى ئۇنداق غەلىتە مىجەز ئەمەس ئىدى، بىر قېتىملىق زەربە ئۇنىڭ مىجەزىنى ئاستا-ئاستا ئۆزگەرتىۋەتتى.

ئۇ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ خىزمەتكە چۈشكەن يىلى چوڭلارنىڭ ئەلچى قويۇپ ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىش تەلىپىنى يەتكۈزۈشى بىلەن ئۆزىگە لايىق ئىزدەشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، يىگىت ئۆزىگە ماس كېلىدىغان قىزنى ئۆزى تاللىغىنى ياخشى، باشقىلارنىڭ تونۇشتۇرۇشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنىڭچە، ھاياتلىق سەپىرىدە بىللە ياشايدىغان مەھبۇبىسى چوقۇم ۋاپادار، سەممىي، راستچىل، غايىلىك، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، ئائىلە ئۈچۈن جان كۆيدۈرىدىغان، مېھرىئىللىق قىز بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئەنە شۇنداق شەرتكە




چۈشىدىغان لايىق ئىزدەپ يۈرگەن كۈنلەردە تاسادىپىيلا بىر قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى.

قىز ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى، ئۇنىڭ ئاپپاق تېرىسى شۇ قەدەر سۈزۈك ئىدىكى، خۇددى ئىلى ئاق ئالمىسىدەك پارقىراق، كۆزلىرى تۈن قاراڭغۇسىدەك قاپقارا ئىدى. زەينۇرە ئىسىملىك بۇ قىز قوڭغۇراقتەك كۈلكىسى، دائىم كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان گۈزەل رۇخسارى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالغانىدى. ئۇلار تۇنجى كۆرۈشۈپلا خۇددى كونا تونۇشلاردەك قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشتى. زەينۇرەدىكى ئوچۇقلۇق ھە دېگەندىلا يىگىتنى تەمتىرىتىپ قويدى.

— سىز نېمانداق تارتىنچاق بالا، قارىسا خېلى ئىشلارنى كۆرگەندەك قىلىسىز، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپسىز تېخى، شۇنداق تۇرۇقلۇق... — قىز شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ قولىنى ئالقىنىغا ئالدى. قىزنىڭ قولى يىگىتنىڭ ئالقىنىغا تېگىشى بىلەن يىگىتنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تىترەك باستى.

— مېنىڭ ئىسمىم ئەزىمەت، — يىگىت ھاياجانلىنىپ

كەتكەچكىمۇ هودۇقۇش ئىچىدە سورالمىغان سوئالغا جاۋاب بېرىپ سالدى.

— ئەزىمەت بولغاندىن كېيىن ئەزىمەتتەك يۈرەكلىك بولمامسىز، — قىز ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ قىقىنداپ كۈلدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاسانلا چىقىشىپ قالدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئەزىمەت زەينۇرە بىلەن توي قىلىش قارارىغا كەلدى. توي كۈنىمۇ بېكىتىلدى. ئۇلار تويغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈنلەردە مۇنداق بىر ئىش يۈز بېرىپ توي ئىشى بۇزۇلدى.

ئەزىمەتنىڭ يېقىن ئاغىنىسى ئابلەت تۇغۇلغان كۈن زىياپىتىگە ئۇلارنى تەكلىپ قىلدى. زىياپەت شەھەردىكى داڭلىق رېستوراننىڭ كاتتا بېزەلگەن ئايرىمخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. دەبدەبىلىك مۇراسىم سۆزلىرى، ئوتلۇق تىلەكلەر ئىچىدە زىياپەت باشلاندى. هەر خىل شارابلار كەلتۈرۈلۈپ، رومكىلارغا قۇيۇلدى. ئەزىمەت ئەزەلدىن هاراق ئىچمەيتتى، تاسادىپىي بىرەر رومكا هاراق ئىچىپ قالغۇدەك بولسا، شۇ هامان كۆڭلى ئېلىشىپ ياندۇرۇۋېتەتتى. بىرنەچچە كۈنگىچە تاماقمۇ يېيەلمەيتتى. شۇڭا، ئۇ چاقىرىلغان سورۇنغا بېرىشتىن ئاۋۋال چاقىرغۇچىغا ئۆزىگە هاراق زورلىماسلىقنى ئالاهىدە ئەسكەرتەتتى.

بىر بوتولكىغا يېقىن ئاق هاراقنى ئىچىۋېتىپ «تېخى قانمىدۇق» دېيىشىدىغان هاراقكەشلەرگە «ئاشقازىنى مۇشۇ سېسىق هاراقنى قانداقمۇ كۆتۈرەلەيدىغاندۇ» دەپ قاراپ قالاتتى.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. سورۇن باشلانغاندا ئەزىمەتكە هاراق ئانچە زورلانمىدى، رومكا بىرنەچچە رەت ئايلانغاندا، قىزىشىپ كەتكەن دوستلىرى ئۇنىڭغا هاراق قۇيۇلغان رومكىنى تەڭلەپ تۇرۇۋالدى.

— نەچچە ۋاقىتتىن بېرى هاراق ئىچەلمەيدۇ دەپ سورۇنلاردا يول قويدۇق، ئەمدى ئانچە-مۇنچە ئىچىپ قوي، — دېدى چىرايلىق بۇرۇت قويۇۋالغان ئابلەت.

— ئەتە-ئۆگۈن تويۇڭدا شاراب قويارسەن، ئۆزۈڭمۇ ئانچە-مۇنچە ئىچمىسەڭ تويۇڭ تويدەك قىزىمايدۇ، ئالە، ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، — دېدى تاهىر دېگەن ئاغىنىسى باشقىلارغا كۆز قىسىپ.

— ئىچمىسە زورلىماڭلارچۇ، — دېدى ئابلەتنىڭ يۇرۇۋاتقان لايىقى سەلىمە، — بولسا سىلەرمۇ ئىچمەڭلار.

— ئابلەتكە زىيان بولمىسۇن دەۋاتامسىز، سەلىمە.

هەممە قىيا-چىيا قىلىشىپ كۈلۈشتى.

— ئېلىڭە ئەزىمەت يىگىت بولغاندىكىن، — دېدى باياتىن ئۈنسىز ئولتۇرغان زەينۇرە پوسۇقىدە. بۇنىڭ بىلەن سورۇن يەنە بىر قېتىم قىيا-چىياغا تولدى.

ئەزىمەت زەينۇرەنىڭ بۇ گېپىدىن قاتتىق ئوڭايسىزلىنىپلا قالماي، خاپا بولدى. ئۇ رومكىنى قولىغا ئالدى-دە، كۆزىنى يۇمۇپلا «گۇپپىلا» قىلىپ ئىچىۋەتتى. هەممەيلەن چاۋاك چېلىشىپ كېتىشتى، ئەزىمەت ئۇدۇل تازىلىق ئۆيىگە يۈگۈردى. ئۇ تازىلىق ئۆيىدىن چىققاندا هاراق قۇيۇلغان رومكا ئايلىنىپ يەنە ئۇ ئولتۇرغان تەرەپكە قىستاپ كېلىپ قالغانىدى.

زورلاش يەنە باشلاندى. ئەزىمەت بۇ قېتىم رومكىنى قەتئىي قولىغا ئالمىدى.

— ئەگەر يەنە زورلىساڭلار قايتىپ كېتىمەن، — دېدى زەينۇرەگە لاپپىدە قارىۋەتكەندىن كېيىن، — مېنىڭ هاراق ئىچەلمەيدىغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ نېمە قىلغىنىڭلار بۇ، — غودۇردى ئۇ خاپا بولغاندەك.

سورۇن قايناۋاتقان قازانغا بىر نوگاي سۇ قۇيغاندەك جىمىپ قالدى. دەل شۇ ۋاقىتتا زەينۇرە ئورنىدىن دەس تۇردى — دە، ئادەمنى هەيرەتتە قالدۇرغۇدەك ناز بىلەن:

— بولدى، مېنىڭ ئەزىمىتىم ئىچەلمىگەن هاراقنى ئۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىچىۋېتەي، — دېدى-دە، ئەزىمەتنىڭ ئالدىغا قويۇلغان لىق ئاق هاراق تولدۇرۇلغان رومكىنى ئېلىپلا گۇپپىلا ئىچىۋەتتى. سورۇندىكىلەر ئاغزىنى ئېچىپ قاراپلا قېلىشتى.

— بولدى، بولدى، — دېدى ئابلەت ئورنىدىن تۇرۇپ، — قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ ئەزىمەتكە هاراق زورلاپ قويساق، زەينۇرە سىزمۇ ئاشۇرۇۋەتتىڭىز. بولدى، ئەزىمەت ئىچمىسە زورلىمايلى، سورۇنىمىزنى داۋاملاشتۇرايلى، هازىردىن باشلاپ هاراق ئىچىش ئىختىيار.

— بايىقىسى مېنىڭ بولغۇسى ئېرىمنىڭ، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نۆۋىتىنى قۇيىمامسىز، — دېدى زەينۇرە ۋىلىقلاپ كۈلۈپ، — بۇيرۇتقان هاراق ئازمىدى يا.

— هاراق سىزدىن ئايلانسۇن، ئەزىمەت ئوغۇل بالىدەك ئىچىدىغان قىزغا يولۇقۇپتۇ جۇمۇ.

— يېقىندا تويىمىز بولىدۇ، تويدا مەن سىلەر بىلەن رومكا سوقۇشتۇرالمايمەن، شۇڭا بۈگۈن راسا بىر ئىچىشەيلى. قېنى ساقىي، — زەينۇرە ساقىيغا رومكىنى سۇندى، — چوڭ رومكىغا قۇيۇڭ، بارلىق ئوغۇللار بىلەن بىر رومكىدىن سوقۇشتۇرۇپ ئىچىمەن.

سورۇندىكىلەرنىڭ هاي دېيىشلىرى، قىزلارنىڭ «تووۋا» دەپ ياقا تۇتۇشلىرى زەينۇرەگە كار قىلمىدى. ئۇ ئىچەتتى، كۈلەتتى، يەنە ئىچەتتى، ئىچكەنسېرى ئېچىلىپ كۈلەتتى، ئەزىمەتنىڭ دوستلىرىنى توختىماي تانسىغا تارتىپ ئوينايتتى.

شۇ قېتىمقى زىياپەتتىن كېيىن ئەزىمەت ئاساسەن پۈتۈپ قالغان تويدىن يېنىۋالدى، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنىڭ ئۆزى تاپقان لايىقى بىلەن بولىدىغان بۇ تويدىن نېمە سەۋەبتىن يېنىۋالغىنىنى زادىلا چۈشەنمىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئەزىمەت قىزلارغا ناھايىتى ئېهتىيات بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. دوستلىرىنىڭ ھەممىسى بىر - بىرلەپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولدى، بەزىلىرى ئىككىدىن باللىق بولۇپمۇ قالدى، ئەزىمەت بولسا تېخىچە بويتاق يۈرەتتى.

ئۇ گېزىتلەردە بېرىلگەن لايىق تونۇشتۇرۇش ئېلانلىرىنى كۆرسىمۇ تېرىكىدىغان، بىرەرسى بىرەر قىزنى سايە قىلسىمۇ خاپا بولىدىغان بولۇپ قالدى. سورۇنلاردىنمۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە دوستى ئابلەت يەنە دوستلۇقنى يەتكۈزمەكچى بولدى:

— بىزنىڭ ئىدارىگە بىر قىز تەقسىملىنىپ كەلدى، قارىسام، ئۇ قىزنىڭ تەقى - تۇرقىمۇ جايىدا، ئەڭ مۇھىمى مىجەز - خۇلقى، يۈرۈش - تۇرۇشىمۇ ناھايىتى ئېسىل قىز ئىكەن. بوش ۋاقىت تاپسىلا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرىدىكەن. خەنزۇچىنىمۇ بىرچىدەكلا بىلىدىكەن، يەنە رۇسچە ئۆگىنىۋاتىمەن دەيدۇ، سەنمۇ بىر كىتابپاز، مېنىڭچە، سىلەرنىڭ ئورتاقلىقىڭلار كۆپ ئىكەن.

— مەن يا ئۇ قىزنى تونۇمىسام، — دېدى ئەزىمەت بىر خىل زەئىپ ئاۋازدا.

— خاتىرجەم بول، مەن ئۆزۈم توغرىلايمەن، — ئەتە ۋاقىت چىقىرىپ مېنىڭ ئىشخانامغا بىر بېرىپ كەت، — قالغىنى كېيىن بىر گەپ بولىدۇ، — ئابلەت گەپ تامام دېگەندەك كېتىپ قالدى.

ئەزىمەت يەنە خىيالغا پاتتى. مەن ئۆزۈمگە لايىق تاللاشتا شەرتنى بەك ئۈستۈن قويۇۋالدىممۇ قانداق؟ ئابلەت تونۇشتۇرماقچى بولغان قىز قانداقراق قىزدۇ؟... قېنى بىر كۆرۈشۈپ باقمايمەنمۇ، بولسا بولار، بولمىسا بولماس...

ئابلەت تونۇشتۇرغان گۈلچىمەن ئىسمىلىك بۇ قىز زەينۇرەگە سېلىشتۇرغاندا ئانچە چىرايلىق بولمىسىمۇ، تۇرقىدىن تۈزۈكلا بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ خىيالچان كۆزلىرى ئەزىمەتكە ناھايىتى يېقىملىق تۇيۇلدى. بولۇپمۇ بۇ قىزنىڭ چوڭقۇر بىلىمى، ھاياتقا بولغان قىزغىنلىقى ئەزىمەتنى ئاپىل قىلدى. ئۇلار ھەر ئۇچراشقاندا پەقەت جەمئىيەت، ئەخلاق، ئۆزلىرى ئوقۇغان ياخشى كىتابلار ھەققىدە پاراڭلىشاتتى. ئۆزئارا كىتاب ئالماشتۇراتتى، ئۆگىنىش تەجرىبىلىرىنى سۆزلىشەتتى.

يېقىندىن بۇيان ئەزىمەت ئۈچۈن كۈنلەر تولىمۇ تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى بوشاڭلىقى، جىمغۇرلۇقىدىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى. ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بىرخىل خۇشاللىق، ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ قەلبىدە باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈلچىمەننى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇ يول ماڭغاندىمۇ، تاماق يېگەندىمۇ گۈلچىمەننى ئويلايتتى. قىزنىڭ خىيالچان بىر جۈپ كۆزى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى، پەقەت شۇ بىر جۈپ كۆزلا ئۇنىڭغا جىمى ھاياتلىقتەك تۇيۇلاتتى...

— قانداقراق، — دېدى بىر كۈنى ئابلەت ئەزىمەتكە مەنىلىك قاراپ، — بولىدىغان قىزمىكەن، مەن سەن گۇمۇشقا ئۇنداق - مۇنداق قىزنى سايە قىلمىدىم جۇمۇ، مۇشۇ كۈندە گۈلچىمەندەك ياخشى قىزنى تاپماق تەس .

— گۈلچىمەنغۇ ياخشى قىز ئىكەن، — دېدى ئەزىمەت يېتىۋاتقان قوياشقا تىكىلىپ، — لېكىن ماڭا تەلەپ قويۇش پۇرسىتىنى بەرمەيۋاتىدۇ، يەنە كېلىپ ئۇ قىز شەخسىي تۇرمۇشى ھەققىدە زادى ئېغىز ئاچمايدۇ. قاچانلا قارىساڭ پارىڭىمىز كىتاب - ژۇرنال، دۇنيا يېڭىلىقلىرى، ئىلىم - مەرىپەت، مائارىپ قاتارلىقلار ھەققىدە. نەچچە قېتىم ئۇرۇنۇپ باقتىم بولمىسا گېپىنىڭ تېمىسىنى يۆتكەپ. لايىقى بولۇپ قالمىغىيدى دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ھەي ئەخمەق، بۇ ئىشتا سەن تەشەببۇسكارراق بول، سەن تەشەببۇسكار بولمىساڭ، قىز بالا قانداق پۇرسەت بېرىدۇ ساڭا. ئەگەر چىمەنگۈلنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرگەن بولساڭ، ياپسام پىشارمۇ، ئاچسام پىشارمۇ دەپ ئولتۇرماي، ۋاقتىدا بىر نېمە دەپ ئارىنى ئوچۇقلىۋەتكىنىڭ تۈزۈك.

— ئۇغۇ شۇ، ئەممازە بىنادىن ئالغان ئۆي تېخى پۈتمەيۋاتىدۇ ، ئۆي پۈتكەندە ئاندىن...

— قويە بۇ گېپىڭنى، قىزغا سەن تەلەپ قويامسەن ياكى بىنادىكى پۈتمىگەن ئۆيۈڭمۇ؟ ئالدى بىلەن قىز بىلەن پۈتۈش، قالغىنى ئاستا - ئاستا بولىدۇ.

※ ※ ※

ئەزىمەت دوستى ئابلەتنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن بۈگۈن گۈلچىمەن بىلەن شەھەرنىڭ بىر چېتىگە جايلاشقان چايخانىدا ئۇچراشتى. بىر-بىرىنى كورگەندە ئەتراپىدىكى ئىشلاردىن تارتىپ دۇنيادىكى يېڭىلىقلارغىچە قىزغىن سۆزلىشىپ ھارمايدىغان بۇ بىر جۈپ ياش دەسلەپتە خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقاندەك قورۇنۇشۇپ ئولتۇرۇشتى. بولۇپمۇ ئەزىمەت بويۇن-قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ ئولتۇراتتى. ھەرھالدا كۈتكۈچىنىڭ قىزغىن مۇلازىمىتى ۋە قەھۋەنىڭ شېرىن تەمى ئارىدىكى قاتماللىقنى تۈگەتتى.

— گۈلچىمەن، — دېدى ئەزىمەت قىزنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، — بىز شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ياخشى دوست بولۇپ ئۆتتۇق. بۇ جەرياندا مەن سىزنى خېلى چوڭقۇر چۈشەندىم دەپ ئويلايمەن. شۇڭا، بۇندىن كېيىنكى ھايات مۇساپەمنى سىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ بىللە باسسام دەپ ئويلايمەن. ئەگەر سىزمۇ مېنى ئۆزىڭىزگە مەڭگۈلۈك جورا بولالايدۇ دەپ قارىسىڭىز، مېنىڭ تەلپىمنى رەت قىلمىسىڭىز.

گۈلچىمەن ئەزىمەتنىڭ مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى بۇرۇندىنلا بىلىدىغاندەك، مۇشۇنداق بىر گەپ ئۈچۈن ئاللىقاچان پۇختا تەييارلىق كۆرۈپ قويغاندەك بىر دەم ئۈنسىز ئولتۇرغاندىن كېيىن، ناھايىتى تەمكىنلىك بىلەن شىرەنىڭ گىرۋىكىگە تىكىپ ئولتۇرغان كۆزلىرىنى ئەزىمەتكە يۆتكىدى:

— بىز تونۇشقاندىن بۇيان پىكىرداش، سىرداش بولۇپ بىر-بىرىمىزدىن ئىلھام، مەدەتلىرىمىزنى ئاياشماي كەلدۇق. مېنى ئۆزىڭىزگە جورا بولالايدۇ دەپ ئىشەنگىنىڭىزگە رەھمەت! مېنى چوڭ كۆرگىنىڭىزگە رەھمەت! مەن پەقەت شۇنىلا دېيەلەيمەن. بىراق، تەلپىڭىزنى قوبۇل قىلالمايمەن، — دېدى گۈلچىمەن ئوڭايسىز بىر خىل ھالەتتە.

— نىمىشقا؟ — ئەزىمەتنىڭ ئاۋازى ۋارقىرىغاندەك چىقىپ كەتتى، — نېمە ئۈچۈن؟ مېنى ئۆزىڭىزگە ماس كەلمەيدۇ دەپ قارىغاچقىمۇ ياكى مېنىڭ ئانچە كېلىشمىگەن قەددى-قامىتىم پەسەنتىڭىزگە ياقمىدىمۇ؟

— ياق، ئەزىمەت،— مەن سىزنى ياراتمايۋاتقىنىم يوق، بىز پەقەت پىكىرداش دوست. ئۇنىڭ ئىرىسىغا ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس.

— نېمە ئۈچۈن؟

— چۈنكى، مېنىڭ لايىقىم بار. جاۋاب ئەنە شۇنداق ئاددىي.

— بۇرۇن نېمە ئۈچۈن لايىقىڭىز بارلىقىنى دېمىگەن.

— سىز سوراپ باققانمۇ؟ — سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى گۈلچىمەن، — سىز مۇشۇ ۋاقىتقىچە مەندىن بۇ ھەقتە ھېچنېمە سورىمىدىڭىز، مەن تېخى سىزنى بىلگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

— مەن، مەن ... سىزنى تېخى ... — ئەزىمەت بېشىغا چېقىلغان چۈشكەندەك چۆچۈدى، ئەندىكتى.

— مېنى لايىقى يوق دەپ قاراپتىكەنسىز-دە، بىز ماي بايرىمىدا توي قىلىشقا پۈتۈشكەن، توي تەييارلىقى ئاساسەن پۈتتى. كېلەر ھەپتە ...

— كېلەر ھەپتە باغاق تارقىتىمىز دەك.

— شۇنداق، مەن تېخى سىزنى تويدا ھە-ھۇ دېيىشىپ بېرىدۇ دەپ يۈرۈپتىمەن. ئەزىمەتنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئىككىسى چايخانىدىن چىققاندا خېلىلا كەچ بولۇپ قالغان بولۇپ، سۇس نۇر چېچىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرى خۇددى ئەزىمەتنىڭ كۆڭلىدەك خىرە ئىدى. ئۇلار ئېغىر قەدەملەر بىلەن گۈلچىمەننىڭ مەھەللىسى تەرەپكە يول ئالدى.

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئەزىمەت پۈتى كۆيگەن توخۇدەك جايىدا جىم تۇرالماس بولۇپ قالدى، بولۇپمۇ گۈلچىمەنگە ئاخىرقى قېتىم يېلىنىپ تۇرۇپ: «مەن سىز بىلەن توي قىلمەن، مېنى رەت قىلماڭ، ئەگەر سىز مېنىڭ پاك سۆيگۈمنى قوبۇل قىلمىسىڭىز، ماڭا بۇ ھاياتنىڭ نېمە كېرىكى...» دېگەن بولسىمۇ، ئۇمىدىنىڭ يوققا چىقىشى ئۇنى قاتتىق ئازابلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈلچىمەننى شۇ قەدەر چوڭقۇر سۆيىدىغانلىقىنى ئەمدىلا ھېس قىلىشقا باشلىغانىدى. ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان، ئەيمىنىدىغان ئۇ يېقىملىق كۆزلەرگە باشقىلار ئىگە بولسا، ئۇ قانداقمۇ چىدىسۇن. نەچچە يىللاردىن بېرى غايىبانە كۈتۈپ تۇرغان قىز دەل چىمەنگۈل ئىدى، مانا ئەمدى بۇ قىز قولدىن چىقىپ كېتىدۇ، باشقا بىرسىنىڭ جورىسى بولىدۇ، ئۇ مەڭگۈ باشقىلارغا تەئەللۇق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇ تەقدىرنىڭ بۇ چاقچىقىغا قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن... زەينۇرە بىلەن توي قىلالمىغىنىنىغۇ «تەلىيىم» دەپ يۈردى، ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك... گۈلچىمەننىڭ توي كۈنىنىڭ يېقىنلىشىپ قېلىشى ئۇنى ئىچىمۇ تىت-تىت قىلاتتى. ئۇيقۇسىنى قاچۇراتتى. ئەگەر گۈلچىمەننى قولدىن چىقىرىپ

قويسا ياشاشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى قالمايدىغاندەك، مەڭگۈ بويتاق قالىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. ئەزىمەت ئاچچىق ئەلەم بىلەن تولغاندى، قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇ رېئاللىققا تەن بېرىپ، «بۇ تەقدىر، ئامال يوق»دەپ تۇرسۇنمۇ؟! تۇيۇقسىز ئۇ دوستى ئابلەتنىڭ «ئوغۇل بالا دېگەن ئېرىشمەن دېگەن نەرسىسگە بىر ئامالىلارنى قىلىپ ئېرىششى كېرەك، ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ يۇرۇشكە بولمايدۇ» دېگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ قالدى.

توغرا، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — مەن بىر ئوغۇل بالا بولغاندىكىن بىر ئامال قىلىشىم كېرەك. پەقەت گۈلچىمەنگە ئېرىشىدىغانلا ئىش بولسا شۇنداق قىلسام نېمە بوپتۇ. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر گۈلچىمەننىڭ يىگىتىگە بىر پارچە خەت يېزىش قارارىغا كەلدى ۋە قولىغا قەلەم ئالدى.

※ ※ ※

گۈلچىمەننىڭ يىگىتى ئەته توي دېگەن كۈنى ئەزىمەتنىڭ پوچتىدىن ئەۋەتكەن خېتىنى تاپشۇرۇۋالدى، خەت ئەۋەتكۈچىنىڭ ئىسمى، ئادرېسى يېزىلمىغانىدى. ئۇ بۇ نامسىز خەتنى ساندۇققا سالدى ۋە خەت ھەققىدە گۈلچىمەنگە تىنمىدى، قىسقىسى، ئەته توي بولىدىغان بولغاچقا، گۈلچىمەننى بۇ كۆڭۈلسىز خەت بىلەن پاراكەندە قىلىشنى، يەنە شۇ نامسىز خەت سەۋەبىدىن تويىنىڭ بۇزۇلۇشنى خالىمىدى، ئۇ گۈلچىمەنگە ئىشىنەتتى ھەم ئۇنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرەتتى. لېكىن، بۇ نامسىز خەت ئاستا خاراكتېرلىك زەھەردەك ئۇنىڭ بەدەن ـ بەدەنلىرىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ بارماقتا ئىدى...

توي نەپىس بېزەلگەن كاتتا رېستوراندا ناھايىتى ھەشەم بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. چىمەن دوپپىسى بىلەن ئەتلەستىن تىكىلگەن توي كۆڭلىكىنىڭ ئىچىدە گۈلدەك ئېچىلىپ كەتكەن گۈلچىمەن سالاپەت بىلەن ئولتۇرغان يىگىتىنىڭ يېنىدا تولىمۇ بەختىيار كۆرۈنەتتى.

توي ئاتا ـ ئانىلارنىڭ مېھرلىك دۇئاسى، ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلەرنىڭ گۈزەل تىلەكلىرى ئىچىدە ئاخىرلاشتى. گۈلچىمەن يىگىتىنىڭ خىيالچان كۆزلىرىدىكى ئاچچىق بىر سوئالنى تېخى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى. قىز كۆچۈرۈلۈپ ھۇجرىغا ئېلىپ كېلىنگەندە گۈلچىمەننىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان پاجىئە يۈز بەردى.

گۈلچىمەن قىزلىق ھايات بىلەن خوشلىشىپ ئاياللىق بوسۇغىسىدىن ئاتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋاقىتتا، ھەق نىكاھلىق ئېرى جۇشقۇن تۇيۇقسىز ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغ كۈنۈپكىسىنى باستى، ھۇجرا ئىچى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. بۇ تويۇقسىز ئىشتىن چۆچۈپ كەتكەن قىز ئەنسىز تىۋىلىۋەتتى، كۆزلىرى غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەن يىگىت كارىۋاتقا يېقىن كەلدى ـ دە گۈلچىمەننىڭ يالىڭاچ بەدىنىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە خۇددى يىڭنە ئىزدىگەندەك سىنچىلاپ سەپسالدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز، ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟— دېدى قاتتىق قورقۇپ كەتكەن قىز،— چىراغنى ئۆچۈرۈڭ دەيمەن.

— مەن ساراڭ بولۇپ قالمىدىم، گۈلچىمەن،— دېدى يىگىت چىشلىرىنى — باشقا ئەركەك كۆرگەن نومۇسلۇق يېرىڭىزدىكى مەڭنى مەنمۇ كۆرۈپ باقاي دېدىم شۇ.

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ، گەپ بولسا ئوچۇق دەڭ، بۈگۈن توي كېچىسى،— گۈلچىمەن شۇنداق دېگىنىچە ھاپىلا ـ شاپىلا كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

— بۇنىڭدىن باشقا قانداق ئوچۇق دەيمەن،— دېدى جۇشقۇن سافاغا ئۆزىنى تاشلاپ تاماكىسىنى قاتتىق ـ قاتتىق شوراپ،— مەن سىزنى ماڭىلا تەئەللۇق دەپ قاتتىق ئىشىنىپتىكەنمەن، ئەمما ھەمشىرىك ئادەمدىن يەنە بىرسى بارئىكەن ئەمەسمۇ؟!

كېيىنىپ بولغان گۈلچىمەن سافاغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئېرىنىڭ بىلىكىنى تۇتقانچە كۆزلىرىگە ياش ئالدى:

— ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىپ، نېمە گەپ بولسا ئوچۇق دەڭ، مەن زادى نېمە ئىشنى خاتا قىپتىمەن، قانداقلا بولسۇن بۈگۈنكىدەك قۇتلۇق كۈندە ماڭا ئازار بەرمەڭ، مەن ۋە سىز مۇشۇ قۇتلۇق كۈننىڭ پاتراق يېتىپ كېلىشىنى زارىقىپ كۈتكەن ئەمەسمۇ؟ مانا ئەمدى تۈنجى كۈنلا باشقىچە ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىڭىزغۇ؟

— نېرى ئولتۇر، — يىگىت قىزنى تۈنجى قېتىم سەتلىدى ۋە بىلىكىنى سىلكىپ قىزنى ئىتتىرىۋەتتى،— سەن پاك ھەم تۇخۇمدەك ساق بولساڭ، يات بىر ئەر سېنىڭ نومۇسلۇق يېرىڭدىكى مەڭنىڭ ئورنىنى قانداق بىلىدۇ؟ دەپ باقە قېنى، زادى قانداق بىلىدۇ؟ مەن سېنىڭ ساداقىتىڭگە تاغدەك ئىشەنگەن ئەمەسمۇ!؟ مانا ئەمدى ئىشەنگەن تاغدا كېيىك ياتماپتۇ دېگەندەك ... سەن...— يىگىت غەزەپتىن بوغۇلۇپ قالدى.

— ئوچۇقراق دەڭ، زادى نېمە گەپ بۇ؟ مەن سىزنىڭ ئىشەنچىڭىزنى قانداق يەردە قويۇپتىمەن، مەن

سىزگە ئەزەلدىن سادىق، سۆيگۈمىزگە ئەزەلدىن سادىق، — قىز ئەمدى ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

تويى بولۇپ ھۇجرىغا تۇنجى قەدەم باسقان بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ تۇنجى كېچىسى ئەنە شۇنداق ئاياغلاشتى. يىگىت خەت تاپشۇرۇۋالغانلىقنى ئوچۇق ئېيتماي، بىرسىنىڭ تېلېفوندا گۈلچىمەننىڭ كىندىكىنىڭ ئاستىدا مېڭى بارلىقىنى بىلدۈرگەنلىكىنى، ئەگەر كۆڭلۈڭ كۆتۈرسە توي قىل، دېگەنلىكنى ئېيتتى.

تويدىن كېيىن بولىدىغان كۈيئوغۇل تازىم، ياندۇرۇق چاي، تاتلىق چاي دېگەندەك قائىدىلەر ئۆز قەرەلىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما يىگىت بىلەن قىزنىڭ قەلبى ئازاب دېڭىزىدا تۇنجۇقۇپ ئۆرتەنمەكتە ئىدى. بۈگۈنى توي قىلىپ ئەتىسىلا قىز يانسا ئەل-مەھەللە نېمە دەيدۇ، كۆتۈرۈپ قويقۇسىز قۇرۇق سۆز، قۇرۇق تۆھمەتلەر قىزنىلا ئەمەس، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىنىمۇ يەر قىلىۋېتىدۇ.

بۈگۈن توي قىلىپ ئەتىسى خوتۇننى يولغا سالغان يىگىتنىچۇ؟ بىر ئۆمۈر قۇتۇلغۇسىز ئاھانەت ساقلاپ تۇرىدۇ. شۇڭا، ئۇلار بىرەر ئاي كىشىلەرگە چاندۇرماي ئۆتۈشكە پۈتۈشتى. قارىماققا ئۇلار تولىمۇ ئىناق-ئېجىل ئەر-خوتۇنلارغا ئوخشايتتى. گۈلچىمەن گاراڭلا بولۇپ قالدى، ئاغزىنىڭ بىر قات تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈدەك چۈشەندۈرۈشى جۈشقۇننى زادىلا قايىل قىلالمىغانىدى. نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ مەن زادى نېمە گۇناھ قىلدىم؟ قېنى ئۇنىڭ ئىشىنىمەن دېگەنلىرى، قىلغان ۋەدىلىرى!؟ ئەجەبا، نەچچە يىللىق ئەقىدەم مۇشۇنداق ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق توزۇپ كېتەمدۇ؟ خەقنىڭ تېلېفوندا دېگەن گەپلىرىگىمۇ ئىشىنەمدۇ؟ ئاھ خۇدا! كىمدۇ مېنىڭ ئىززەت-نەپسىمگە، بەختىمگە چاڭ سېلىۋاتقان؟...

گۈلچىمەن بىرنەچچە كېچىنى يىغلاپ ئۆتكۈزدى، ئۇ تۇنجى قېتىم قىز بالىنىڭ ھەقىقەتەن ئاجىز بولىدىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇ ھەقىقەتەن ئاجىز ئىدى، ھەقىقەتەن چارىسىز قالغانىدى. بۇ ئىشلارنى يا بىرەر دوستىغا تىنغىلى بولمىسا، يا بىرەرسىدىن ياردەم سورىغىلى بولمىسا، زادى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ پەقەت يىغلايتتى، كېچىسى ياستۇقى ھۆل بولۇپ كەتكۈچە يىغلايتتى. كۈندۈزى پەردازنى قېنىق قىلىپ، يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى، مەيۈس چېھرىنى يوشۇراتتى. جۈشقۇننىڭ ھالىمۇ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. بەزىدە ياستۇقنى قۇچاقلاپ ئۈنسىز ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاۋاتقان گۈلچىمەنگە ئىچى ئاغرىپمۇ قالاتتى-يۇ، لېكىن يەنە دەرھاللا «ۋاپاسىزلىق قىلغىنىڭغا توي» دېگەندەك تاماكىسىنى ئاچچىق-ئاچچىق شورىغىنىچە سافانىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇراتتى. «بۇ تۆھمەت بولۇپ قالسىچۇ؟» دېگەن خىيال غىل-پال ئۇنىڭ كاللىسىغا سايە تاشلاپ قالسىمۇ، يەنە دەرھاللا «تۆھمەت بولسا ئۇنىڭ تېنىدىكى مەڭنى...» دەپلا تۇرۇپ قالاتتى. ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكىدىن ئۆكۈنەتتى.

ئارىدىن ئون نەچچە كۈن ئەنە شۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. گۈلچىمەن تۇيۇقسىز ئەزىمەتتىن گۇمانلىنىپ قالدى، بۇ رەزىللىكنى ئاشۇ قىلغانمىدۇ؟ ياق، ياق! ئەگەر ئۇ قىلغان بولسا مېنىڭ بەدىنىمدىكى مەڭنىڭ ئورنىنى ئۇ قانداق بىلسۇن. قىز دوستلىرىمنىڭ بىرەرسىنىڭ ئىشىمۇ يا؟ مۇمكىن ئەمەس، ئۇلار نېمىدەپ شۇنداق قىلغۇدەك!؟...

چىمەنگۈل خۇددى رازۋېتكا ساقچىسىدەك بارلىق گۇمانىي كىشىلەر، گۇمانىي نۇقتىلارنى بىر-بىرلەپ ئەقىل ئەلگىكىدە تاسقاپ چىقتى. گۇمان ئاخىر ئەزىمەتكە مەركەزلەشتى. ئەزىمەت مېنى ياخشى كۆرىمەن دېگەنىدىغۇ، مەنمۇ ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن قىلچە گۇمانلانمىغان. ئەمما، ئۇنىڭ ياخشى كۆرۈشى بىردىنلا ئاشۇنداق رەزىللىككە ئۆزگىرىپ كېتەرمۇ؟! مەن ئۇنىڭ تەلپىنى رەت قىلغاندا ئۇ قايىل بولغاندەك قىلغان، لېكىن تويغا بىرنەچچە كۈن قالغاندا يەنە شۇ كونا گەپنى قىلىپ «سىز بولمىسىڭىز ياشىيالمايمەن، سىزسىز ھاياتنىڭ مەن ئۈچۈن كېرىكى يوق، ئەگەر يەنىلا مېنى رەت قىلسىڭىز، مېنىڭ سۆيگۈم نەپرەتكە ئايلىنىپ كېتىدۇ، سىزنىمۇ، مېنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىدىغان نەپرەتكە ئايلىنىدۇ...» دېگەندەك قىلغان. ئۇ چاغدا مەن ئېرەن قىلمىغانىكەنمەن. ئۇ شۇ ۋاقىتتا ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان مۇشۇنداق پىلاننى ئالدىن ئويلىغان بولغىيمىدى!؟ ئۇنداق بولسا ئۇ مېنىڭ مېڭىمنىڭ ئورنىنى قانداق بىلىدى. بۇ سىرنى قانداق ئېچىش كېرەك؟ ...گۈلچىمەن قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. ئۇ ئاخىر ئەزىمەتنى ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش قارارىغا كەلدى ھەمدە ئۇنى ئىزدەپ ئىدارىسىگە باردى، ئەزىمەت رۇخسەت سوراپ ئىشقا كەلمىگەنىدى. ئۇ ئاخىر ئەزىمەتنىڭ دوستى ئابلەتتىن ئەزىمەتنى سۈرۈشتە قىلدى:

— ئەزىمەت بىرقانچە كۈن بولدى، نېمە بولدىكىنتاڭ، كۈندە قاۋاقتا غىق ئىچىپ يۈرىدۇ، مەنمۇ ئۇنىڭغا نەچچە رەت نەسىھەت قىلدىم. ھە دەيدۇ-يۇ، يەنە قاۋاققا يۈگۈرىدۇ، — دېدى ئېغىر تىنىپ، — بەلكىم سىزنىڭ

تويىڭىز ئۈنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلغان ئوخشايدۇ.

— مەن تويدىن بۇرۇن ئۇنىڭغا چۈشەنچە بەرگەنىدىم.

— ئۇنى شۇنداق، ئەمما كۆڭۈل ئىشىغا بىر نېمە توغرا كەلمەيدۇ ـ دە.

گۈلچىمەن ئابلەت بىلەن خوشلىشىپ ئۆزى تونۇيدىغان بىكار تەلەپ مەھەللىدىكى تەۋەككۈلنى ئىزدەپ ماڭدى.

※ ※ ※

گۈلچىمەندىن مىڭ يۈەن نەق پۇلنى ئالغان تەۋەككۈلنىڭ ئەسلىدىنلا يوغان ئاغزى خۇشاللىقتىن تېخىمۇ كالچىيىپ كەتتى.

— خوتۇن كىشىلەر نېمىدېگەن ئەخمەق، بىر هاراقكەشتىن سوراپ كېلىدىغان ئىككى ئېغىز گەپكە مىڭ يۈەن بەرسە، يەنە تېخى بۇ كىچىك ئۇنئالغۇمۇ ئىش پۇتسە مېنىڭ بولىدىكەن، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە گۈلچىمەن يېزىپ بەرگەن سوئال يېزىلغان قەغەزنى سىقىمداپ قويدى.

بىر ـ ئىككى كۈن ئەزىمەتنى پايلاپ تۇرغان تەۋەككۈل ئاخىر ئەزىمەت بىلەن قاۋاقتا تونۇشتى، ئەزەلدىن هاراق ئىچەلمەيدىغان ئەزىمەت ئۈچ ـ تۆت رومكا ئىچەر ـ ئىچمەيلا مەست بولۇشقا باشلىدى، پۇرسەت كەلگىنىنى بىلگەن تەۋەككۈل كىچىك ئۈنئالغۇنى ئېچىپ قويۇپ ئۇنى هە دەپ گەپكە سېلىشقا باشلىدى...

هۇجرا ئىچى جىمجىت ئىدى، گۈلچىمەن ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى ئاستا قويدى، جۇشقۇن بولسا ئۈنئالغۇدىن چىقىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىغانسېرى چاچلىرىنى قاماللاپ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ ئولتۇراتتى. گۈلچىمەن توختىماي ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ «مەن پاك دېسەم ئىشەنمەيسىز، ئەمدى نېمە دەيسىز» دېگەندەك قاراپ ـ قاراپ قوياتتى.

كىچىككىنە ئۈنئالغۇ لېنتىسىدىن بارلىق سىرلار ئېچىلدى. ئەزىمەت گۈلچىمەننىڭ توينىڭ قىستاپ كېلىشى بىلەن جايىدا ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ كۈندە گۈلچىمەننى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىدارىسى، مەھەللىسى ئەتراپىنى چۆرگىلەپ يۈرەتتى. بىر كۈنى گۈلچىمەن داس كۆتۈرگىنىچە ئاممىۋى مۇنچىغا كىرىپ كەتتى، مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدىكى تېرەكنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ بۇنى كۆرگەن ئەزىمەتنىڭ خىيالىغا چاقماق تېزلىكىدە ئىنتايىن رەزىل بىر پىلان كەلدى، ئۇ نېرى ـ بېرىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا يولنىڭ بويىدا پال ئېچىپ ئولتۇرغان، يۈزلىرىنى تور ياغلىقتا ئورىۋالغان ئايالنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە يېنىدىن بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ مەقسىتىنى تېز ـ تېز ئېيتتى.

— ناهايىتى مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇپ چىقىدىكەنمەنغۇ، مەنمۇ مۇنچىغا كىرگۈدەك بولۇپ كەتكەندىم، — دېدى پالچى ئايال يېشىغا ماس كەلمىگەن بىر خىل غىلجىڭلىق بىلەن.

— تېز، ئەنە ئاۋۇ مۇنچىغا كىرىش بېلىتى ئېلىۋاتقان قىز شۇ، ياخشىراق تونۇۋالسىلا، يوتىسىدا ياكى ئىشقىلىپ بېلىنىڭ تۆۋىنىدە تاتۇق بولامدۇ، مەڭ يا داغ بولامدۇ، ئىشقىلىپ، ئېنىقراق بىر بەلگىسىنى بىلىۋالسىلا بولىدۇ. سىلنى مۇشۇ يەردە ساقلايمەن، سىلى چىققاندا يەنە سۆيۈنچە بېرىمەن.

— چۈشەندىم، يىگىت، ئۇ قىزنىڭ بەدىنىدە ئەيىب ـ نۇقسان بارمىكىن دەۋېتىپسىزدە، — پالچى ئايال ئۇششاق پال تاشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ مۇنچىغا ماڭدى.

ئەزىمەت پالچى ئايالنىڭ ئېيتىپ بەرگىنى بويىچە هېلىقى خەتنى يازغانىدى. ئۈنئالغۇنىڭ ئۈنى ئاللىقاچان ئۆچكەن، ئۇنىڭ شىرىلدىغان ئاۋازى هۇجرىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. گۈلچىمەن ياشلىق كۆزىنى ئېرىگە تىكتى، جۇشقۇن ئېغىر تىنىپ قويغاندىن كېيىن، ياندىكى ئۆيگە چىقىپ هېلىقى خەتنى ئاچىقىپ گۈلچىمەننىڭ قولىغا تۇتقۇزغاچ ئۇنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن قۇچاقلاپ ئاستا شىۋىرلىدى:

— كەچۈرۈڭ، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن بۈگۈن سىزدىن پەقەت كەچۈرۈملا سورىيالايمەن.

— كەچۈرۈم سورىمايلا قويۇڭ، بۇ بىزنىڭ مۇھەببەت مەنزىلىمىزدىكى بىر قېتىملىق سىناق، ئۇنتۇلغۇسىز ساۋاق بولۇپ قالسۇن، هەر ۋاقىت مېنىڭ ئۆز مۇھەببىتىمگە سادىق ئىكەنلىكىمنى ئۇنتۇماڭ. تۇرمۇش سەپىرى تېخى ئۇزۇن، بىز بىر ـ بىرىمىزگە مەڭگۈ سادىق ۋە يار ـ يۆلەك بولۇپ ئۆتەيلى، — دېدى قىز ياشلىق مەڭزىنى ئېرىنىڭ مەڭزىگە يېقىپ.

دېرىزىدىن كىرگەن كېچىنىڭ غۇر ـ غۇر شامىلى تەنگە هۇزۇر بېغىشلايتتى. چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ ياشلىق كۆزلىرىدە جىمىرلايتتى. تۈن قاراڭغۇسى بۇ ئىككى ياشنىڭ گەۋدىسىنى يوشۇرماقچى بولغاندەك تېخىمۇ قارىيىشقا باشلىدى...

---

ئاپتور: كۇچا ناهىيە دۆلەتلىك باج ئىشلىرى ئىدارىسىدە




## مۇقەددىمە

ئەقىدەڭ چىڭ بولسا، خالاس روھىڭ ھالاكەتتىن،
ئەقىدەڭ قىلچە سولاشسا، قۇتۇلماسسەن پالاكەتتىن.
**— روزى سايىت**

— بالام ئاۋۇتجان، باشقىلاردىن سىزنى توك ئويۇنچۇقلىرى بار يەردە يۈرىدۇ دەپ ئاڭلىدىم، بۇ گەپ راستمۇ؟

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىكەنسەن ئاپا، خەق تاپقان گەپ ئۇ!

— دادىڭىز رەھمەتلىك بۇ دۇنيادىن شۇنداق پاكىز كەتتى، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا قالايمىقان يەرلەرگە بېرىپ قالماڭ، گۈلچىمەنگە ئوبدان ئەۋلىق قىلىڭ، ئادەم مۇشۇنداق چاغدا مېھرىبانلىققا، كۆيۈنۈشكە بەك موھتاج بولىدۇ، بالام.

— خاتىرجەم بولغىنا ئاپا، مېنىڭمۇ بىر ئىشنى بىلگۈچىلىكىم بار.

ئاۋۇت ئاخىرقى گەپلەرنى قىلىپ بولۇپلا ئاپىسى بىلەن جىددىي خوشلىشىپ، يەنە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان «سۆيۈملۈك» ماكانىغا قاراپ يول ئالدى. جىن چاپلاشقاندەك بىر سەۋدالىق ئوتى ھازىر ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىۋالغانىدى.

ئاۋۇت قاچانلاردا مۇشۇنداق ھەۋەسنىڭ، ياق، ھەۋەس ئەمەس، كۈچلۈك بىر ئوتنىڭ ئۆزىگە تۇتاشقىنىنى بىلمەيتتى. بۇ ئوت ئۇنى ئاق چېكىپ ئۆگىنىپ قالغان ئادەمنىڭ خۇمارىغا ئوخشاش ئىنتىلدۈرۈپ جىم تۇرغۇزمايتتى. بىر قېتىم كۆرگەن چۈشى ھەم تاسادىپىي ئېرىشىپ قالغان ئامەت ئۇنى ئاشۇ يەرگە بارمىسا كۆڭلى زادى ئارام تاپمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. شۇ قېتىم ئۇنىڭ ئامىتى كېلىپ، بىراقلا ئىككى مىڭ يۈەن ئۇتۇۋالغانىدى، شۇندىن كېيىن ئۇ جىم تۇرالماس بولۇپ قالدى. يېشىل، سېرىق، قىزىل رەڭ ئىچىدە توختىماي ئايلىنىدىغان سۈرەتلەر بەزىدە ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قالىدىغان ئامەتتىن بېشارەت بېرىپ، ئاۋۇتنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالاتتى. «كۆيگەندىن كۆنگەن يامان» دېگەندەك، مۇشۇ يەرگە ئۆگەنگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا باشقا ئىشلار زادىلا خۇش ياقماس بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئايالى گۈلچىمەنگىمۇ ئۇقتۇرماي، بىر ئوبدان مېڭىۋاتقان كىچىك دۇكىنىنى باشقىلارغا ئەرزانلا بېرىۋېتىپ چوڭقۇر بىر قايىنامنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. «ئانامۇ قېرىغانچە تولا گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ، — دەيتتى ئۇ كېتىۋېتىپ، — ھازىر دېگەن قايسى زامان؟ ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان، جاپا تارتماي پۇل تاپىدىغان چاغ. دادامنى پاكىز ياشىغان

دەيدۇ، پاكىز بولغانغا، ۋىجدانغا، ئىناۋەتكە بىر ئادەم بەش موچەن بەرمىسە يا! ئۇ دېگەن قالايمىقان يەر ئەمەس، ھەقىقىي ئوغۇل بالىنى سىنايدىغان، مەرد - باتۇرنى تاللايدىغان جەڭگاھ! مەنمۇ بۇلارنى ئۆزۈم ئۈچۈنلا قىلىۋاتقىنىم يوققۇ، گۈلچېمەننى، بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ بىغەم جاننى دەپ قىلىۋاتىمەنغۇ، ئۇنىڭغا ئىككى دۇنياغا يەتكۇدەك پۇل ھازىرلاپ قوياي دەپ مۇشۇنداق جاپا تارتىۋاتىمەنغۇ! قاراپ تۇرسۇن، مەن ئاۋۇت تويۇقسىز شۇنداق بىر پۇللۇق بولۇپ كېتەيكى، ھەممىسىنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس! شۇ چاغدا نېمە دەيدىكىن قېنى؟!» ئاۋۇت ئۆز خىيالىدىن مەمنۇن بولۇپ قايسىدۇر بىر خەلق ناخشىسىغا دىمىقىدا غىڭشىغىنىچە، ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقلار شەھەرچىسىگە شامالدەك كىرىپ كەتتى.

※ ※ ※

ئاۋۇت چاپاق باسقان كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ دېگۈدەك قىزىل، سېرىق، يېشىل رەڭ توختىماي ئايلىنىۋاتقان تېلېۋىزور ئېكرانىغا ئوخشايدىغان ئەينەككە مىختەك تىكىلگەن ھالدا قولىدىكى كۇمۇش رەڭ مېتال تەڭگىنى بىر - بىرلەپ ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ماشىنا ئىچىگە تاشلايتتى. ئۇزايىدىن مۇگدەۋاتقان ياكى بىر نەرسىنى خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى ئىلغا قىلماقمۇ تەس ئىدى. خۇددى ئۇنىڭدا ئېلىشى باردەك پات - پاتلا بۇرنىنىڭ ئۇچىغا قونۇۋالىدىغان چىۋىنلەرنى ئېرىنچەكلىك بىلەن قوغلىماقچى بولاتتى - يۇ، ئۇيقۇلۇق ئىچىدە يۇزىگە تەگكەن ئۆزىنىڭ شاپىلىقىدىن ئېسىگە كېلىپ، ئاراملىق بەرمەيۋاتقان بىزەڭ چىۋىننى بىر نېمىلەرنى دەپ تىللايتتى، تۇرۇپلا ئۆز - ئۆزىگە غودۇڭشۇپ، نېمىلەرنىدۇر دەيتتى. مانا ئۇنىڭ مۇشۇ ئورۇندا بىر نۇقتىغا مىختەك قادىلىپ ئاشۇ تەرزدە ئولتۇرغىنىغا بىر كېچە - كۈندۈز بولدى، ئەمما قىرىشقاندەك ھېچ ئامتى كەلمەيۋاتاتتى. «بۈگۈن بۇ ئاپپاراتقا نېمە بولغاندۇ؟ - ئويلىدى ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە، - بەش مىڭ يۈەن پۇلنى ئۇتتۇرۇپ بولغاندىمۇ بىرەر نۆۋەت كېلىپ قوياي دېمەيدۇغۇ، تەلىيىم قاچتىمۇ نېمە؟ دوختۇرخانىغا تاپشۇرىدىغان پۇلنىمۇ ئۇتتۇرۇپ بولدۇم. مانا ئەمدى گۈلچېمەننى قايسى پۇلغا دوختۇردىن ئېلىپ چىقىمەن؟ بوۋاقنى كۆرمىگىلىمۇ ئىككى كۈن بولۇپ قاپتۇ، گۈلچېمەن نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدىكىن؟ قانچىلىك تەڭقىسلىقتا قالغاندۇ؟ باشتىلا بۇ يەرگە كىرمىسەم بوپتىكەن. بىرمۇنچە پۇلنى ئۇتتۇرۇپ بولدۇم، قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئەمدى كېچىكتىم، تارتقان زىيىنىمنى چوقۇم قايتۇرۇۋېلىشىم كېرەك، بۇنىڭغا يەنە پۇل كېتىدۇ، بۇنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئانامنىڭ قېشىغا پۇل سوراپ كىرسەم قانداق بولار؟ شۇنداق قىلمايمۇ باشقا ئامال يوق، ئۇتتۇپ قالسام ھەسسىلەپ قايتۇرۇپ بەرمەيمەنمۇ، مېنى چۈشۈم ھەرگىز ئالدىمايدۇ، چوقۇم چۈشۈمدىكىدەك بەخت - ئامەت ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كېلىپ قالىدۇ، شۇ چاغدا...»

ئاۋۇت شۇلارنى ئويلاپ بىردىنلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇققا چىقىپ قالغاندەك خۇشال بولدى. ئۇ خۇددى ئۆزى ئولتۇرغان مۇشۇ ئورۇنغا قىيمىغاندەك، ئېغىرلىشىپ كەتكەن ھالسىز بەدىنىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ سىرتقا چىققاندا كۈن ئالللىبۇرۇن غەربكە قايرىلغان بولۇپ، بىر كۈنلۈك ھاياتلىقنىڭ شاۋقۇن - سۈرەنلىرى ئەۋجىگە چىققانىدى. ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇقخانىنىڭ يېنىغىلا كاۋاپدىنىنى قويۇپ، ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ ساتىدىغان ياسىن كاۋاپمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى، كاۋاپدانىنىڭ يېنىغىلا قويۇلغان جوزىدا ئۈچ - تۆت يىگىت مالاچلىتىپ بىر نېمىلەرنى يەپ ئولتۇراتتى، گېپىدىن قارىغاندا، ئۇلارمۇ ئۇتتۇرۇپ يېنىپ چىققاندەك ئىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى قۇرۇق چىۋىققا ئۆتكۈزۈپ پىشۇرۇلغان سەي - كۆكتاتنىڭ قاقلىما كاۋاپلىرىغا قاراپ، ئاۋۇت ئىختىيارسىز كالپۇكلىرىنى يالىدى. گۈلچېمەننىڭ ئوخشىتىپ ئېتىدىغان لەڭمەن، پولۇلىرى كۆز ئالدىغا كېلىشى بىلەن قورسىقى تېخىمۇ ئاچقاندەك بولدى. مۇشۇ قورساقنىڭ بىكارلا ئېچىپ كېتىدىغان ئىشىزە!

— ھە ئاۋۇتجان، بۈگۈن ئىش - ئوقەت قانداقراق، سالپىيىپلا قاپسىز، يەنە ئۇتتۇرۇۋەتتۇقمۇ نېمە؟ — دېدى ياسىن كاۋاپ ئۇيقۇسىزلىق ھەم چارچاشتىن چىرايى خۇددى پاسمالدەك بولۇپ قالغان ئاۋۇتقا چاقچاق ئارىلاش.

— مېنىڭ ھازىر سەن بىلەن سۆزلەشكۈدەك ھالىم يوق، — ئاۋۇت نېمىگىدۇر ئالدىراۋاتاتتى، ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇ تاپتا كاۋاپدانىنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇپ قويغان بىر لېگەن پارچە ناندا ئىدى، — قورسىقىم شۇنداق ئېچىپ كەتتى، ئاۋۇ بەش موچەنلىك نېنىڭدىن بىرنى ئوتقا قاقلاپ بەرگىنە، — ئاۋۇت يەنە بىر قېتىم كالپۇكىنى يالاپ قويدى ۋە ئاغزىغا كەلگەن شۆلگەينى غۇرتتىدە يۇتۇۋېتىپ، بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — ئەمما يېنىمدا ھازىر بىر پۇڭمۇ پۇل يوق، نېنىڭنىڭ پۇلىنى ھېلىغىچە سۇنۇۋېتىمەن.

— ياپىرىم، مۇشۇ بەستىڭ، سۆلىتىڭ بىلەن بەش موچەنگىمۇ چىقىنالماس بولۇپ قالدىڭما؟ ئىست! ئاناڭنىڭ سېنى ئوغۇل دەپ تۇغقىنىغا، — ياسىن كاۋاپ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ، دىمىقىدا خىرىلداپ كۈلدى، — نېسىگە بىر نەرسە ساتمايتتىم، بوپتۇ، تونۇش بولغاندىكىن ساڭا بىر

قىتىم ئارقـا ئـىشىك قـلاي، ئەمما پۇلـنى ۋاقتىدا بىرىۋىتەرسەن، ــ ياسىن كاۋاپ بېشىنى يېنىك چايقىغىنىچە ناندىن بىر پارچىنى ئېلىپ، ئىككى يۈزىنى موي چوتكا بىلەن چالا ـ بۇلا مايلىۋەتكەندىن كېيىن كاۋاپدانىنىڭ ئۈستىدىكى ئوتتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن تۆمۈر بالداققا قويدى. «خەپ! مۇنۇ قەلەندەر ماڭا بۇگۈن ئەجەب ئاھانەت قىلدىيا، ئالدىغا ھاجەتمەن بولۇپ كېلىپ قاپتىمەن، بولمايدىغان بولسا خامىرنى گۈيخا تارتىپ قوياتتىم. ئالدىرىماي تۇرسۇن، يانچۇقۇمغا بىر كاللەك پۇل كىرگەن كۈنى مۇشۇ ياسىن تازنىڭ ئالدىدا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ، نان كاۋاپتىن ئوننى، ياق، گۆش كاۋاپتىن ئوننى قويدۇرۇپ، پىۋا دېگەننى دۈۋىلەپ قويۇپ ئىچىپ، ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويىمسام ئاۋۇت دېگەن ئىسمىمنى يۆتكىۋېتىمەن!...» ئاۋۇت ئەلەم ئىچىدە شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ بولغۇچە، نان كاۋاپمۇ تەييار بولۇپ قالغانىدى.

ــ نان كاۋاپىڭ پۇلنى ئۇنتۇپ قالما جۇمۇ ئاۋۇت!ــ ياسىن كاۋاپ نانىنى يوغان ـ يوغان چىشلەپ يېگىنىچە ئالدىراپ ماڭغان ئاۋۇتنىڭ ئارقىسىدىن ئەنسىرىگەندەك توۋلىدى. ئاۋۇت يۈگۈرگەندەك ماڭغىنىچە ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەنىدى.

ــ چىرايىڭىز بۆلەكچىلا تۇرىدۇغۇ بالام، نېمە بولدىڭىز، ئاغرىپ قالمىغانسىز؟ گۇلچىمەن قىزىمنىڭ ئەھۋالىچۇ، بوۋاقنىڭ مىجەزى قانداقراق؟ــ كەچلىك تاماققا تۇتۇنغان ئانا ئوغلىنىڭ ئالدىراپ كىرىپ كېلىشىدىن كۆڭلى نېمىندۇر تۇيغاندەك، ئەنسىزلىك ئىچىدە دېدى.

ــ ھەممىسى ياخشى، ئاپا، مەن ھازىر دوختۇرخانىدىن كېلىشىم، يېنىمدىكى پۇلنى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويدۇم، مانا ئەمدى گۇلچىمەننى دوختۇردىن ئاچىقاي دېسەم ئامال بولمىدى، شۇڭا سىزدىن پۇل ئېلىپ تۇراي دېگەن، ــ ئاۋۇت ئانىسىغا تۇنجى قېتىم يالغان سۆزلىگىنى ئۇچۇنمۇ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

ــ دوختۇرخانىدا ئوغرىلىق قىلغان ئاشۇ نومۇسسىز ئوغرىنىڭ جاجىسىنى خۇدايىم ئۆزى بېرەر ئىلاھىم،ــ ئانىنىڭ غەزەپتىن قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەنىدى، ــ ھېچقىسى يوق بالام، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، كەلگەن توغرا بالا ـ قازا شۇنىڭ بىلەن كەتكەندۇ، گۇلچىمەنمۇ ئوخشاشلا مېنىڭ بالام، قانچە پۇل بولسا بولىدۇ؟

ــ دوختۇر گۇلچىمەننى ئوپېراتسىيە قىلدۇق، قان سالدۇق، تۆت مىڭ كوي تاپشۇرۇڭلار دەيدۇ، مەنمۇ ئېنىق بىلمىدىم.

ــ يىغىپ قويغان ئۈچ مىڭ كويلا بار ئىدى، شۇنى بېرەي، «جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان» دەپتىكەن، ئۆزۈمنىڭ نەۋرىسى ئەمەسمۇ،ــ ئانا شۇنداق دېگىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ھايال بولماي قىزىل لاتا بىلەن ئورالغان بىر تۈگۈنچەكنى كۆتۈرۈپ چىقتى،ــ خۇدايىم ئىشىڭىزنى ئوڭ قىلسۇن، بالام! يامان ئادەملەرنىڭ كۆزىدىن نېرى قىلسۇن، پۇلنى بىر قېتىم سانىۋېتىڭ.

ــ بولدىلا ئاپا، سىزگىمۇ ئىشەنمىسەم بولماس ئەمدى، مەن دوختۇرخانىغا ماڭدىم ئەمىسە، ــ ئاۋۇت شۇنداق دەپ ئانىسىنىڭ «تاماق يەپ مېڭىڭ!» دېگەن سۆزلىرىگىمۇ قۇلاق سالماي، ئۆزىنى سىرتقا ئاتتى. «مۇشۇنداق كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل ئوغۇلغا ئانا بولغىنىمدىن پەخىرلەنسەم بولغۇدەك،ــ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ئانا يۈگۈرگەندەك كېتىۋاتقان ئوغلىنىڭ ئارقىسىدىن سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ، ــ چىرايىدىن كىچىچە كىرپىك قاقماي گۇلچىمەننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغىنى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرامدۇ، بۇ تەرەپلىرى رەھمەتلىكنى كۆت دوراپتۇ. بىچارە بالام، جاپا تارتىسمۇ يەنىلا تاماقمۇ يېمەي، بوۋاقنىڭ قېشىغا ئالدىراپ ماڭدى. بوپتۇ، بىر بالىغا ئاتا بولۇپ، خۇشاللىقىدىن ھەممىنى ئۇنتۇپ قالغان چېغى، ئاۋۇتجان بالامنىڭ ئىنسابى ئۇچۇن ھەر قېتىمقى نامىزىمدىن يېنىپ قىلغان دۇئالىرىم ئىجابەت بولغان ئوخشايدۇ...» ئانا قۇياشنىڭ ئاداققى نۇرلىرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان تەشتەكتىكى گۈللەرگە قارىغىنىچە ئوغلىدىن ئەنە شۇنداق سۆيۈنۈش بىلەن پەخىرلىنىپ تۇرغان مىنۇتلاردا، ئاۋۇت ئاللىقاچان ئېلېكترونلۇق ئويۇنچۇق ماشىنىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، تەڭگە تاشلاشقا كىرىشىپ كەتكەنىدى.

※ ※ ※

ــ ھوي ئاۋۇتجان، نانىڭ پۇلنى! ــ ياسىن كاۋاپ ئالدىراپ سىرتقا ماڭغان ئاۋۇتنىڭ ئارقىسىدىن توۋلىدى. بىراق، ئاۋۇت ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىمۇ ياكى يېنىدا پۇل يوقمۇ، ئىشقىلىپ جىددىي ماڭغانىدى. «ئاپام بەرگەن پۇلنى ئۇتتۇرۇپ تۈگەتتىم، قېيىنئاتامغا مىڭ تەستە يالغان گەپ قىلىپ دوختۇرغا تۆلەيمەن دەپ ئاچىققان ئۈچ مىڭ كوينىمۇ ئۇتتۇرۇۋەتتىم. ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ئازراقلا ئوينىسام ئۇتاتتىم، ئەجەب تەلىيىم كەلمەي قالدى. ماشىنا كولدۇرنىڭ ئامىتى تازا كەپتىكەن، بەش مىڭ كوي ئۇتۇۋالدى، ئەمما مېنىڭمۇ ئامىتىم كېلەيلا دەپ قالغاندا پۇل تۈگەپ قالدى. ھازىرقى مەسىلە ئامال قىلىپ پۇل تېپىش كېرەك، ئۇتىدىغانغا ئازلا قالغان ئەمەسمۇ، مۇشۇ قېتىم ئۇتقانلا بولسام مالاش ـ مۇلۇش بولۇپ كېتەتتىم، ياسىن تازغىمۇ ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قوياتتىم. مېنى چۈشۈم ھەرگىز ئالدىمايدۇ...» ئاۋۇتنىڭ شۇ تاپتا بېشى

قاتقاندى، قانداقلا قىلسۇن، بىر يەردىن پۇل تېپىپ، ئۇتتۇرۇۋەتكەن پۇلنى قايتۇرۇۋالمىسا بولمايتتى. ئۇ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ دوختۇرخانا ئالدىغا كېلىپ قالدى. گۈلچىمەننىڭ قېشىغا كىرىشكە بولمايتتى، ئۇنىڭ ئالدىغا چۈنتەكنى تولدۇرۇپ كىرىش كېرەك. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا گۈلچىمەننىڭ ئورۇقلاپ سۇزۇلگەن چىرايى، غېرىبانە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان هالىتى كېلىشى بىلەن، كۆڭلى بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن بۇخسۇپ كېلىۋاتقان ئاچچىق يىغىدىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

ـــ ئەجەب نېسىپ بولمىدى بىزگە بالا بېقىۋېلىش، بېقىۋالغۇدەك بوۋاق بارمۇ ـ يوق، دوختۇرخانىغا يەنە بىر كىرىپ باقمىزمۇيە؟ ئېلاننىڭ ئۈچۈرىمۇ بولمىدى دېسە،ـــ ئاۋۇت بىر جۈپ ئەر ـ ئايالنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ شۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ ئۇلارنى بىر يەردە كۆرگەندەكلا قىلاتتى، توغرا، چوڭ يول ياقىسىدىكى هېلىقى ئىككى قەۋەت داچا شۇلارنىڭ ئەمەسمۇ؟! ئاۋۇتنىڭ قورسىقىغا بىردىنلا جىن كىردى.

ـــ راستىنلا بوۋاق بېقىۋېلىش نىيىتىڭلار بارمۇ؟ ـــ ئۇ هېلىقى ئەر ـ ئايالنى بىر تەرەپكە تارتىپ تۇرۇپ ئاستا شىۋىرلىدى،ـــ مەن سىلەرگە هازىرلا ئاچىقىپ بېرەي.

ـــ بىزنى ئالداۋاتمايدىغانسىز، بوۋاقنىڭ ئانىسى قەيەردە؟ـــ دېدى ئايال ئىشەنمىگەندەك.

ـــ بالا مېنىڭ، ئاپىسى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتتى. مېنىڭ ئاپام يوق، ئايالىمنىڭ ئۆيىدىكىلەر بېقىشنى خالىمايدىكەن، شۇڭا ئوبدانراق بىرەر ئائىلىگە بەرسەم، ياخشى بېقىلىپ قاتارغا قېتىلسا مەنمۇ خاتىرجەم بولغان بولاتتىم.

ئاۋۇت بوۋاقنى ئاپىسىغا كۆرسىتىمەن دەپ يالغان سۆزلەپ ئېلىپ چىققاندا، تېخى بايىلا گۈلچىمەن ئېمىتىپ قويغان، كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغان، تېخى ئەت ئالمىغان بىر پارچە قىزغۇچ گۆش جاهاندىن بىخەۋەر تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

ـــ نەچچە پۇل بېرىمىز؟ـــ دېدى ئەر كىشى هودۇقۇش ئىچىدە چىققان ئاۋۇتقا. ئۇلار خالىي بىر تامنىڭ بۇلۇڭىدا ساقلاپ تۇرغانىدى.

ـــ پۇلغا تەڭلىك بولۇپ قالدۇق، بولمىسا ساتمايتتۇق، ئۈچ مىڭ كويلا بېرىڭلار،ـــ دېدى ئاۋۇت ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ. خۇددى گۈلچىمەن هازىرلا پەيدا بولۇپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالىدىغاندەك ۋە ياكى ساقچىلار نەق مەيداندا تۇتۇۋالىدىغاندەك بىر قورقۇنچ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا كىرىۋالغانىدى.

شۇ تاپتا ئاۋۇتنىڭ كاللىسىدا چۈشىدىكى تەلەيىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇپ كۆپرەك پۇل ئۇتۇشتىن باشقا هېچنېمە يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ نېرى ـ بېرى تارتىشمايلا هېلىقى ئەر ـ ئايالغا تىلخەت يېزىپ بېرىپ ئۈچ مىڭ كوينى ئالدى ـ دە، ئويۇنچۇقخانىغا قاراپ چاپتى. «‹تاز بولساڭ گەدەنگىچە› دەپتىكەن، بۇدا چوقۇم ئۇتۇۋالىمەن، ئۇتتۇرغان بارلىق پۇللىرىمنى قايتۇرۇۋالىمەن، دەپ ئويلىدى ئۇ ئۈچ مىڭ كوي پۇلنى چىڭ سىقىمدىغىنىچە ئۆز ـ ئۆزىگە، ـــ ئالدى بىلەن بالامنى قايتۇرۇۋالىمەن، ئاندىن گۈلچىمەننى دوختۇرخانىدىن ئېلىپ چىقىمەن، ئۆيدىكىلەرنىڭ پۇللىرىنى قايتۇرىمەن، تويغۇچە نان كاۋاپ، ياق، گۆش يەيمەن، پىۋا دېگەننى يەشكىلەپ ئىچىمەن، قانغۇچە ئۇخلايمەن...»

ـــ ئاۋۇتجان ئۇكام، نان كاۋاپنىڭ پۇلىنى،ـــ ئەمدىلا ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىشكە ياسىن كاۋاپ ئۇنىڭغا قوللىرىنى ئارىدەك ئۇزاتتى.

ـــ مەن بىر يەرگە قېچىپ كەتمەيمەن، هازىرلا چىقىمەن، ئازراق تەخىر قىلمامسەن، ئالدى بىلەن بىسمىللا دەپ دەسلەپ قىلىۋالاي، بولمىسا ئامىتىم قېچىپ كېتىدۇ!

ـــ ئەستاغپۇرۇللا! هېلىمۇ ۋاقتىنى بەك كەينىگە سۈرۈۋەتتىڭىز، شۇڭىمغۇ نېسى بىر نەرسە ساتمايتتىم، تونۇش ئىكەن دەپ ...

ياسىن كاۋاپنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئاۋۇتنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇ ئالەمچە بىر ئىنتىلىش بىلەن ئالىبۇرۇن ئويۇنچۇقخانىنىڭ ئىچىگە قويۇندەك كىرىپ كەتكەنىدى.

※ ※ ※

ـــ ئاۋۇتجان، ئۇنداق قىلماي نان كاۋاپنىڭ بەش موچەن پۇلنى بىرىۋېتىپ مېڭىڭ دەيمەن! ـــ ياسىن كاۋاپ خۇددى مەست ئادەمدەك ئويۇنچۇقخانىدىن دەلدەڭشىپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئاۋۇتقا توۋلىدى. ئەمما، ئاۋۇت ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي، خۇددى قارا باسقان ئادەم جۆيلۈگەندەك بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ مەهەللىنىڭ چېتىدىكى دەريا بويىغا كېلىپ توختىدى. «مەن نېمە بولغان ئادەم؟ ـــ ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەشكە باشلىدى ئاۋۇت ئۇلۇغ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ، ـــ هەممىنى ئۇتتۇرۇۋەتتىم، جىق پۇل ئۇتۇپ، كۈنۈمنى جەننەتتە ياشىغاندەك ئۆتكۈزەي دەپ ئويلاپتىكەنمەن. تېخى ئۆتكەندە شۇنداق كۆپ پۇل ئۇتۇۋېلىپ چۈش كۆرگەن ئەمەسمىدىم، ئەمدى بۇ قانداق بولغىنى؟ چۈشۈم ئوڭغا ماڭاتتىغۇ!؟ نېمىنى چۈشسەم، شۇ بولاتتىغۇ!؟ بۇ قېتىم نېمىشقا ئۇنداق بولمايدۇ؟! مانا ئەمدى هەممىنى ئۇتتۇرۇپ تۈگەتتىم. هەتتا

(داۋامى 59 ـ بەتتە)




## 1

دىيارىم قوينى گۈلزارلىق ئاڭا مەيلاندۇر كۆڭلۈم،
شۇ گۈلزارلىق ئارا ھەركۈنلۈكى سەيلاندۇر كۆڭلۈم.

ناۋا ئەيلەپ كېزەر بۇلبۇل كەبى تىنماي چىمەنزاردا،
بىلەر بولساڭ ئەجىر ـ مېھنەت ئۈچۈن پەرۋاندۇر كۆڭلۈم.

كۆچەت تىكمەي تۇرۇپ باغنىڭ ھۇزۇرىنى تەمە قىلماس،
گۈزەل دۇنيا ئۈچۈن قۇربان بېرەر سەدپارىدۇر كۆڭلۈم.

تىرىشچانلارغا ھەمراھدۇر بۈيۈك ئارزۇ، گۈزەل ئىقبال،
بۇ يولدا يەتسە گەر ھاردۇق ئاڭا دەرماندۇر كۆڭلۈم.

«جاپانى كىم تولا تارتسا، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن»،
تىرىكتاپلار سالار چاڭ گەر ئاڭا پەيكاندۇر كۆڭلۈم.

مۇھەممەد ئۆتتى دەۋرانىڭ كۆڭۈلنىڭ قەدرىنى قىلماي،
ئاۋات ـ مەمۇرچىلىق ھەرئان نېچۈن ۋەيراندۇر كۆڭلۈم.

## 2

ئۆزگىلەر ھۆرمىتىگە قىلغاي مۇيەسسەر سۆزلىرىڭ،
ھۆرمىتى نە، دىل سىرىڭنى تۆككۈسى ھەر سۆزلىرىڭ.

پاكلىقىڭ، ناپاكلىقىڭنى قىلغۇسى ئەلگە جاكار،
بول سىلىق، ئىلمي بېشىڭنى قىلمىسۇن يەر سۆزلىرىڭ.

بولسا پەيلىڭدە مۇلايىملىق نامايان تىل بىلەن،
ئېغىزىڭدىن چىقمىسۇن ئاچچىقۇ نەشتەر سۆزلىرىڭ.

چىشلىرىڭنى يۇغىنىڭدەكلا سەھەردە چوتكىلاپ،
تازىلىساڭ روھىڭنى ئاغزىڭدىن چىقار زەر سۆزلىرىڭ.

سال پەزىلەت ئاچقۇچىنى چاڭقىغان قەلبىڭ تامان،
چايقىلىپ كىر، قۇچقۇسى نۇسرەتۇ زەپەر سۆزلىرىڭ.

سۆزلىگىن كۆزلەپ يىراقنى، «ئويىنساڭمۇ ئويلىنىپ»،
«بىر ئۆتتۈككە تىقمىسۇن پۇتلار»نى شەمشەر سۆزلىرىڭ.

ئاڭلا كۆپ، چالۋاقىماي چوڭلار ئارا بولغاندا جەم،
ھۆرمىتىڭنى قىلمىسۇن يەكسان قىلىپ يەر سۆزلىرىڭ.

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە



# غەزەللەر

## ئاراپات ئابدۇرۇسۇل

1

نازاكەت سەلكىنى نەزمەم قۇرىغا قوندىلەر قۇشتەك،
نادامەت شەبنەمى بەرگىم بويىدا چالدىلەر پۇشتەك.
سابالار ئەينىكى سۇلغۇن دىلىمنى ئەيلىسۇن ئاشكار،
لاتاپەت گۈلشىنى ئەشكىم سۈيىدە ئالدى رەڭ ئۇچتەك.
راۋاقلار پەيزى پەريادىم ئوتىغا بولمىدى تۇتۇرۇق،
ھىجىر چاڭقاشقا يەم بولدى چىمەننىڭ جىلۋىسى چۇشتەك.
لىۋىمدىن لەرزىسىز قالتىس شوئارلار تاپمىدى مەنزىل،
كەمەرنى باغلىماي كۈتسەم نىگارنى كۈلكىلىك ئىشتەك.
ناۋاكەش ھېسلىرىم ھەسرەت بىسىغا قان بولۇپ ئاقتى،
دىلىمدا ئوت كۆيەر گۇر-گۇر، تېنىمدە تۆت پەسىل قىشتەك.
شامال ئۆركەشلىرى كېمەم تېگىدىن كىردى سوراقسىز،
ئارالغا يەتكۈچە كەل يار بولايلى قان بىلەن گۆشتەك.

2

ئەلەملەر ئەۋجىنى ئۇچقان شاماللار شەھرىدىن تاپمىش.
قەسەملەر ۋەزنىنى تاشقان ساداقەت بەھرىدىن تاپمىش.
باراۋەت دەملىرى ئۆچكەن قىنىمنىڭ رەڭگىگە تەققاس،
رىزاسىز بەندىلەر زەمزەم سۈيىنى زەھرىدىن تاپمىش.
يۈرەكلەر تەھسىنى تاڭدەك يۈرەكلەر شەرپىگە تەھقىق،
ھايالسىز قىسمىتىن تۈنلەر قىيامەت قەھرىدىن تاپمىش.
تىكەن گۈل بەرگىدە گۈلدىن تەكەللۇپ ئەتتى ئۈزلۈكنى،
نادامەت كىرچىنى ھەركىم ئاداۋەت نەھرىدىن تاپمىش.
پۈتۈنلۈك سەترىگە نەققاش بولۇپ نامىمنى ئويغۇم بار،
سەپەر سەردارىنى ئەللەر مەقامەت ئەھلىدىن تاپمىش.
زامانلار باشلىغان ناخشا قاچان ھەم قايدا توختايدۇ؟
يامان ھەم ياخشىنى تارىخ جىمى جان جەھلىدىن تاپمىش.
كىشىگە كەلمىشى بىرلە بېسىلغان تامغا كەتمىشتىن،
قېنى كىم تاپقىنا، جاننى ئەجەلنىڭ رەھمىدىن تاپمىش.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئالىي كەسپىي-تېخنىكا ئىنستىتۇتى قانۇن كەسپى 2006-يىللىق 2-سىنىپتا

# تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى

## غوجىمۇھەممەد مۇھەممەد

### ئۇيغۇر قىزى

(مۇخەممەس)

ئاھ گۈزەللىك بابىدا شاھى جاھان ئۇيغۇر قىزى،
چېھرىدە ئاتەش زىيا، ماھتابان ئۇيغۇر قىزى،
كىرپىكى ئوقيا گويا، قاشى كامان ئۇيغۇر قىزى،
جىسمى گۈل، خۇلقى سابا، روھى راۋان ئۇيغۇر قىزى،
زاتى ئۇيغۇرغا بېھىشتىن ئارمىغان ئۇيغۇر قىزى.

بىر كۈلۈپ باقسا قۇياشمۇ تۇتۇلار ھەيران بولۇپ،
ئايىغىدا دەشتى-چۆللەر پىرقىرار سەرسان بولۇپ،
غەمزىسىدىن يەتتە ئىقلىم ئاھ ئۇرار ۋەيران بولۇپ،
ئولتۇرار دىل تەختىدە ئۇ بىرەھىم سۇلتان بولۇپ،
جاننى جاڭگالدا قويادۇ غازىيان ئۇيغۇر قىزى.

قەددىمى غۇر-غۇر شامال، لەرزان سۇبات، نازۇك بەدەن،
لەۋلىرى مەي كاسەسىدۇر، سۆزلىرى شېرىن سۇخەن،
چىشلىرى دۇررى گۆھەر، مەڭزى گويا بەرگى سەمەن،
قامىتى سەرۋى خىرامان، ھالىتى ئاندىن لەۋەن،
لەشكىرى نازلارىگە تەسلىم بۇ جان، ئۇيغۇر قىزى.

دوپپىسى گۈلگە تولۇپتۇ، گۈللىرى باغدىنمىكىن؟
ئوسمىسى كۆپكۆك ئىكەن، پەسلى باھار چاغدىنمىكىن؟
چاچلىرى بەلگە چۈشۈپتۇ، رىشتى بەلباغدىنمىكىن؟
جىلۋىسى ئۇركۈپ تۇرۇپتۇ، ئاھۇسى تاغدىنمىكىن؟
گاھ بۇ جاننىڭ ئاپىتى، گاھ ناتىۋان ئۇيغۇر قىزى.

ئاشىقى جانلارىدۇر بويىندىكى مارجانىسى،
تۈندە ئاي، تاڭدا قۇياش مىسكىن، غېرىب پەرۋانىسى،
ئىشكى ئالدىدا يەر، ئاسمان ئۇنىڭ دىۋانىسى،
چېقىلار قوللارىدا ئالەم ئۇنىڭ پىيالىسى،
جىلۋىگەر ئەپساندىن بىر-بىر بايان ئۇيغۇر قىزى.

يەلپۈنەر بويلارىدا غۇر-غۇر قىلىپ ئەتلەس شامال،
تەلپۈنەر ئويلارىدا شەرم-ھايا، ئوغرى خىيال،
يۈز تۈمەن لەشكەرى بار خۇيلارىدا جەللۇجالال،

يىقىلار تاغلار ئۇنىڭ ئاياغىغا ئىزدەپ ۋىسال،
جان ئارا جاندەك ياتادۇ جانجان ئۇيغۇر قىزى.

چىقتى ئۇ ئاھ رەستىگە ھەريان ئېتىپ پەيكاننى،
ئەگدى تىترەپ باشنى گۇللەر كۆرۈپ سۇلتاننى،
چاقتى ئەينەكلەر ئۆزىنىڭ يەتتە قات ئاسماننى،
كىم كۆرۈپتۇركىن ئىشقىنىڭ بۇنچە زور كارۋاننى؟...
ئۆزى بىلمەس جەبىرسى ئاھ، مېھرىبان ئۇيغۇر قىزى.

## تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى

يۇلتۇزلارنىڭ كىرپىكلىرى تۆكۈلدى،
ئايدا ئاقتى جۇدالىقنىڭ ئۆركىشى.
شاماللارنىڭ نازۇك قەددى پۈكۈلدى،
تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى.

دېرىزىدىن ئاقتى چۈشلەر ئۆزىنى،
ياقا يىرتتى جاندا كۈينىڭ داۋامى.
ئەينەك كەبى ياتتى چۆل ـ چۆل چېقىلىپ
ئايىغىغا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارامى.

بارماقلىرى يۈرەر چۆلنى يېتىلەپ،
غالجىر مۇقام بورانلاردەك كىشنىدى.
يەتتە ئايال، سۇنۇق پىچاق قولىدا،
چىرقىرىشىپ لەۋلىرىنى چىشلىدى.

لەۋلىرىدىن ئاقتى قاندەك قىزىلگۈل،
چېچىلدى گۈل بەرگى تال ـ تال سەرگەردان.
گۈل تۇۋىگە يەتتە ئەرنىڭ يۈرىكى،
كۆمۈلدى ئاھ، ئۇنى ئەيلەپ قەبرىستان.

كەتتى ئازاب جەسىتىنى ھاپاشلاپ،
كەتتى ئۆتتەك لاۋۇلدىغان كۆڭلەكلەر.
قەيەردىدۇ بىر كىم يار دەپ تولۇلدى،
قەيەردىدۇ يىقىلدى ھەم تىرەكلەر...

ئۇخلىمىدىم مەن كۆڭلۈمدە چۆرگىلەپ،
ئۇخلىمايدۇ يار دەردىدە ھېچكىشى.
سىلىپ پىغان دەرد ـ ھەسرەتنى ئۇسسۇلغا،
تاڭ ئاتقۇچە دۇتار چالدى بىر كىشى.

---

ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك يولۇچىلار توشۇش باش بېكىتى ئىشخانىسىدا

# تۆتيۈقلار

## ئابدۇخېلىل مىرخېلىل

ماڭا يازغان خېتىڭ دىلبەر قولۇمغا ساق كېلىپ تەگدى،
خېتىڭ مەناسىدىن دەردلىك ئۆزۈمگە بىر پىغان تەگدى.
ھايات قانۇنى تەكشەكسىز بولامدۇ بىلمىدىم توۋا،
ۋىسال دەپ چاڭقىغان لەۋگە شېكەست زەردابى قان تەگدى.

سېنىڭچۇن بىھېساپ بايلىق پېشانەمدىن تۆكۈلگەن تەر،
شۇڭا قەلبىڭ ئېتىزىغا ئەجىر ـ مېھنەت ئۇرۇقىن تەر.
ئەجىر ـ تۆھپە ئەزەلدىنلا كىچىك ـ چوڭ دەپ بۆلۈنمىگەن،
زۆرۈر بولسا غېرىبلارنىڭ ئوچىقىنىڭ تېزىكىن تەر.

كۆپ كۈتتۈپ دىلبەر سېنى تاقەتلىرىممۇ بولدى تاق،
ئەمدى كۈتكۈزمەي مېنى ۋەسلىڭ گۈلىن كۆكسۈمگە تاق.
ياخشىدۇر قول تۇتۇشۇپ يۈرسەك ۋىسالنىڭ ئىلكىدە،
سەن ئۇياقتا، مەن بۇياقتا يۈرگۈچە بىگانە ـ تاق.

كەتكىنىڭ تاشلاپ مېنى، ۋاھ ئەجەب قىلدى ئەلەم،
تۇستى ھىجران يوللىرىمنى ئۆينىتىپ تۇغ ۋە ئەلەم.
كۆر كېلىپ ئۆزۈڭ مانا، قىلدى كېسەلگە مۇپتىلا،
ئايرىلىشتىن ئاينىغان تۆگمەس دەرد ۋە ئەلەم.

بولمايىن سەندىن خەۋەر بۇ كۆڭلۈمۇ تىنمىدى،
بارمىغاچ ئىشقا قولۇم ئازگالۇ چوڭقۇر تىنمىدى.
سەن خەۋەر بەرگەن خەۋەرچى ئەھلى ناكەس بولمىسا،
سەن ئېيتىپ بەرگەن خەۋەرنى نېچۈن يېقىرغا تىنمىدى.

بىلىم دىلدا چىراغ بولۇپ ياندۇ،
ياقالىساڭ قارمۇ ئوت بوپ ياندۇ.
تەكشىكى بار بۇ ئالەمنىڭ ئەزەلدىن،
ھەركىم قىلسا ئۆز ـ ئۆزىگە ياندۇ.

دىدارىڭنى بىرلا كۆرسەم قاناتتىم،
دىدارىڭچۇن دىل يارامنى قاناتتىم.
دىدارىڭدىن دانلاش ئۈچۈن ئۇچسا قۇش،
ئاشۇ قۇشقا بىر جۈپ سۇنماس قاناتتىم.

سۇبھىدەم پورەكلەپ گۈللەر ئېچىلدى،
گۈللەرگە قارىسام كۆڭلۈم ئېچىلدى.
مېھرىمدىن سۇ بەرسەم گۈللەر تۈۋىگە،
جەننەتكە تۇتاشقان يوللار ئېچىلدى.

نەدە نېمەت تەرلىمىسە چېكىمىز،
پۇختا بولسا سۆكۈلمەيدۇ چېكىمىز.
ئۆزىمىز خام، ئىشىمىزدا مەنە يوق،
شۇڭا دەردلىك ئازابلارنى چېكىمىز.

---

ئاپتور: توققۇزتارا ناھىيە دۆڭمەھەللە يېزا مويۇنگۈزەر مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى

# كېتىپ بارار يولىغا جاھان

## ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كىروران

### ئون بەشىنچى قەۋەتتە كۈن چىققانىنى كۆرۈش

كۆزۈم تاغسارىخاندا①،
ئۆزۈم روھلاندا②.
خوراز تۈننى نوقۇغاندا
چۈشلىرىم روزى تۈتتى يوتقاندا.

تاغنىڭ ئۇ تەرىپى قارىيىپ تۇرار
نېمدۇر كېڭىيىپ ـ تارىيىپ تۇرار
ئىچىمدە بىر خىيال سىقىلار
تۇيغۇمدا مىڭ نەزمە چېڭقىلار

تاغ كەينىدىن يورۇقلۇق
بايرىقىنى تىكتى تىمتاسقا،
تاغ باغرىدا تاغدەك بىر شەھەر
يۈز يىل ئىلگىرىكى ئەرنىڭ ئېڭىدەك
ئاقارماقتا ئاستا، بەك ئاستا.

سوقۇلغاندۇ نېمىگە؟
قاناپ كەتتى كۈننىڭ يۈرىكى.
قان يېيىلدى دەسلەپتە تاغدىن
ئاپپاق ئېچىلدى ئۆتكەندە باغدىن.

ياندى كۆكتە كۈن
ئۆلۈپ قالدى «تۈنۈگۈن»
ئەمدى ياشاپ باقدۇ «بۈگۈن...»

«تىرىكچىلىك» دېگەن خەت
سۆرەپ ماڭدى بار جاننى
تۆگىلەرنى يېتىلگەن ئېشەكتەك
ئۈچىسدا ئاۋۋالقى يەكتەك...
قۇشلار چاڭگىسىدىن چىقىشتىن بۇرۇن
ئۆي ـ ئۆيلەردىن داۋالغۇپ شاۋقۇن
تىقىلىشتى يەنە كوچىغا.
توختاپ قالدى بىر گەپ
كېلىۋېلىپ ئېغىزىمنىڭ ئۇچىغا.

بۈگۈن يەنە
كىملەر ئۆلدى، كىملەر تۇغۇلۇپ؟
باي بولدى كىم،
كىم قەرزگە بوغۇلۇپ؟
جېنى چىقار قايسى ئېرىقنىڭ،
قايسى دەريا كېتەر سوغۇلۇپ؟
تارىخچىنىڭ دەپتىرى
قايسى بەتكە كەلگەندۇ تولۇپ؟...

ئېگىزدە تۇرساڭ
تاڭنىڭ ئاتقىنىنى كۆرىسەن ئۆزۈڭ
كۈننىڭ قىزىلقىنى شۈمۈرەر يۈزۈڭ
ئۆزۈڭنىڭدۇر ھەممە كۆرىكىڭ.
بۇندا كۈن چىقىشتىن بۇرۇن
كۈننىڭ چىققىنىنى تۇيار يۈرىكىڭ.

دېرىزەڭدىن باقساڭ
تالادىكى تاڭ
ئىچىڭدىكى ھاڭ
بىر ـ بىرىگە بوياق سۇۋۇشار.
قامۇسلارغا تەڭلىسەڭ ئاچقۇچ
تالادىكى ئاڭ...
ئىچىڭدىكى چاڭ...
يۈرىكىڭنىڭ تۈۋى قوۋۇشار...

---

① تاغسارىخان ــ كورلىنىڭ شەرقىدىكى تاغ، بۇ تاغ ھازىر «چىمەنتاغ» دېيىلمەكتە.

② روھلان ــ كورلا شەھىرىنىڭ ئولتۇراق بىناسى.

## ئون بەشىنچى قەۋەتتىن كېچىگە نەزەر

يەردىن قىرىق مېتىر ئېگىزلىكتىمەن،
مەن بىر قۇش
تاش دەرەخنىڭ ئۇچىدا چاڭگام.
ئۆيۈمنىڭ ئېشىدا كېچە
كۆكۈمنى شۈمۈپ ـ شۈمۈپ سەمرىمەكتە
ئۆخلار يىراقلاردا دېمەستىن جىم ـ لام
ئېگىز ـ ئېگىز، قەۋەت ـ قەۋەت تام.

چوققىسىدا ئۆگزەمنىڭ
يۇلتۇزلار يۇلتۇزۇمنى بېقىشىپ يۈرەر.
تومۇرىدا شەھەرنىڭ
(ماڭالايدىغان قان نوكچىسىدەك)
ئاچچىق ـ ئاچچىق چىرقىرىغانچە
ماشىنىلار ئېقىشىپ يۈرەر.
مىڭ مىسرا سۈكۈتتە قەلبىملىرىمدە،
مىڭ تىكەن تۈزۈپ
مىڭ گۈل قاقاقلار قەدەملىرىمدە.

تاشار كېچىگە كەچلىك بازاردىن
كاۋاپقا قوشۇلۇپ كەيپىنىڭ ھىدى.
ۋاقت بۇلىقىدىن بىر كۈي
قۇلىقىمغا ئاقماقتا ئىدى:
«ئولتۇرىدۇ ئۆيدە پەرىشتە،
يارى شۇ تاپ تاغىل ئەرشتە.
ئىشكاپلار ـ يوپۇقسىز جىنازا،
ياتار كىتابلار قەلبىدە ھازا.
ئەقىدە ـ ئېتىقاد يىزىقلارغا بەند،
تىلەكلەر تېنەيدۇ مۇساپىر تەلەت.
قارلىغاچ بالىسىدەك ئاغزىنى ئېچىپ،
باللار كومپيۇتېرغا قالغان چاپلىشىپ.
ئۇنتۇلغان قىسسىلەر، يىرتىلغان داستان،
يىلتىزنىڭ يۈرىكىنى قۇرتلار باسقان...»
ئەگەشتۈرەر قاياققىدۇر
لەيلەپ كۆزلىرىمدە
قولۇمدىكى نان.
بىر زىخقا ئۆتكۈزگەنچە مۇساپەمنى
كېتىپ بارار يولىغا جاھان.

---

ئاپتور: «كروران» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە

# يارىمنىڭ چېچى

## روزى سوپى ئۆچتېكىن

دىلبەرنىڭ دەرىخى
ئالما دەرىخى ئەمەس ئۇ
ئاۋغۇستتا مەي باغلاپ پىشقان.
كۆچ بىلەن ئىرغىتسام
تۆكۈلمەستىن بىر تېمىم سۇ
تۆكۈلىدۇ تۇروك ـ تۇروك قان.

بىلمەيمەن، ئۇ قاچانلاردا دەرەخكە ئايلانغان
بىلمەيمەن، مەن قاچانلاردا دىلبەرگە باغلانغان
دىلبەرنىڭ دەرىخى كۆك كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا
بىلمەيمەن، مەن نېچۈن چۆلگە پالانغان.

بىلمەن، ئالما دەرىخى ئەمەس ئۇ
كۆز يېشىمدا قۇيۇپ تۇرغىنىم بىلەن سۇ.
يۈرىكىمگە چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ
بىلمەن، ماڭا قىلغان ئىلتىپاتى شۇ.

دىلبەرنىڭ دەرىخى بار غۇۋا
مەن ئاڭا ياسايمەن ئۇۋا.
پەيلىرىمنى يۇلۇپ ھەركۈنى
ئۆلۈپ قالماي ياشايمەن توۋا!...

يارىمنىڭ چېچى
باغلاپ تۇرار مېنى ھاياتقا،
ئىككى تال ئۆرۈلۈپ دار كەبى.
تاشلاپ قويار تەنھا خىيالغا،
شۇ قەدەر ئالدامچى يار كەبى.

كۆپ ھاللاردا
ئالدىنىپ قالىمەن شۇڭا
ئېلىپ كەلسە ھىدىنى شامال.
كەلگەندەك گويا
قەلبىمدىكى ئۇ ساھىبجامال.
كۆرۈنمەس ئەمما

كېتەر يولنى قىلسامۇ قامال،
قوللانسامۇ ھەرقانچە ئامال.

شۇنداق، بۇ دۇنيادا
پەقەت گۈزەل ھەم ھىيلىگەر ئاياللا
سۆيۈشنى ھەم سۆيدۈرۈشنى بىلىدۇ.
يۈرەك دېگەن ھۆل نەرسىنى
سەرەڭگە، چاقماقسىز كۆيدۈرۈشنى بىلىدۇ.
دەپ قالىمەن: يائاللا!...

**ئايال**

يار بولىدۇ ياراتسا مېنى
ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى
دار بولىدۇ يەرگە قاراتسا مېنى.
بار بولىدۇ باللىرىم ـ پۇشتۇم
بىر دانە ئەردىن مىڭ دانە قىلىپ
بۇ ئالەمگە تاراتسا مېنى.

باغلاپ تۇرار مېنى ھاياتقا
يارىمنىڭ چېچى.
باغلاپ تۇرار مېنى ئېتىقادقا
ئەبەدىي ئۈزۈلمەس رىشتىمىزدەك
يا چىڭ باغلانغان ئىككىمىزدەك
يارىمنىڭ چېچى.
ئىگە قىلار يەنە بىر جۈپ قاناتقا
قەلبىمدىكى قاپقارا ئۈمىدتەك
يارىمنىڭ چېچى!...

ھە، يارىمنىڭ چېچى
قىرىق قىز ــ قىرىق قاراقچىدەك
باغلاپ تۇرغان مېنى چەمبەرچاس.
دېگەن يەنە چېچىمنى بويلاپ
قىرىق چۆلگە ئايىغىڭنى باس.
كىرەلمىسەڭ قەلب قەسرىمگە
ئۆزۈڭنى بۇ دارغا ئاس!...

---

ئاپتور: ئۇچتۇرپان ناھىيە ئىماملىرىم يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتە

# نان بولۇپ تۆكۈلدى قۇياشنىڭ نۇرى

## تۇرسۇننىياز توختى ئوغۇز

**ئۆينىڭ پايانى**

مەن ئۆيۈمگە كىرىپ
كىرىپ كەلدىم ئۆزۈمنىڭ ئىچىگە
جىمجىتلىق يۈگۈرۈپ كېلىپ
سۆيۈپ قويدى قىزغۇچ مېۋىلىرىمگە.
چاپىنىمنى سېلىپ ئىلدىم ئاسقۇغا
پىشقان قارا ئۈجمىدەك
توروكلاپ ـ توروكلاپ تۆكۈلدى دۇنيا
جىمجىتلىققا ۋە پۈتۈمنىڭ ئۇچىغا.

قىزىق بىر پىيالە چاي قۇيدى ئايالىم
ئۆزى ئېرىپ كەتتى ئوتلاشلىرىمدا،
شۇئان ئەگىز شىۋىرلاپ
گۈللەر يۆگەشتى بارماقلىرىمغا.
ئۇنىڭ بىر شېخى قاراڭغۇلۇقتا،
يەنە بىر شېخى چايدا...

بىردىن قۇشلار قانىتى
گۈڭگا تاملاردا كەتتى يېلىنجاپ
بوشلۇقتا ئەركىن يايرىدى بېلىق
روجەكتىن تۆكۈلۈپ تۇرسىمۇ ئاپتاپ
بىز ئاپتاپ ئىچىدە
چۆكتۇق ئۆزىمىزگە،
توزۇپ كەتتى قارا يوپۇرماق
قونالماي بىزگە...

مەن ئىشقا ماڭغاندا
چېچەكلىدى يامغۇر دەرەختە
ئۇ بەك ئوخشايتتى ئايالىمنىڭ سۆزۈكلۈكىگە.
مەن ئىشقا ماڭغاندا
چوڭقۇر چۆكتى ئۆيۈم ئىچىمگە...

**ئاپتاپقا قاقلىنىش**

ئەتىياز چاقىندى سەلكىن كۆزىدە

نان بولۇپ تۆكۈلدى قۇياشنىڭ نۇرى،
يېدىم ئۇنى ھوزۇرلىنىپ
ئۆگزەمدىكى قوناق شېخىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ.

مەن يۇراقسىز، سۆزۈك نانىنى يەپ
كىرىپ كەلدىم سۆزۈك ئارالغا
ئۇخلاپ قالماقچى بولدۇم بېشىمنى چۆمكەپ
قوناق شاخلىرى ئارىسىدا.

ئاققۇشقاچ چۇرۇقلايدۇ
بوشلۇقتا ئەگىيدۇ تەندىن چىققان قىز،
ئوتقا كىردى بىر ئەر
يېشىل تەنلىرىدە قۇرتتەك
لۆمۈلدەپ ـ لۆمۈلدەپ چاقىدى ئەگىز...

شاخلارغا يۆلىنىپ يېتىپ
تىت ـ تىت بولۇپ كۆتتۇم ھېچكىمنى،
تىلىدىم بىرسىنىڭ
ئالداپ ئېلىپ كېتىشىنى.
ئاپتاپ قىزلىرى يالىڭاچلاندى
ئېغىر ۋە شېرىن يېشىل نۇر
ئېقىپ كىردى ئىچىمگە...

مەن ئۇخلاپ قوپقاندا
شاخلارنى ساقال باسقانىدى
ئەنسىز يەنىلا تۇراتتى چاقناپ،
باسقۇ يوق... ۋاقىت كېتىپ قالغانىدى
ئۆتمۈشۈك چاپىنىنى يېنىغا تاشلاپ...

---

ئاپتور: قەشقەر شەھىرى قىزىلدۆۋە يولى440 ـ نومۇر «زەرەپشان گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە

# سۆكۈتۈڭدىن تۆكسەن مېھىر

## مامۇتجان ھېكىم

### كۆتۈش

ئەڭ چىرايلىق، يېقىملىق تىلدا،
پىچىرلايمەن ئىسمىڭنى تەكرار.
سەن ئايلاندىڭ جەۋھەرگە دىلدا،
سېغىنچىمغا يوللاپسەن باھار.

ئۆمرۈم بەلكىم يەتمەس ۋىسالغا،
قارىچۇقۇمدا قاتارسەن ئەبەت.
نامە يېزىپ قويدۇم شامالغا،
«سۆيگۈ» دېگەن پەقەت بىرلا خەت.

كۆيۈپ، كۆيۈپ كۈل بولۇپ يەنە،
ئېچىرقاشتا سومۇردۇم يالقۇن.
جىلۋە قىلدىڭ شۇئان مەھبۇبەم،
ۋەسلىڭ چەكلىك ئۆمۈردىن ئۇزۇن.

چەكمەكتىمەن ئۆزۈمچە ئازاب،
شۇنچە تاتلىق، شۇنچە مېھىرلىك.
يۈرىكىڭگە قەبرەمنى ياساپ،
يېزىپ قويغىن: ياشىغان تىرىك.

ئىجارىگە بەرمەس چىدامنى،
يوقلار مېنى ئۆمۈرلۈك كۆتۈش.
ئەملەش ئۆچۈن شېرىن يارامنى،
كېرەك ھامان ساڭا تىز چۆكۈش.

### نامەلۇم شەھەر

بولغان بولسا ساقلىلىك ئەگەر،
پۈتەر ئىدى ئۇزۇن بىر ئارقان.
قىتئەلەرنى ئۆتكۈزۈپ ئاتا،
قېيغىتاتتىم ئايلىنىپ ئوكيان.

خىلۋەتتىكى يۇمران خىيالدەك،
ئۆگىتسەن تورغايغا شېئىر.
جەندىسى يوق ئاشىق قەلبىگە،
سۆكۈتۈڭدىن تۆكسەن مېھىر.

تاشقاتماڭدىن سىرغىغان سۇدىن،
پىلدىرلىسا روھىمدا بېلىق.
تاشكېمىرنىڭ يۇمشاق قوللىرى،
يوللىرىمغا سالدۇ ئىسرىق.

تارىخ دېگەن ئەمەس چۆچەك،
كۆيمىسەڭمۇ كۆيدۈرگەن جانان.
پەرھاد كەسكەن بىستۇن تېغىنى،
بۈگۈن غەمسىز ئەگىيدۇ مانان.

كىچىك دەمدۇق يىغلاڭغۇ تاغنى،
ياتمۇ ساڭا تاشتىكى تۈيغۇ.
قەلبلەردىن ئېچىلسا ئىشىك،
سەرسان بولۇپ كېتەتتى ئۇيقۇ.

غاپىللىقنىڭ پەيپەلەشلىرى،
توزۇمسا روھىڭدىن ئەگەر.
بوپ قالسەن ھەزىلگە مىسال،
زۇلمىتىمدە پارلىغان شەھەر.

## ۋىسالغا تۇتىشىپ كەتكەن چىغىر يول

ئېسىدىن چىقىرىپ قويسىلا ۋاقىت،
ئۆمرۈمنى ئۈزارتىپ كۈتىمەن سېنى.
ئەھدىمگە ئۆزۈملا بولىمەن شاھىد،
ئازابتا مىڭ دانە قىلساڭمۇ مېنى.

ئاسمىنىم سەتھىدە ئاينىغان بۇلۇت،
ئاداققى نۇرلارنى قىلالماس قامال.

ئۇ گۈزەل شەيتاننى تەلتۆكۈس ئۇنۇت،
قىلىچتەك پەر قېقىپ كەلمەكتە ئامال.

ۋە بەلكىم ئويلارسەن: يوللىرىم چىغىر،
چىرمىغان غېرىبلىق، بار خوخا، تىكەن.
دىلبىرىم، ھىجران ئۇ ئۇنىڭدىن ئېغىر،
ۋىسالنىڭ سەپىرى ـــ مۇشەققەت ئىكەن.

قەلبىڭگە ئۇسۇپلا كىرسە باياۋان،
سەمىمىي نىيەتتە سۇنغىن ئاڭا قول.
سەن ئۇنى چەكسىز دەپ قىلمىغىن گۇمان،
ئۇ ساڭا يەنىلا ئېچىپ قويغان يول.

ئادەمنىڭ ئادەمدىن يوقالسا پەرقى،
بىر رەڭسىز رەسىمدەك كۆرۈنەر ئالەم.
سۆيگۈنىڭ تاۋاردەك ئەمەستۇر نەرقى،
نىھايەت، شەربەتكە لىقتۇر پىيالەم.

ئەقدە قول سىلكىپ دېسە: ئەلۋىدا!
دېگەيمەن: ۋاقىتسىز كۆرگەن يامان چۈش.
مۇقەددەس قەرزلەر بولمىسا ئادا،
كۆزى ياش، ئازابتا تولغىنار ئۆتمۈش.

ئاپتور: ئوچا بازىرى 2-ئوچا ئاھالىلەر كومىتېتى3-گۇرۇپپىدا

# كېتەيلى بىز ئوت-يالقۇنغا ئايلىنىپ

## ئابدۇسالام ھەسەن

ئىشق ئوتۇڭ ئۆرتەپ يۈرەك-باغرىمنى،
ئۆيدىن چىقتىم مەھەللەڭگە يول ئېلىپ.
كۈتتۈم بۇ كەچ بوسۇغاڭغا باش قويۇپ،
زارىقىشتىن كەتتى يۈرەك تىنىلىپ.

چىقمىدىڭ ئاھ، ئاي يۈزۈڭنى كۆرسىتىپ،
كەتتى جاھان ماڭا بەكمۇ تار كېلىپ.
تەشنا بولدۇم ۋىسالىڭغا دىلبىرىم،
كىرەيمۇ يا باغ تېمىڭدىن ئارتىلىپ.

ئۈمىد بىلەن كۈتتۈم، كۈتتۈم... چىقمىدىڭ،
قويما ئۇنداق مۇھەببەتنى خار قىلىپ.
ھېچكىم سېنى مەندەك ئوتلۇق سۆيەلمەس،
كۆيدۈرمە يار ۋىسالىڭغا زار قىلىپ.

ئىشىك ئېچىپ ئايدەك يورۇپ چىققىنا،
كۈتۈشلەردىن كەتتى يۈرەك داغلىنىپ.
ئويلاپ باقسام سەنسىز كۈنۈم تەس ئىكەن،
قاپتىمەن يار پەقەت ساڭا باغلىنىپ.

كەل ئامرىقىم ئايدەك يورۇپ باغرىمغا،
كېتەيلى بىز ئوت-يالقۇنغا ئايلىنىپ.
شاد ياشىساق ۋىسال قۇچۇپ مەڭگۈلۈك،
كېتەر چوقۇم پۈتۈن ئالەم شادلىنىپ.

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدە




## باغرى ئىسسىق يۇرت

قەدىمكى مەرىپەت ئاستانىسى، تەرىپى تىللاردا داستان بولۇپ كېلىۋاتقان ھارارەتلىك يۇرت، ئۆز قوينىدا ئۇزاق زامانلاردىن بېرى قانچىلىغان ئالىم-ئۆلىمالارنى، شىر يۈرەك باتۇر-ئەزىمەتلەرنى ئۆستۈرگەن، تاۋلاپ قاتارغا قوشۇپ كېلىۋاتقان زەبەردەست تۇپراق كۇسەن دىيارىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە، بىپايان تارىم بوستانلىقىنىڭ شىمالىي ئېتىكىدە ئالامەت سۆيۈملۈك، شۇنچىلىك مەردانە، تولىمۇ ئاددىي-ساددا، ئانا باغرىدەك ئىللىق بىر مەھەللە بار.

بۇ مەھەللە ھاياتلىق يىلتىزىنى مەھكەم قۇچاقلاپ، ئۇدۇم-ئەنئەنىلىرىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن سايە تاشلاپ، سىرلىق مۇئەمما، گۈزەل چۆچەكلەردەك پاك، بىغۇبار ھالەتتە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مانا بۇ مەھەللىدە ئەمگەكچان، ئىنتىلىشچان، چېۋەر ھەم ئەقىللىق، سان جەھەتتە ناھىيە نوپۇسىنىڭ ئوندىن بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بىر ئاھالىلەر توپى ياشايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئىناق-ئېجىل ئۆتۈش، يار-يۆلەكتە بولۇش، يەنە مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈشتەك ياشاش ئەنئەنىسى ناھايىتى روشەن خاتىرىلىنىپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدا باتۇرلۇق، قورقۇمسىزلىق، مەردلىك ۋە مەردانىلىق، مېھماندوستلۇق، نەغمە-ناۋا، ساز-مۇزىكىغا ھېرىسمەنلىكتەك ئېسىل خىسلەتلەر جەۋلان قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ئاشۇ سۈپەتلىرى بىلەن ئاددىي-ساددىلىق ئىچىدە شاد ياشايدۇ. مۇشكۈل-مۇشەققەتلەر بىلەن چېلىشىپ، ساغلام تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. پۈچەكلىك، بېخىللىقتىن، نەپسانىيەتچىلىك، مەنمەنچىلىكتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، كۈچىنى خار قىلىدۇكى، ئۆزىنى خار قىلمايدۇ. نوچىلىق، گاڭگۇڭلۇقنىڭ سىما-سۈپەتلىرىنى مەيخانا، قاۋاقلاردا ئەمەس، ئېتىز-ئېرىق، خامان-مەيدانلاردا، ئەۋلاد، ئىزباسار تەربىيەلەشتە نامايان قىلىدۇ. توي-تۆكۈن، مەشرەپ-مۇقاملاردا يەنە ھەممىسى بىللە ناخشا ئېيتىدۇ، تەڭ كۈلىدۇ. مانا بۇلار خانقاتاملىقلار. ئۇلار دەسسەپ تۇرغان تۇپراق، ئۇلار كۆكلىگەن ۋەتەن دەل بىز ئاپىرىن ئوقۇغان باغرى ئىسسىق بۇ يۇرت خانقاتام يېزىسى. مانا بۇ يېزىدا، مانا بۇ كۆجۈم مەھەللىدە بىر جاپاكەش خەلق ئوقۇتقۇچىسى، بىر مېھرىبان مۇئەللىم، بىر ئوت يۈرەك خەلق سەنئەتكارى ھەققىدىكى تەسىرلىك ھېكايىنى ھەممىلا ئادەم پىششىق بىلىدۇ.

## 39 يىل يورۇغان شام

ئەگەر بىر مۇئەللىم ئەۋلاد-بوغۇنلارنىڭ ئىشقىدا ئەنە شۇنداق 39 يىل كۆيسە، گويا بىر تال ئاددىي شام كەبى 39 يىل ئېرىپ ئاقسا، بۇ نەقەدەر ئۇزاق كۆيۈش-ھە؟! كىممۇ بۇنداق كۆيۈشتىن، بۇ قەدەر ئۇزاق مەزگىل يېنىپ، يالقۇنجاپ تۇرۇشتىن تەسىرلەنمىسۇن. ھەم يەنە پەقەت مۇئەللىمدىن باشقا كىممۇ ئۇششاق باللار ئۈچۈن، قاراڭغۇ، گۆدەك قەلبلەر ئۈچۈن 39 يىل يورۇقلۇق بېغىشلاشقا، ئاشۇ ئۇششاق باللار بىلەن بىللە ياشاشقا بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ ئەگەر بىر مۇئەللىم ناھىيە بازىرىدىن 70 كىلومېتىر



يىراقلىقتىكى چەت سەھرادا، خىلۋەت مەھەللىدە، كىسەك تاملىق، زەي پۇراپ تۇرىدىغان ئاددىي دەرسخانىدا 39 يىل بالا ئوقۇتسا، بىرەر قېتىممۇ يۆتكىلىش دەۋاسى قىلماي، ئۈن ـ تىنسىز ھالدا 39 يىل ئاشۇ بىر ئورۇندا قان ـ تەر تۆكسە، كىممۇ بۇنداق خىسلەتتىن، بۇنداق مىخلىق روھتىن تەسىرلەنمىسۇن! بىر مۇئەللىمنىڭ يىراق ھەم چەت، جاپالىق رايوندا، جاپالىق شارائىتتا مۇنبەر ئالدىدا، بور توزانلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزگەن 39 يىللىق ھاياتىدا تارتقان رىيازەتلىرىنى، چەككەن جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى، ئايىغى چىقماس توپىلىق چىغىر يوللاردا قالغان ئازابلىرىنى، ھەسرەت ـ پىغانلىرىنى كىممۇ سۈرەتلەپ ياكى ھېسابلاپ بېرەلىسۇن!؟ ۋەھالەنكى، بۇ 39 يىللىق تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى، ئاشۇ 39 يىللىق گۈزەل قىسسىنىڭ ئالامەت ئالىيجاناب سەرگۈزەشتىنىڭ ھەقدارى بولمىش ئۇل پەزىلەت ئىگىسى، بىزنىڭ دىلكەش بۇرادىرىمىز مۇھەممەت ساقى ئەپەندى ئەنە يېنىمىزدا تۇرۇپتۇ.

مىلادىيە 2009 ـ يىلى ئاپرېلدا بۇ دىيارنىڭ مائارىپ گۈلىستانىدىن بىر مۇئەللىم شەرەپ بىلەن دەم ئېلىشقا چىقتى. شۇ كۈنى نۇرغۇن كىشىلەر بۇ خەۋەرنى تولىمۇ قىزىقىپ ئاڭلىدى، بىر ـ بىرىگە يەتكۈزۈشتى. ئەلۋەتتە، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ۋاقتى ـ قەرەلى توشقاندا دەم ئېلىشقا چىقىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. ئەمما، مۇھەممەت ساقى مۇئەللىمنىڭ دەم ئېلىشقا چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر بۇ كۆچۈم مەھەللىدە مۇناسىپ دەرىجىدە يېنىك زىلزىلە پەيدا قىلدى. بولۇپمۇ يۇرتتىكى پېشقەدەملەر، ساددا، ئاق كۆڭۈل دېھقان قېرىنداشلار ھەيرانلىق ئىلكىدە بىر ـ بىرىگە قاراشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا بىر قارىسا خۇشاللىقنى، يەنە بىر قارىسا يىرىمچىلىقنى بىر ھالەت ئەكس ئەتتى. بەزىلەر: «مۇھەممەت مۇئەللىم ئۇزاق ئىشلىگەن، كۆپ جاپالارنى تارتقان. مانا ئەمدى ئوبدان دەم ئېلىشى كېرەك. مۇئەللىم ئارام ئالسۇن!» دېيىشتى. يەنە بەزىلەر بولسا: «ھەي ئىست، مۇھەممەت ساقى پىشقان، كەم تېپىلىدىغان ياخشى مۇئەللىم ئىدى. ئەمدى بىزنىڭ باللىرىمىزنى كىم ئوقۇتار؟» دەپ، بۇ ئوت يۈرەك مۇئەللىمنىڭ ئارمىنىنى قىلىشتى. مەيلى نېمىلا دېيىلسۇن، شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ قەدىردان ئۇستاز، باللار چۇۋۇرلىشىپ تۇرىدىغان سەھرادىكى ئانا مەكتەپتىن، ياشلىقى، قىرانلىقى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىر ـ بىرلەپ سىڭىپ كەتكەن مېھرى ئىسسىق دەرسخانىدىن، ياخشى ـ يامان كۈنلەردە، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولغان سۆيۈملۈك كەسپداشلىرىدىن ئايرىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ خانقاتام يېزىسىنىڭ ئۆزۈن كەنت مەھەللە ئايغىدىكى قوي ـ ئۆچكىلىرى مەرىشىپ، توخۇلىرى قىقىنداپ، كەپتەرلىرى بۇقۇلداپ، ئىتلىرى ھاۋشىپ تۇرىدىغان ئاددىي تۇرالغۇسىغا يۈرۈپ كەتتى. شۇ تاپتا ئىلگىرى ئۇنىڭغا خۇشاللىق ھەم راھەت بېغىشلىغان بۇ كونا ئۆي ئۇنىڭ كۆزىگە ئىنتايىن غېرىب كۆرۈنۈپ كەتتى. خېلى ۋاقىتلارغىچە ئۇنىڭ ئىچى سىقىلدى، تىت ـ تىت بولدى. ئۇ ئۆيگە كىردى، تالاغا چىقتى. ئادىتى بويىچە موخۇركا ئوراپ توختىماستىن چېكىپمۇ باقتى. يوغان كەتمىنىنى قولىغا ئېلىپ، باغ ـ ئېتىزلىرىدا يەڭ ـ پەشنى تۈرۈپ گۈپۈلدىتىپ چېپىپمۇ باقتى. لىكىشىپ، غىچىرلاپ قالغان كونا شوتا بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ يىراقلارغا قارىدى. ئۆزى ئىشلىگەن مەكتەپ تەرەپكە چوڭقۇر مېھىر بىلەن، مۇھەببەت بىلەن، قىيالماسلىق ئىچىدە نەزەر تاشلىدى. كۆڭ ـ كۆڭلەپ ئۆيدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. شۇنداق، دەرھەقىقەت بۇ كۆيۈكچىلىك ئىدى. ئايىغى چىقمايدىغان جاپالىق خىزمەت بولسىمۇ، ئۇ ئۆزى سۆيگەن كەسىپتىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك ئىدى. 39 يىللىق ئىخلاس ـ ئەقىدىنىڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چوڭقان سىلىشى ئىدى. ئاشۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆزى غول تامدا ئېسىقلىق تۇرغان تەمبۇرغا چۈشتى. تەمبۇر سايراپ كەتتى. ئۇنىڭ بارمىقىدىكى ناخۇل تەمبۇرنىڭ سىملىرىنى ئەمەس، ئۇنىڭ يۈرەك تارلىرىنى چېكىشكە باشلىدى. مۇڭلۇق كۈي ئۇنىڭ قەلبىدىكى گۈزەل ئۆتمۈشنى، ئاجايىپ جۇشقۇنلۇققا ئىگە ھايات ئىزنالىرىنى خۇددى كىنو ئېكرانىدەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىر ـ بىرلەپ يايدى.

ئۇ 1949 ـ يىلى 6 ـ ئايدا مۇشۇ خانقاتام يېزىسىنىڭ ئۆزۈن كەنتىدە دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلدى. ئۇ دۇنياغا كۆز ئېچىپ ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغاندا، مۆھتەرەم ئاتىسى باقى توختى ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ ئاكىسى ساقى باقىنىڭ ھامىيلىقىدا ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلىدى. ئۇلار ئالتە ئوغۇل، ئۈچ قىز جەمئىي توققۇز بىر تۇغقان بولۇپ، ئۇلار ئاتىسىدىن ئايرىلسىمۇ ئاتا ۋەسىيىتىدىن، ئاتا تەربىيەسىدىن ئايرىلماي، ئاتىسى ئاچقان يولدىن قايرىلماي، يۇرت ـ مەھەللىنىڭ باغرىدا، ئەلنىڭ قۇچىقىدا بىجىرىم كۆكلەپ قاتارغا قوشۇلدى. ئۇ مەكتەپكە كىرگەن يىلى مۇئەللىم يوقلىما دەپتىرىگە ئۇنىڭ «مۇھەممەت» دېگەن ئىسمىنىڭ كەينىگە چوڭ ئاكىسى ساقى باقىنىڭ «ساقى» دېگەن ئىسمىنى فامىلە قىلىپ «مۇھەممەت ساقى» دەپ يازدى. شۇنىڭدىن كېيىن «مۇھەممەت ساقى» دېگەن بۇ ئىسىم مەيدانغا كەلدى. ئۇ چاغدا «مۇھەممەت ساقى» دېگەن بۇ ئىسمىنىڭ كېيىنكى

كۆڭۈللەردە ئەل ئارىسىدا مۇنچىلىك ھۆرمەت قوزغايدىغانلىقىنى، بۇ ئىسمىنىڭ يەنە مۇشۇ مەھەللىگە، مۇشۇ يۇرتقا، جۈملىدىن كۇسەن دىيارىغا شان ـ شەرەپ، نام ـ ئاتاق ئېلىپ كېلىدىغان ئىسىم بولۇپ قېلىشىنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى.

مۇھەممەت ساقى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى خانقاتام يېزىسىدا تاماملاپ، 1965 ـ يىلى كۇزدە كۇچا ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپكە كېلىپ، تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇدى. 1968 ـ يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان بولسىمۇ، بىراق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ تەسىرى بىلەن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. سەۋەبى شۇ يىللىرى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى. ئاشۇ خىل ئەھۋال ئاستىدا ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجى، شۇ چاغدىكى سىياسەتنىڭ روھى بويىچە ئانا يۇرتى خانقاتام يېزىسىغا قايتىپ تەربىيە ئېلىشقا چۈشتى. دېھقانچىلىق ئۇنىڭغا ئاتا مىراس كەسىپ بولغاچقا، ئۇ بۇ خىل تۇرمۇشقىمۇ كۆنۈپ كەتتى. ئەمما، 1970 ـ يىلى قەھرىتان قىشنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگە كەلگەندە تەقدىر ئۇنىڭغا كاتتا بىر خۇشاللىقنى، بىر تېپىلغۇسىز پۇرسەتنى تەقدىم ئەتتى، يەنى شۇ يىلى تەشكىل يېزىدا چېنىقىۋاتقان ياشلار ئارىسىدىن ئىدىيەسى ئىلغار، ئىش ـ ئەمگەكتە تىرىشچان، ئەخلاقىي پەزىلىتى ياخشىراق بىر ياشنى ئوقۇتقۇچى قىلىپ ئىشلىتىشنى ئويلاشتى. ئەنە شۇ چاغدا بۇ ئامەت دەل مۇھەممەت ساقىغا نېسىپ بولدى. شۇنداق قىلىپ، 1970 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خانقاتام يېزىسىنىڭ بازار كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدە ئۇنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتى رەسمىي باشلاندى. بۇ ئۇنىڭ ئاشۇ 39 يىللىق مائارىپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ھايات مۇساپىسىنىڭ تۇنجى قەدەملىرى ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئۇلۇغ كەسىپ ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك، يارقىن جۇلاسى بولۇپ قالدى. چېنىققان، تاۋلانغان بۇ دېھقان ئوغلى خىزمەت ھەرقانچە جاپالىق بولسىمۇ، ۋەزىپە قانچىلىك ئېغىر بولسىمۇ، ھېچبىر ۋايسىماستىن باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى. تەشكىلنىڭ ئىشەنچ، ئۈمىدىنى ئاقلىدى. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقتى. بۇ جەرياندا يەنە ئىلگىرى بالىلىق دەۋرىدە ئوقۇيالمىغان ئوقۇشلارنى ئوقۇدى. ئارزۇ قىلغان ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىش پۇرسىتىگىمۇ مۇۋەپپەق بولدى. 1970 ـ يىلى 2 ـ ئايدىن 2009 ـ يىلى 4 ـ ئايغىچە بولغان 39 يىل ۋاقىت مانا مۇشۇ يېزىدىكى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپ، سايئېرىق مەكتەپ، ئارامەھەللە مەكتەپ ۋە خانقاتام يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل ـ ئەدەبىيات، جۇغراپىيە دەرسلىرىنى ئۆتۈش بىلەن بىللە ئۆتتۈپ كەتتى.

جەريان ھەقىقەتەنمۇ ئۇزاق. جەريان خاتىرىسىنىڭ بەت ـ ۋاراقلىرى سان ـ ساناقسىز. ئەمما، نەتىجە بىلەن نەق گەپنى قىلغاندا، ئۇ خىزمەت ھاياتىدا دەرسخانىدىن مۇتلەق ئايرىلمىدى. ئاقارتىش، تەلىم ـ تەربىيە جەڭگاھىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە خۇددى چۆل توغراقلىرىدەك قەد كۆتۈرۈپ ياشناپ تۇردى. سەممىيەتلىك بىلەن نۇرغۇن ئىزباسار، يارامliق شاگىرتلارنى تەربىيەلەپ قاتارغا قوشتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ دولقۇنلاپ تۇرىدىغان قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى قولىدىكى بوردەك ئاقىرىپ كەتتى. ھالبۇكى، ئۇمۇ ئاققۇزغان تەر، تەقدىم ئەتكەن بەدەللىرىگە يارىشا تېگىشلىك شان ـ شەرەپلەرگىمۇ ئېرىشتى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ ئېرىشكەن ئەڭ كاتتا مۇكاپات يەنىلا خەلقنىڭ ھۆرمىتى بولۇپ قالدى. ئۇ قەلب چوڭقۇرلۇقىدىن جاراڭلاپ چىقىۋاتقان ئۈزۈلمەس كۈيلەرنىڭ سېھىرلىك دولقۇنلىرىدا يورۇق بىر مەنزىلنى كۆرگەنىدى. ئۇ شۇ تۇرقى بىلەن ئۆزىنى پىلدىرلاپ كۆيۈۋاتقان ئاددىي بىر تال شامدىن، تېخىمۇ يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان نۇرانە ئوتقاشقا، مەشئەلگە، تۇرۇپلا يەنە غايەت زور بىر گۈلخانغا ئايلىنىپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى.

## سىز مۇھەممەت ساقىنى بىلەمسىز؟

ھۆرمەتلىك ئۇستاز مۇھەممەت ساقى مۇئەللىمنىڭ ناخشا ـ مۇزىكىغا ماھىر كىشى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان كىشى ئاز بولسا كېرەك. ساز ـ مۇزىكىغا ھېرىسمەن ياكى ساز ـ مۇزىكىدىن خەۋىرى بار كىشىلەر كۇچاغا كەلسە، بۇ كىشىنى سۈرۈشتە قىلماي قالمايدۇ. ئۇنى رايون ئاتلاپ، ناھىيە، ۋىلايەت ئاتلاپ ئىزدەپ كېلىدىغانلارمۇ بار. تەتىل، دەم ئېلىشلاردا ساز ـ مۇزىكا ھەۋەسكارلىرى ئۇنى ئارامىدا قويمايدۇ. بىرلىرى ئۇنى ئۆيىگە ئىزدەپ كېلىپ ھەمسۆھبەتتە بولسا، يەنە بىرلىرى ئۇنى ئالايىتەن تەكلىپ قىلىپ، ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۆيلىرىگە، يۇرت ـ مەھەللىلىرىگە ئېلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى، ئۇنىڭ قەدىمى ئەنە شۇنداق يېتىشلىك. بولۇپمۇ خانقاتام يېزىسىدا مۇشۇ يېرىم ئەسىردىن بېرى ئۆتكۈزۈلگەن ھەرقانداق سەنئەت پائالىيەتلىرى، توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ ـ سورۇنلار ئۇنىڭسىز قىزىغان ئەمەس. ئۇ بار يەردە ناخشا ـ مۇزىكا بار. ئۇ بار يەردە كۈلكە ـ چاقچاق بار. خۇشاللىق بار دېيىلسە ئارتۇق كەتمەيدۇ. مۇھەممەت ساقى كىچىكىدىن باشلاپلا قويۇق

سەنئەت مۇھىتىدا چوڭ بولغان. ئۇنىڭ ئاكىلىرىنىڭ ھەممىسى كىشىلەرگە تونۇشلۇق، نامى چىققان خەلق سەنئەتكارلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ تەسىرى مۇھەممەت ساقىنىڭ بالىلىق قەلبىگىمۇ سەنئەت ئىشتىياقىنى بەخش ئەتكەنلىكىدىنمۇ، ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىن باشلاپلا ئەدەبىيات ـ سەنئەت پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىپ، سەھنىلەردە رول ئالغان، ساز ـ مۇزىكا چالغان. ئۇ 12 يېشىدىلا داپ، دۇتار، ئىسكىرىپكا چېلىشنى خېلى پىششىق ئىگىلەپ بولغان. 15ـــ16 ياشقا كىرگەن مەزگىللىرىدە ئۇ راۋاب، تەمبۇر، غېجەك، چاڭ، نەي قاتارلىق مۇزىكىلارنى قولىغا ئالسىلا چالالايدىغان ھالەتكە يېتىپ، يىراق ـ يېقىنغا تونۇلۇشقا باشلىغان. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ سەنئەت جەھەتتىكى تالانتى بىلەن ساز چېلىش ماھارىتى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، ۋايىگە يېتىپ بارغان. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ھەرقانداق سازنى چالالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇ پەقەت مۇزىكا ساھەسىدىلا تىرىشىپ، ئىزدىنىپ قالماستىن، يەنە كۇچادا ئۆتكەن داڭلىق خەلق سەنئەتكارلىرى ۋە كەسپىي ئارتىسلاردىن نىساخان ئانا، رىسالەت ھاپىز قاتارلىق ئۇستازلاردىن كۇچا خەلق ناخشىلىرىنى ئۆلچەملىك ئېيتىشنى ئۆگىنىپ ۋە داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا ئەينەن يەتكۈزۈشتە مۇھىم تۆھپە قوشقان. ئۇ يەنە ئاتاقلىق ئۇيغۇر سەنئەتكارلىرىدىن داۋۇتجان ناسىر، مۇھەممەت ئەھەت، ئايشەم قېيۇم قاتارلىق ئۇستاز ناخشىچىلارنىڭ ناخشا ئېيتىش ئۇسلۇبىنى ۋە ئۇلار ئورۇنلىغان ناخشىلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، بۇ ساھەدىمۇ خېلى يۇقىرى پەللىگە يەتكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇزاق يىللىق ئوقۇتقۇچىلىق ھاياتىدا مەكتەپنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۇرژۇكىنى تەلەپ بىلەن ئۇستىگە ئېلىپ، سەنئەت جەھەتتە قابىلىيىتى بار ئوقۇغۇچىلارنى سىستېمىلىق تەربىيەلەشنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ قولىدا تەربىيەلىنىپ ئاپتونوم رايونىمىز تەۋەسىدىكى ھەرقايسى سەنئەت مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ماڭغان ئوقۇغۇچىلارمۇ خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىر ھەر دەرىجىلىك سەنئەت ئۆمەكلىرىدە مۇھىم خىزمەتلەرنى ئۇستىگە ئېلىپ ئىشلەۋاتىدۇ. مەسلەن ئالايلۇق، ئاپتونوم رايونلۇق مۇقام ئانسامبىلىنىڭ ئارتىسى، داڭلىق تەمبۇرچى سەمەت ساۋۇر، شايار ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ غېجەك ئۇستىسى ئۆمەر سامساق، كۇچا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ مۇنەۋۋەر ئارتىسلىرىدىن رىسالەت تۆمۈر، گۈلنىسا تۆمۈر قاتارلىقلار ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە مۇھەممەت ساقى مۇئەللىمنىڭ بىۋاستە تەربىيەلىشىدە بولغان. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا، خانقاتام يېزىسىنىڭ ئۆزىدىلا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇنىڭ تەربىيەلىشى بىلەن كۆزگە كۆرۈنگەن ساز ـ مۇزىكا ئۇستىلىرى ۋە نەغمىكەشلەرنىڭ سانىمۇ 100 نەپەردىن ئاشىدۇ. ئۇ يەنە دېھقانلار ئارىسىدىكى قوشاقچىلارنى، گەپدان، ناتىقلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، نۇرغۇن خەلق قوشاقلىرىنى توپلىغان ۋە ئۆگەنگەن، ناخشا قىلىپ ئېيتقان. سەل ـ پەللا ئارتۇقچىلىقى بار، ماھارەتلىك كىشى بولسا، بۇ كىشىنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۇنىڭ ماھارەتلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن تىرىشىپ ئۆگەنگەن. سورۇن ـ سورۇنلاردا، ئېتىز ـ مەيدانلاردا ئازراقلا بىر نەرسە چالالايدىغان، ئېيتالايدىغان كىشىلەرگە، ياش ـ يۇسەن باللارغا ئىلھام، مەدەت بېرىپ، سەنئەتنىڭ سېھرىي كۈچى ۋە خاسىيىتىدىن تەلىم بېرىپ كەلگەن.

بولۇپمۇ 80 ـ يىللار كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. دىيارىمىزدا ئۈنئالغۇ يېڭىدىن پەيدا بولغان چاغلار ئىدى. ئەنە شۇ يىللىرى ئۇنىڭ دۇتار ھەم راۋاب بىلەن ئورۇنلىغان ناخشا ـ مۇزىكىلىرى نەچچە ئون ئۈنئالغۇ لېنتىسى قىلىپ چىقىرىلغان ھەم بۇ ئۈنئالغۇ لېنتىلىرى پۈتۈن شىنجاڭ تەۋەسىگە تارقالغان. ئۇ 1969 ـ يىلدىن باشلاپ قولىغا قەلەم ئېلىپ دىراما، ئوپېرا، كومېدىيە، ئېپىزوت، لەپەر، ئېيتىشىش ۋە ناخشا تېكىستلىرى بولۇپ 100 پارچىدىن ئارتۇق سەھنە ئەسەرلىرىنى يازغان. بۇنىڭ ئىچىدە «سالماس نەزەر»، «دولقۇن ئۆستىكى»، «يېزام قويندا»، «يالغۇزلارنىڭ يۆلىكى»، «ئالتە قولاق»... ناملىق دىراما ۋە ئوپېرالىرى كۇچا ناھىيەسى بويىچە كۆرەك قىلىنىپ مۇكاپاتلانغان، يەنە ئۇ ئىجاد قىلغان «يېڭى يېزا ھەققىدىكى قوشاق»، «يېزىمىزنىڭ ياشلىرى»، «نۇتۇق»، تىراكتورچىلار...» قاتارلىق نومۇرلار ناھىيە بويىچە مۇكاپاتلانغان. مۇھەممەت ساقى مۇئەللىم يۇقىرىقى سەھنە ئەسەرلىرىنى يېزىش، مۇزىكىلاشتۇرۇش ۋە ئورۇنلاشقا ئۆزى بىۋاستە قاتناشقان، يېتەكچىلىك قىلغان. «ئاقسۇ نەزمىلىرى» توپلىمى ۋە «كۇچا ناخشىلىرى» ژۇرنىلىغا 20 پارچىدىن ئارتۇق ناخشا تېكىستى ۋە قوشاقلىرى بېسىلغان. يېقىندا ئۇ يەنە خانقاتام يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ماسلاشتۇرۇشى بىلەن «شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى» مۇخبىرلىرىنىڭ ۋە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنىڭ پىراكتىكانت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، يوقىلىپ كېتىش ئالدىدا تۇرغان بىر قىسىم باللار ئويۇنلىرى، قىممەتلىك ئۆرپ ـ ئادەتلىرىمىز ھەمدە. كۇچا خەلق ناخشىلىرى ھەققىدە مۇھىم

ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىگەن.

شۇنداق، مۇھەممەت ساقىنىڭ ئۈنسىز، مىننەتسىز ئەجرىدىن ئېچىلغان گۈللەرنىڭ خۇش پۇراق ھىدى ھەر ۋاقىت بىزنى سۆيۈندۈرۈپ كەلدى. دەرۋەقە، ئۇ چالدى، توختىماي چالدى. ئانا يۇرتىنى، ۋەتىنىنى، ئەمگەكچان دېھقانلار ئاممىسىنى كۈيلەپ چالدى. ئۇلارنىڭ شەنىگە، ھۆرمىتىگە ئاتاپ ناخشىلارنى ئېيتتى. ئۇ ئەنە شۇنداق بىر ئۆمۈر ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتىپ ئۆتتى-يۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ قولىغا، يانچۇقىغا قارىمىدى. ئۇنداق قىلىشنى نومۇس ھېسابلىدى. بەزىدە شۇنداق چاغلارمۇ بولغان، كىشىلەر ئۇنىڭغا تۇتام - تۇتاملاپ پۇل، ئاقچىلارنى تەڭلىگەندە، ئۇ: «ئاغىنىلەر، سەنئەتنىڭ، سەنئەتكارنىڭ ئوبرازىغا داغ چۈشۈرمەيلى، بىزدىن بۇرۇن ياشىغان شۆھرەتلىك سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ روھى قورۇنمىسۇن!» دەپ، يەنە سازنى چېلىۋەردى. ئۇ ئەنە شۇنداق كەمتەر، پەزىلەتلىك سەنئەتكار. ئۇ ئەنە شۇنداق ماھارەتلىك، تالانتلىق سازەندە، مۇزىكانت. ئۇ ئەنە شۇنداق مەرد، مەردانە، غۇرۇر، ئىپتىخارلىق خەلق كۈيچىسى.

## يۇرتنىڭ گۈلى

ئۇنى پىششىق بىلىدىغانلاردىن بەزىلەر مۇھەممەت ساقى ھەققىدە توختىلىپ : «شىنجاڭدا مۇھەممەت ساقىدەك ئۆزلۈكىدىن يېتىلىپ چىققان، ھەرقانداق سازنى چالالايدىغان، ھەرقانداق ناخشىنى ئېيتالايدىغان ئىككىنچى بىر ئادەمنى ئۇچرىتىش مۇمكىن ئەمەس» دېيىشىدۇ. يەنە بىر قىسىم ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر: «مۇھەممەت ساقىنىڭ ئەل ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن لەتىپە-يۇمۇرلىرىنى توپلىسا بىر كىتاب بولاتتى» دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ يېقىنلىرىدىن بەزىلەر: «خېلى ئادەملەرنى دورىغىلى بولىدۇ، لېكىن مۇھەممەت ساقىنى دورىغىلى بولمايدۇ» دېيىشىدۇ. دەرۋەقە، بۇلارنىڭ ھەممىسى راست ئىدى. بۇلار دەل ئاۋامنىڭ سۆزى، ئاۋامنىڭ باھاسى ئىدى. گەرچە مەزكۇر يازمىمىزنىڭ باش قەھرىمانى مۇھەممەت ساقى مۇئەللىم تۇغۇلغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر كۇچا ناھىيەسىنىڭ خانقاتام يېزىسىدىن ئىبارەت چەت سەھراسىدا، كىچىك بىر دائىرىدە ياشاپ، جاھان تۇتۇپ ئۆتكەن كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەرىپى، ئىش-ئىزلىرى، ھۈنەر-ھېكمەتلىرى بۇندىن 30 يىل ئىلگىرىلا كۇچادىن ھالقىغان. ئەل ئارىسىغا تارىغان. ئەمما، ئۇ نام-ئاتاق قوغلاشمايدۇ، كونا بولسىمۇ ئۆزىنىڭ چاپىنىنى كىيىپ، ئۆزىگە ياراشقان، ئۆزىنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىشنى قىلىپ چىن ۋە سەممىي ياشايدىغان ئادەم. ئەينى ۋاقىتتا ئاقسۇ ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى ئۇنىڭغا قىزىقىپ يۆتكەپ ئەكەتمەكچى بولغاندا، كۇچا ناھىيەلىك سەنئەت ئۆمىكى ئۇنى ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن تەكلىپ قىلغاندا، ئۇ يەنىلا ئاشۇ مەكتەپتىن، ئۆزى سۆيگەن مۇنبەردىن، غۇبارسىز ئوماق باللاردىن، ئاشۇ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن. ئۇ ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە ئاجايىپ ئادەم. ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭ لەتىپە-يۇمۇرلىرى خېلى سورۇنلارنى، خېلى-خېلى سۆھبەتلەرنى جانلاندۇرۇپ، قىزىتىپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ سۆزلىرى، قىزىقچىلىقلىرى نوقۇل ھالدا كۈلكە قوزغاپلا قالماستىن، قەلب بىلەن قەلب ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقنى، مېھىر-مۇھەببەتنىمۇ قوزغايدۇ، كۈچەيتىدۇ. كۆڭۈل گۈلىستانىنىڭ ھەر دائىم تىمەن، ياشىرىپ تۇرۇشى ئۈچۈنمۇ شىپالىق رول ئوينايدۇ. ئۇ ئۆزىدىن چوڭلارغىمۇ، كىچىكلەرگىمۇ، قۇرداش دوست-يارەنلىرىگىمۇ، رەھبىرىي خادىملارغىمۇ، دەرسخانىدىكى باللارغىمۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ خوتۇن-بالىلىرىغىمۇ نۆۋىتى كەلگەندە لايىقىدا گەپ ئېتىشنى، چاقچاق قىلىپ تۇرۇش پۇرسىتىنى قولدىن بەرمەيدۇ.

مۇھەممەت ساقى خىزمەت ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىدە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرى خىزمەت تەكشۈرۈپ بېرىپ قالغاندا، ئۇنىڭغا گەپ ئېتىپ: «مۇھەممەت، ناخشا ئېيتىپلا يۈرمەي، دەرسىنىمۇ ئوبدان ئۆتەيلى جۇمۇ» دەپ قويىدىكەن. بىر قېتىم مۇھەممەت ساقى قاتناش ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئېغىر يارىلىنىپتۇ. ئىدارە مەسئۇلى دوختۇرخانىغا ئۇنى يوقلاپ كىرىپ: «مۇھەممەت، ئەھۋالىڭ قانداقراق؟» دېگەنىكەن، مۇھەممەت ساقى باشلىقنىڭ ئاۋازىدىن تونۇپ، كۆزىنىمۇ ئاچماي تۇرۇپ: «ناخشا ئېيتقانىنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئامان قالدىم بولغاي» دېگۈدەك.

مۇھەممەت ساقىنىڭ ناھايىتى گەپ تەگەيدىغان، باشقىلارغا گەپ بەرمەيدىغان بىر خىزمەتدىشى بار ئىكەن. يەنە كېلىپ ئۇلار كۆپ ھاللاردا سورۇندا بىللە بولۇپ قالىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلار مۇھەممەت ساقىنىڭ شەھەردىن چىققان بىر ئاغىنىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سورۇن راسلاپتۇ. شەھەردىن چىققان ھېلىقى مېھمان قارىسا، سورۇندىكى مۇھەممەت ساقىنىڭ ھېلىقى گەپ تالاشقاق ئاغىنىسىدىن باشقىلىرىنىڭ ھەممىسى قولىغا دۇتارنى ئېلىپ، بىر-ئىككى پەدىدىن ساز قىپتۇ. مېھمان ھەيران بولۇپ ھەم قىزىقىپ مۇھەممەت ساقىدىن: «ماۋۇ ئاغىنىمىزمۇ بىرەر نەرسە چالامدۇ؟» دەپ سوراپتۇ. مۇھەممەت ساقى دەرھاللا: «ھەئە، بۇ ئاغىنىمىز گەپ تالىشىپ، ئادەمنىڭ بېشىنى

چالدۇ» دەپتۇ.

مۇھەممەت ساقى مۇئەللىمنىڭ توخۇ-كەپتەرلەرگە ئالاھىدە ھەۋىسى بولغاچقا، ئۆيىدىن 8—10 توخۇنى زادىلا نېرى قىلمايدىكەن. يەنە كېلىپ توخۇلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ رەڭگى قارا ئىكەن. مۇھەممەت ساقى مۇئەللىمنىڭ قوشنىسىمۇ توخۇغا ئامراق، شۇنداقلا يەرلىك، ئاق رېسى توخۇلارنى باقىدىغان كىشى ئىكەن. بىر كۈنى بۇ قوشنىسىنىڭ ئاق مېكىيىنى چۈجە چىقىرىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا، بۇ چىققان چۈجىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى تۇم قارا رەڭلىك چىقىپتۇ. مۇھەممەت ساقى مۇئەللىم بۇنى كۆرۈپ قىزىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن، قوشنىسىنىڭ يېڭى چىققان قارا چۈجىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ ئۆيىگە ئەكىرىۋاپتۇ. قوشنىسى بۇ ئىشنى ئۇقۇپ، سەل ئېغىر ئېلىپ: «مۇھەممەت مۇئەللىم، بىزنىڭ چۈجىنى تۇتۇپ ئەكىرىپ كېتىپتىلا، بۇ نېمە قىلغانلىرى ئەمدى» دەپتىكەن، مۇھەممەت ساقى مۇئەللىم كۈلمەي تۇرۇپ: «سىلىنىڭ خورازىنىڭ رەڭگى قانداق؟ ئاق، بىزنىڭچۇ؟ قارا، شۇڭا مەن بىزنىڭ خورازنىڭ باللىرىنى يىغىۋالدىم...» دېگۈدەك.

نۇرغۇن يىللار ئەنە شۇنداق جۇشقۇنلۇق، قىزغىنلىق ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇستاز ھازىر ئۆزىنىڭ ئارىپلىق يېشىنى ياشاۋاتىدۇ. جاھاننىڭ قانچىلىغان ئىسسىق-سوغۇقلىرىدىن، داۋان-چوققىلىرىدىن ئامان چىققان ئۆمۈر ئېتىنى يورغىلىتىپ، ئىنسانلىق، ئادىمىيلىكنىڭ كامالەت مەنزىللىرىنى نىشانلاپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىون ئادەمنىڭ ھېسسىياتى مۇجەسسەملەنگەن دېيىلسە، بۇ ھەرگىزمۇ مۇبالىغا ئەمەس. ئۇ ئۆزى 39 يىل شۇغۇللانغان ئوقۇتقۇچىلىق كەسپى بىلەن خوشلىشىپ دەم ئېلىشقا چىققان بولسىمۇ، لېكىن سەنئەت جەھەتتىكى خالىسانە خىزمىتىدىن قول ئۈزەلمىدى. بەلكى، سەنئەتتىن ئىبارەت بۇ گۈزەللىك بۇلىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كىرىپ كەتتى. بىر يۇرت ئۈچۈن ئۇنىڭدەك ئادەملەرنىڭ بولۇشى بىر ئامەت، بەلكى بىر سائادەت. دېلىمىز تويۇپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن خەۋەر بەرگۈچى ئاياغ تىۋىشى بۇ كوچىدا داۋاملىق ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىز ئامراقلىق قىلىدىغان يېقىملىق ئاۋازى جەمئىيەتتىن ئىبارەت ھاياتلىق دەرسخانىسىدا مەڭگۈ جاراڭلاپ تۇرىدۇ. بۈيۈك شائىر بوغدا ئابدۇللانىڭ «ياشاپ كەت، ئەي ياشىيالىغان» دېگەن نادىر مىسراسى ئۇنىڭ خاراكتېرىگە، ئۇنىڭ تۇتقان يولىغا ئالامەت ماس كېلىدۇ. ئۇنىڭغا بىزمۇ شۇنداق دەيلى، ئۇستازغا گۈزەل تىلەكلەرنى تىلەيلى. ياشاپ كەت، ئەي ياشىيالىغان مۇئەللىم!...

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى

## ئەلشىر نەۋائىي ھېكمەتلىرىدىن

كەمتەر كىشىلەر كۆپ سۆزلەشتىن قاچىدۇ، ئۇلار كۆپ ئاڭلاشنى خالايدۇ ۋە ياقتۇرىدۇ. ئاڭلىماق — كىشىنىڭ بىلىمىنى بېيىتىدۇ؛ كۆپ سۆزلىمەك — يىقىتىدۇ. كۆپ گەپ قىلغان — كۆپ يېڭىلىدۇ. كۆپ يېگەن كۆپ يىقىلىدۇ. تەن كېسەللىكىنىڭ ئاساسى — كۆپ يېمەك، قەلب كېسەللىكىنىڭ ئاساسى— كۆپ سۆزلىمەكتۇر.

ئەدەپ — ھۆرمەتسىزلىكنىڭ ئىشكىنى ياپىدۇ ۋە ئادەمنى مەسخىرە، كەمستىشتىن ساقلايدۇ. ئەدەپ — ئادەمنىڭ تەبىئىتىگە ئىنسانىي پەزىلەت بەخش ئېتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە ئارام بېرىدۇ.

ئەدەپ— مېھىر-مۇھەببەتنىڭ زىبۇ زىننىتىدۇر؛ ئەدەپسىزلىك — دوستلۇققا نۇقسان يەتكۈزىدۇ. ئەدەپ — دوستلۇق ئەينىكىگە جۇلا بېرىدۇ ۋە ئىككى ئارىغا يورۇقلۇق بېغىشلايدۇ.

نەپسىنىڭ بالاسىغا گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ بېيىشتىن باشقا ھۈنىرى يوق. تەكەببۇر ئادەم گەپ سېتىشتىن باشقىغا يارىمايدۇ. بۇلارنىڭ بىرى ھارام غىزادىن راھەتلىنىدۇ؛ بىرى بولسا دائىم ئۆزىنى ماختاپ ئارام ئالىدۇ.

كۆڭۈل — تەن مۈلكىنىڭ پادىشاھىدۇر. كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكى— تەننىڭ سالامەتلىكىدۇر؛ ئۇنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى— تەننىڭ بىتاپلىقى. دېمەك، كۆڭۈل — تەن مۈلكىنىڭ ئىگىسى، شاھلارنىڭ شاھىدۇر. تەننىڭ ساقلىقى ياكى ساقسىزلىقى — كۆڭۈلنىڭ ساقلىقى ياكى ساقسىزلىقىغا باغلىق. كۆڭۈل — تەن مۈلكىنىڭ سۇلتانىدۇر.

بېلىقچىنىڭ بېلىققا قارماق تاشلىشى — نەپسىنىڭ ئارزۇسى ئۈچۈن؛ بېلىقنىڭ قارماققا ئىلىنىشىمۇ ئۆز نەپسى ئۈچۈندۇر.



# كۇسەندىن كۇچاغىچە

ئابدۇلئەھەد ئابدۇرەشىد بەرقى

1

كۇچاغا قەدەم قويغان ھەرقانداق بىر ئادەم زامانىۋى بىنالار ئەمدىلا قەد كۆتۈرۈشكە باشلىغان كىچىك ناھىيە بازىرىغا قاراپ، «بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بىرى، ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت تىپى ياراتقان، نۇرغۇن پادىشاھلىق، سۇلالىلەرگە پايتەخت بولغان قەدىمىي شەھەر كۇسەن بىلەن بۈگۈنكى ناھىيە بازىرى كۇچا ئوتتۇرىسىدا قانداق باغلىنىش باردۇ؟ ئىككىسى بىر ـ بىرىگە مۇناسىۋەتسىز ئۇقۇممۇ نېمە؟» دەپ ئويلاپ قالىدۇ. چۈنكى، بۈگۈنكى كۇچا بازىرىنىڭ كوچىلىرىنى ھەرقانچە ئايلانسىڭىزمۇ قەدىمكى كۇسەنگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر كوچا ياكى بىرەر ئىمارەت، بىرەر ئەسكى كاھىشنىمۇ ئۇچرىتالمايسىز.

مەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بارغاندا قەدىمىي شەھەر لوياڭ، كەيفېڭلاردا زىيارەتتە بولغان، بۇ ئىككى شەھەردە بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ئەتىۋارلىنىپ ساقلانغان قەدىمكى شەھەر كوچىلىرىدا مۇرەككەپ خىياللار ئىچىدە ئايلانغان، شەھەرنى ئوراپ تۇرغان بىجىرىم شەھەر سېپىلىغا قاراپ بۇ قەدىمكى پايتەختلەرنىڭ ئەينى چاغدىكى سەلتەنىتى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەنىدىم.

نەنجىڭدىكى مىڭ سۇلالىسى ئوردىسى، تەيپىڭ تيەنگونىڭ ئوردىسى، جوڭخۇا مىنگونىڭ پرېزىدېنت مەھكىمىسى قەلبىمدىكى نەنجىڭنىڭ ۋەزنىنى تېخىمۇ ئېغىرلاتقان بولسا، شاڭخەي شەھىرىنىڭ ۋەيتەنگە يېقىن 200 يىلدىن بۇيان بىجىرىم ساقلانغان، ھازىرمۇ ئادەملەر




دېڭىزدەك دولقۇنلاپ تۇرغان قەدىمكى شەھىرى مېنى قەدىمىيلىك بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسىدا ئۆزۈڭگە نەزەر تاشلاشتەك مۇرەككەپ، ئېرىشمەك تەس بولغان تۇيغۇدىن ھۇزۇرلاندۇرغانىدى.

بېيجىڭ، خاڭجۇ ھەققىدىكى تەسىراتىمنى، خېنەندىكى شاۋلىن ئىبادەتخانىسىنى، ئاق ئات ئىبادەتخانىسى قاتارلىق مەشھۇر جايلارنى كۆرگەن چېغىمدىكى تەسىراتىمنى ئېيتمايلا قوياي... قىسقىسى، ئۇلارنىڭ مەنزىرىسى ئادەمگە مۇنداق تۇيغۇ بېرىدۇ: زامانىۋىلىق ئىچىدىكى قەدىمىيلىك، قەدىمىيلىك ئىچىدىكى ئۇزاق تارىختىن بۇيان ئۈزۈلۈپ قالمىغان بىر رىشتە... بۇ رىشتىگە ئېسىلىپ ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى ئۇلاۋاتقان كىشىلەر... ئەمما كۇچادا...

ئەمما، كۇچادا مۇنداق تۇيغۇ يوق. نەچچە سۇلالىنىڭ پايتەختى قەدىمىي شەھەر تۇرپانمۇ سىزگە بۇنداق تۇيغۇ بېرەلمەيدۇ. تۇرپان شەھىرىدىن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ 20 ـ 30 مىنۇتلۇق مۇساپىنى باسقاندىن كېيىن يارغول، ئىدىقۇت قەدىمىي شەھەرلىرىگە قەدەم باسىسىز. لېكىن، بۇ شەھەرلەردە قەدىمىيلىك بار. زامانىۋىلىق يوق. ئۆتمۈش بار، ھازىر يوق. ھەممە نېمە يىللارنىڭ قەدىمىدە توپىغا ئايلىنىۋاتقان...

400 يىللىق ۋاڭلىقنىڭ مەركىزى قۇمۇلغا بېرىڭ. ئالتۇنلۇقتىكى ۋاڭلار قەبرىستانلىقىنىڭ 200 يىللاردىن بۇيان پارقىراپ تۇرغان، ئاندا ـ مۇندا ساقلىنىپ قالغان، زامانىۋى چاقچۇقلار بىلەن بەسلىشەلەيدىغان چاقچۇقلىرى سىزنى ئۆتمۈشكە سۆرىمىسە، قۇمۇلنىڭ زامانىۋى يوللىرى، قەد كۆتۈرگەن بىنالىرى سىزنى ئۆتمۈشكە ھەرگىز باشلىيالمايدۇ.

كۇچادا بۇنداق تۇيغۇ يوق،
ئاقسۇدىمۇ ھەم.

خوتەندە بۇنداق تۈيغۇ يوق،
قەشقەرنىڭ كۆزلىرىدە نەم.
ئۇدۇن تاشلاندى،
ۋىۋىسكىلاردا ئورنى بار كۇسەن دېگەن نامنىڭ.
بەشبالىق جىمساردىكى
ئاددىي بىر يېزا.
ياكى نامى ناھىيە بازىرىدىكى ئاددىي بىر مېھمانخانىنىڭ.
سۈيۈق، سۈيۈق ھەممە يەر سۈيۈق،
سۇغا ئوخشاش سۈيۈق،
قۇمغا ئوخشاش سۈيۈق.
سۈيۈق بىر مەدەنىيەت
گويا تارىخ كۆكسىگە ئېتىلغان بىر ئوق.
ئاشۇ كونا مەدەنىيەتلەر خارابىسىدە
كۆكلىمەكتە بىر مەدەنىيەت
بۇلۇق بەك بۇلۇق!
ساڭا ناتونۇش، ماڭا ناتونۇش،
كونا مەدەنىيەت بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق.

ئۆتمۈش تاۋارغا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە بەزىلەر مىڭ يىل بۇرۇنقى ئەجدادلىرىنىڭ كېپىنىنى ئوغرىلاپ ساتسا، بەزىلەر نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ئىزلىرىنى تەۋەررۈك قىلىپ ساقلاپ تاۋارغا ئايلاندۇرۇۋاتىدۇ.

قۇمۇلدا كۆيدۈرۈپ تاشلانغان ۋاڭ ئوردىسى كىشلەر خاتىرىسىگە ئاساسەن قايتىدىن سېلىنىشقا باشلىدى.

كۇچادىمۇ ئىلگىرىكى ۋاڭ ئوردىسىنىڭ ئورنىدا ۋاڭ ئوردىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ قايتىدىن سېلىندى.

لۈكچۈندە تۇرپان ۋاڭلىرىنىڭ ئوردىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ھەققىدە پاراڭلار تارقالماقتا...

2

كۇچاغا قەدەم قويغان ھەرقانداق بىر ئادەم زامانىۋى بىنالار قەد كۆتۈرگەن ناھىيە بازىرىغا قاراپ، قەدىمىلىك ئىزدەپ تىكىلگەن كۆزلىرىنى ئۈمىدسىزلىك بىلەن يۇمۇشقا، باشقا ياققا يۆتكەشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىنالار سېنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدۇ. خىيالىڭىدىكى كۇسەننى ئىزدەپ تاپالمايسەن، ئالدىڭدا تۇرغىنى كىچىك ناھىيە بازىرى، ھازىرقى كۇچا... ئەمما...

تۈيۈقسىز كۆزلىرىم بازاردىن يانغان، ساقال-بۇرۇتلىرى چالا قىرىلغان، گەۋدىلىك كۇچالىقلارغا چۈشتى.

ئۇلارنىڭ بەستىدە بىر خىل ئېغىرلىق، ۋەزمىنلىك بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ گەۋدىسىدىن تارىخنىڭ ئېغىرلىقى تەپچىرەپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ يول-يول ماڭلاي قورۇقلىرى ئادەمگە تارىخنىڭ ئۇزۇن يوللىرىنى ئەسلىتەتتى.

كۇسەن كۇچاغا ئەمەس، كۇچالىقلارنىڭ ھۈجەيرىلىرىنىڭ قېتىغا يوشۇرۇنغانىدى. قەدىمىلىك تاش-تۇپراقتىن قان-گۆشكە، جانغا، روھقا كۆچكەنىدى.

كۆڭلۈمدە پىچىرلىدىم، قەدىمىي كۇسەن شەھىرىنى شاماللار توزغاقتا ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ. قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىنى شىڭ شىسەي ئەمەس، باشقا ئادەم ئوت قويسىمۇ ئوخشاشلا كۆيۈپ كېتىدۇ.

ئاپەت يۈز بەرسە ھەر ئېسىل شەھەرلەر تاشلىنىپ قالىدۇ. گويا ئىدىقۇتتەك، گويا كروراندەك، گويا مىرەندەك، ئاقسېپىلدەك... ئەمما يەردىن يوقالغان كۇسەن شەھىرى كۇچا شەھىرى بولۇپ ئالمشالمىسىمۇ، يەردىن قانغا كۆچىدۇ، قان جانغا كۆچىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قىزىق قان ئىچىدە يالتىرايدۇ. كۇچالىق دېھقانىنىڭ كۆزى بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلايدۇ.

ئىلگىرى كۇچادىن بىرنەچچە قېتىم ئۆتكەنىدىم. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە ماڭغاچ، ئۈرۈمچىدىن يانغاچ كۇچادىن بىرنەچچە قېتىم ئۆتەتتىم. لېكىن، كۇچا بېكىتىدە توختاپ، كۇچانىڭ مېتىرلىق كاۋاپلىرىنى يەپ ئۆتۈپ كېتەتتىم. بۇ قېتىم كۇچادا ئىككىنچى قېتىم تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكىنىمدە، ئېگىمدىكى كۇچا بىلەن قەدىمىي كۇسەننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش تەپەككۇرۇمدا تولۇق روشەنلەشتى. بۇلتۇر ئەتىيازدا كەلگەندە كۇچانى نەچچە ئايلىنىپ كۇسەننى تاپالمىغانىدىم. بۈگۈن كۇسەننى شەھەردىن ئەمەس، كۇچالىقلارنىڭ ئايىغىدىن باشلانغان سەھەردىن؛ تاش-تۇپراقتىن ئەمەس، كۇچالىقلارنىڭ كۆزىدىكى نۇر، ماڭلىيىدىكى قورۇقتىن ئىزدەپ تاپتىم. كۇسەن بىلەن قۇچاقلاشتىم.

مەرھابا، تونۇيالىغانلارنىڭ كۇسەنى... مەرھابا، كۆرەلەيدىغانلارنىڭ كۇسەنى...

قىز ۋە كۇسەن

خوجانىياز ھاجى 1934- يىلى جەنۇبقا ئۆتكەندە، قىرىق كۈن توختاپ ئۆيلەنگەن كۇسەن.

مىڭئۆيلىرىگە تەن گۈزەللىكى، ئادەم قەلبىدە ھاياجان دولقۇنى ياسايدىغان ئاياللارنىڭ رەسىمنى سىزىپ قويغان كۇسەن.

كۇسەنگە كېلىپ، بۇلارنىڭ مەنىسىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلىدىم.

ئەرلەر تاغدەك ۋەزمىن بولسا، ئاياللار بۇلبۇلغا ئايلىنىدۇ، سايراپ توختىمايدۇ.

ئەرلەر قىيادەك قەيسەر ۋە تىك بولسا، ئاياللارنىڭ بويى ئۆسىدۇ، ياق، كۆڭلى ئۆسىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتىدا




# ئەخلاقنىڭ تەقەززاسى

ئابدۇنىياز توختى

زامان ۋە ماكان ئىچىدە تەسىر قىلىۋاتقان ئوي ـ پىكىرلەر دۆۋىسىدىن ئادەم ئۆز قىممىتىنى تىكلەپ چىقىدۇ. كۆزگە تاشلانغان ھەر بىر مەۋجۇدىيەت ئۆزگىچە ھالىتى بىلەن يېڭى پىكىرلەرنى ئايان قىلىپ تۇرىدۇ. ئادەم ئەتراپىنى كۆزەتمەي تۇرۇپ ئۆزىنى تاپالمايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ ئىزدەۋاتقانلىرى يىراق غۇۋالىق ئىچىدە ئەمەس، بەلكى كۆز ئالدىدىكى رېئال نەرسىلەردە، كۆرۈش سىزىقىدا ئەكس ئەتكەن ئۆز ئىمكانىيىتىنىڭ ئىپادىلىرىدە بولىدۇ. ھەر بىر تىنىق تەپەككۇر قىلغۇچى ئۇچۇن پىكىر يېغىلىقى ئاتا قىلىپ تۇرىدۇ. ئەتراپىڭغا قارايسەن، ئېگىز دەرەخلەر، كۆك ئاسمان، كەڭ دالىدا يەلپۈنۈۋاتقان يۇمران مايسىلار، بۇقۇلداپ دانلىشىۋاتقان كەپتەرلەر، ئۆز مەقسەت ئېھتىياجى ئۇچۇن داۋراڭسىز ئىشلەۋاتقان چۈمۈلىلەرگە قاراپ ھوزۇرلانماي تۇرالمايسەن. بىراق، تەبىئەتنىڭ بۇنداق گۈزەل چېھرىدىن ھوزۇر ئېلىش ھەممىلا كىشىگە نېسىپ بولۇۋەرمەيدۇ. بەزىدە شۇ گۈزەل تەبىئەتكە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن تەپەككۇر دۇنياسىغا غەرق بولغىنىڭدا، چۈشىنىڭ گىژىلدىشىدىن، ئۇنىڭ يۇزۇڭگە قويغان سوغۇق پۇتلىرىدىن ئەندىكىپمۇ كېتىسەن. چۈشىن تەن شەكلى ۋىجىك كەلگەن ئاجىز جانىۋار. ئۇ خالىغان يەرگە قونالايدۇ. ئەڭ مەينەت كىر ـ يۇندا ئىچىدىن پاكىز داستىخان ئۈستىگىچە ئاياغ ئىزى بار. ئادەم پاكىزلىق ئىچىدە ياشىسا، پاكىز، چىرايلىق نەرسىلەردىن ھوزۇر ئالالايدۇ، قەلب دۇنياسى قاردەك ئاپئاق بولغانلار ئۇچۇن چاقناپ تۇرغان ئالتۇننىڭ كۆمۈرچىلىك قەدرى بولمايدۇ.

ئادەم ئۆز ئىمكان ـ ئىستەكلىرىنى چۈشىنىشى، بىلىشى كېرەك. شۇندىلا ئۇ باشقىلارنى توغرا چۈشىنەلەيدۇ. باشقىلاردىن ھە دېسىلا ئاغرىنىپ، قىيداپ يۈرۈۋەرمەيدۇ. ئەكسىچە ئۆزىدىكى كەم نەرسىلەرنى ئالقىنىغا ئېلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ. بىر يەرگە كېلىپ ئىلىم پاراڭلىرىنى قىلغانلارنى تاپماق تەس. غەيۋەت ـ ھەسەت پاراڭلىرى، تۈگىمەيدىغان ئەرزىمەس ئىشلاردىن زارلىنىشلار، يىغلاڭغۇ چىرايلار قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ.

ھەر بىر كۈن يېڭى بىر ھايات. ھەر بىر يېڭىلىقنىڭ ئادەمدە شەكىللەندۈرگەن تۇيغۇسىمۇ يېڭى بولىدۇ. تۇيغۇ ھەر زامان ئۆزىنى ئىپادىلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. شۇنداق، دەل مۇشۇ تۇيغۇنى ئىپادىلەشتە ئادەملەرنىڭ تاللىۋالغان يولى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر تۇيغۇسىنى ئەجىر ـ مېھنىتىدە، ئىزدىنىشىدە ئىپادىلەيدۇ. بەزىلەر غەيۋەت ـ شىكايەت، تېتىقسىز پاراڭلار بىلەن ئىپادىلەيدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا تۇيغۇسىنى ئىپادىلىگۈدەك يول تاپالماي، ئورۇنسىز جېدەل ـ ماجىرالار بىلەن قانائەت ھېس قىلىدۇ.

ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى شۇ يەردىكى، ئۇلار كىشىلەرگە ئۆزىنى ئەمەس، نەتىجىسىنى كۆرسەتكەن. ئۆزىنى پەردازلاپ تاۋلاشتۇرۇپ قويمىغان. ئۆز ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە ئىشەنچ قىلالىغانلارنىڭ تىنىقىدىنمۇ خۇش پۇراقلار تارقىلىپ تۇرىدۇ. ئەخلاقلىق كىشى بىلەن دوستلىشىش ئەمەس، سۆزىنى ئاڭلاشمۇ بىر ھۇزۇر. بىر ئاقىل شۇنداق ئېيتىدۇ: «سۆز ئىگىسىنى نەپەستىن ئىزدە، سۆز نەپەس بىلەن بىلىنىدۇر.» ۋۇجۇدتىن چىققان تەربىيەلا ۋۇجۇدقا يېتىپ بارالايدۇ. تىل تىلنى تارتىدۇ. دىل دىلنى تارتىدۇ. سۆز دېگەننى ۋۇجۇدىڭىزنى قۇلاق قىلىپ ئاڭلايسىز، ئادەم پىكىر قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئالىي ماقامىنى يارىتىدۇ، لېكىن ئېغىزغا كەلگەننى دەۋېرىش بىلەن پىكىرنىڭ پەرقى بار. پىكىر — مەسىلە ئۈستىدىكى



شەخسنىڭ ئويلىغانلىرى. ئۆز ئەخلاقىغا، بىلىم ساپاسىغا كۆڭۈل بۆلەلەيدىغانلار ئۈچۈن پىكىر قىلغۇدەك ئىشلار كۆپ. گەپ بىلەن ھوسۇل، دۇتار بىلەن ئۇسسۇل دەپلا ياشاپ ھاياتنى پۇچەك قىلىۋالىدىغانلار، ئۆي-پىكرى چەمبەر ئىچىدىن چىقالمايدىغانلار، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلالمايدىغانلار قەدەمدە بىر ئۇچرايدۇ. ياشاش جاننىڭ تەققەززاسى، قانداق ياشاش ساپانىڭ، يەنى ئەخلاقنىڭ تەقەززاسى. شۇڭلاشقىمۇ ياشايدىغانلار بار. ياشنايدىغانلار بار...

ئادەم تەبىئەتتىن قانچە يىراقلاشسا تەبىئىتنى شۇنچە يوقىتىپ باردۇ. ئىقتىدارى، ئىمكانلىرى ئۈچ ۋاخ تاماققا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. ئاسماننى كۆرۈش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىماي، تېلېۋىزوردىكى ئاسمانغا قارايدۇ. ھەممە ئىزدىنىشنى ۋاستىگە يۆلەيدۇ. ئۇنىڭچە بىرەر ئىشتا نەتىجە قازىنالماسلىقدا ئۆزى ئەمەس، نەتىجە قازانغانلار ئەيىبدار. ئۇنىڭ قولىدىن كېلىدىغىنى قىيداش ۋە نالە قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەخلاقسىزلىقنىڭ پىلتىسىگە ئوت ياقىدىغانلار، كىشىلەر ئارىسىغا سوغۇقچىلىق سالىدىغانلار مانا مۇشۇنداق قىلىدىغان، ئىشنى تېپىپ قىلالمايدىغانلاردۇر.

يېقىندىن بۇيان غەيۋەتخورلۇق ئەرلەر ئارىسىغا كۆچۈپتۇمىش. سىزمۇ ئاڭلايدىغانسىز بەلكىم، «غەيۋەت قىلغانلىق بولمىسۇن» دەپ تۇرۇپ غەيۋەت باشلايدىغانلارنىڭ سۆزىنى چوقۇم ئاڭلىدىڭىز، قوشۇلدىڭىز ياكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىشنى بىلمەيدىغان «سەۋدايى» ئاتىلىپ يىراقلاشتىڭىز.

كۆرۈش كۆزىتىشكە ئۆتۈشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى. كۆزىتىش بىرنەرسىنى بىلىشنىڭ بۇ ئارقىلىق ئۆزىنى تونۇشنىڭ باشلىنىشى. ئۆزىنى تونۇش بولسا بارلىق تونۇشنىڭ باشلىنىشى. تونۇشۇشمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئىلىم تەتقىقاتىدا تونۇشۇش؛ گىرىم تەتقىقاتىدا تونۇشۇش؛ ھەسەت، غەيۋەت، پىتنە-پاسات تەتقىقاتىدا تونۇشۇش... دېمەك، ھەركىم ئۆزىگە لازىملىقنى ئۆز ئېھتىياجى بويىچە تۇرۇپ ئىزدەيدۇ، ئېھتىياج بەزىدە دوستىدىنمۇ مۇھىم بولۇپ كېتىدۇ. ئۇششاق ئېھتىياجلار ئورتاق ئېھتىياجنى يەپ كەتكەن. نەتىجىدە چىراي باقىدىغانلار ئورتاق ئېھتىياج — مېھىر بىلەن ئەمەس، مەنپەئەت، ئاستىرتىن خىرىس بىلەن باقىدىغانلارغا ئالمىشىدۇ. ھەسەت، خۇسۇمەتتە تامدەك تاتارغان چىرايلارغا قارىماي دېسەڭ ئەسلى، قارىساڭ تېنىڭ سوغۇق سۇ سەپكەندەك ئەندىكىدۇ. نە ئىلاج، شۇ كۆرۈمسىز تەلەتلەرنى كۆڭۈل ئېكرانىڭدىن ئۆچۈرۈشكىمۇ ۋاقت سەرپ قىلىسەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم سورۇنىدىكى غەيۋەتخور، ھەسەتخور، چېقىمچى، زېدى پەسلەردىن شىكايەت قىلىپ:

ئىتتەك قاۋۇرلەر، چاياندەك چاقۇرلەر،
چىۋىندەك شورارلەر، قايسى بىرسىنى ئۇرايمەن.

دېگەنىدى. باشقىلارنىڭ ئىلىم ئىزدىنىشگە دەخلى قىلماي، كەينىدىن گەپ تاپماي، ئېغىزنى باشقۇرۇشمۇ ئۆز نۆۋىتىدە باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلگەنلىك، شۇنداقلا ئېسىل ئەخلاقتۇر. ئەخلاق — تۇيغۇ، ئاڭ مەسلىسىدۇر. ھادىسە پەيدا بولۇپ ئاڭنى شەكىللەندۇرۇپ بولغۇچە، ئاڭنى تەييارلاپ ھادىسىنى ئانالىز قىلىش كېرەك. ئاڭ دېگەن ئەخلاقنىمۇ، ئەخلاقسىزلىقنىمۇ شەكىللەندىغان نەرسە. ئاڭ شۇنىڭ ئۈچۈن قەدىرلىككى، ياخشى بىلەن ياماننى، سەت بىلەن گۈزەلنى، پايدا بىلەن زىياننى پەرقلەندۈرەلەيدۇ. بۇنىڭغا ئەسقاتمىغان ئاڭنى نېمە دەپ ئاڭ دېگۈلۈك؟ ئاڭنىڭ ئەخلاقتىكى سەۋىيەسى شۇ ئادەمنىڭ ھەقىقىي قىياپىتى! ئەخلاق ھەر كىمنىڭ قولىدا ھەر خىل ئىزاھلىنىدۇ. توخۇ توخۇچە، ئۆچكە ئۆچكىچە ئىزاھلايدۇ. ئاددىي بىلىنگەن نەرسە ئۇنىڭ ئاددىيلىقىدا ئەمەس، ئۇنى چۈشەنگەن ئادەمنىڭ ئاددىيلىقىدىدۇر. ئەخلاق مەسلىسى ئەخلاق توغرىسىدا دەبدەبىلىك سۆز-جۈمىلەرنى دەپ قويغانغا، يېزىپ قويغانغىلا ھەل بولىدىغان ئۇنداق ئاددىي ئىش ئەمەس. ئەخلاق توغرىسىدا سۆزلىمەك ئاسان، ئەخلاقلىق بولماق تەس. بىر ئادەمنىڭ ئەينەكتە ئەكس ئەتكىنى تاشقى قىياپىتى، باشقىلاردا ئەكس ئەتكىنى ئۇنىڭ ئىچكى قىياپىتىدۇر. ھەر ئىككىلىسى لازىملىق، ئەمما ئىچكى قىياپەت دائىملىق تەرتىپكە موھتاج.

ئاخىرىدا بىر ھېكايەتنى قالدۇرۇپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ: بىر كۈنى بىر دانىشمەن كۆل بويىدا ئارام ئېلىپ ئولتۇرسا، بىر مەسخىرىۋاز كېلىپ ئۇنى ئەخمەق قىلىشنى ئويلاپتۇ. ئىسمىنى تووۋلاپ بېقىپتۇ. دانىشمەن پەرۋا قىلماپتۇ. يەنە تووۋلاپتۇ، يەنە جىم. مەسخىرىۋاز جىلە بولۇپ، ھېلىقى كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ: «بۇرادەر، چاقىرسام ئاڭلىمايدىلا، نېمىنى كۆرۈۋاتىدىلا؟» دانىشمەن سۇدىن كۆزىنى ئۈزمەي جاۋاب بېرىپتۇ: «بىر نومۇسسىزنىڭ چىرايىنى كۆرۈۋاتىمەن.» باشقىلاردىن نېمىنى ئىزدىسە، ئۆزىمۇ شۇنىڭغا يولۇقىدۇ. ئەخلاق يۆكلەپ قويۇپ ھەل بولىدىغان نەرسە ئەمەس. تىنىمسىز سەزگۈرلۈك ۋە تىنىمسىز تەربىيەلا ھەر كىمنىڭ ئۆز ئەخلاقىنى ياخشىلىشىغا ئېلىپ بارالايدۇ. جالالىدىن رۇمى: «كۆزۈڭنى يۇم، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل» دەيدۇ. كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچكەندە، ئەخلاقنىڭ جۇلاسىدىن چىرايلار ئاپتاپتەك نۇرلىنىدۇ. شۇنداق، مېھىرلىك چىرايلار بىلەن بىر-بىرىمىزگە باقالىساق ھايات تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنمەسمۇ؟

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقۇتان بازىرى مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى



# ئاتا ـ يۈكسەكلىكنىڭ چوققىسى

(نەسر)

ئەيساجان تۇردى ئاچچىق

ئاتا! مەن يەنە مۇڭلۇق قەبرەڭ بېشىغا كېلىپ ساڭا پىچىرلاۋاتىمەن. ئاڭلاۋاتامسەن؟ مەن ھەر قېتىم قەبرەڭ بېشىغا چىقسام، كۆچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇپ تېخىمۇ قەيسەرلىشىپ قايتىمەن. ھەر قېتىم «ئاتا» دېگەن سۆزنى ئېغىزىمدىن چىقارساممۇ شۇنداق بىر يۈكسەك ئۇمىدۋارلىق روھى قەلبىمگە ئورناپ، ھاياتتا بولغان مۇھەببىتىم ھەسسىلەپ ئېشىپ، خۇددى يېنىمدا سەن باردەكلا، سەن ماڭا يول كۆرسىتىپ، مەدەت بېرىۋاتقاندەكلا ... ئىلھاملىنىپ خاتىرجەم بولۇپ قالىمەن. مانا بىز بىلەن خوشلاشقىنىڭغا توپتوغرا 20 يىل بولۇپ قاپتۇ. بىراق، سېنىڭ ھەققىي ئەركەكلەرگە خاس مەردانە قىياپىتىڭ، ئېگىلمەس ـ سۇلماس جەسۇر روھىڭ، ھەرقانداق قىيىنچىلىق ئالدىدىمۇ «مىت »قىلىپ قويمايدىغان ئىرادەڭ، باشقىلارغا يېلىنىشنى، تىزلىنىشنى، يىغلاشنى ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر چاغلايدىغان ھايات مىزانىڭ، ئاجىزلارنىڭ بېشىنى سىلاش ھەم ياردەم بېرىشتەك ئېسىل خىسلىتىڭ، ھەققەت ۋە ئادىللىققا تۇتقان ھىممىتىڭ، شۇنداقلا مەردلىك ۋە ھالاللىق ھەققىدىكى قىممەتلىك پىكىرلىرىڭ... ھېلىھەم بىزگە ھەمراھ بولۇپ، ھاياتلىق يولىمىزنى يورۇتۇپ، ھاياتلىق سەپىرىمىزنى مەنىلىك داۋاملاشتۇرۇشىمىز ئۈچۈن ماياك بولماقتا....

سەن بىزگە: «كەتمەننى مەنلا چاپاي، كەلگۈسىدە كەتمەن بىلەنلا جان باققىلى بولمايدۇ، سىلەر مەكتەپتە ئوقۇڭلار، كەسىپ ئىگىلەڭلار، ھۈنەر ئۆگىنىڭلار، بىلىمسىز كىشىنىڭ تەقدىرى ياخشى بولمايدۇ، بىلىملىك كىشىنىڭ تەقدىرى ھامان گۈزەل بولىدۇ. بىلىملىك كىشى بىلەن بىلىمسىز كىشىنى قانداقمۇ سېلىشتۇرغىلى بولسۇن؟! بىلىملىك كىشى ھەرگىزمۇ نامراتلىق پاتقاقلىرىغا پېتىپ قالمايدۇ، ھاياتلىق سەھنىسىدە باشقىلارنىڭ ئېغىزىغا، باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ، قاراپ قالمايدۇ. شۇنداق بىر كۈنلەر كېلىدۇكى، بىلىم پۇلغا ئايلىنىدۇ، بىلىملىك كىشىنىڭ يولى ناھايىتى كەڭرى بولىدۇ، بىلىملىك كىشىنىڭ قولىغا چىققان تۆمۈر ـ تېسەكمۇ ئالتۇنغا ئايلىنىدۇ. بىلىمسىز كىشىنىڭ قولىدىكى ئالتۇن ـ كۈمۈشمۇ تېزەككە ئايلىنىپ قالىدۇ. بىلىملىك كىشىنىڭ قەدەم ئىزىدىن گۈل ئۈنىدۇ، بىلىمسىز كىشىنىڭ قەدەم ئىزىدىن تىكەن ئۈنىدۇ. پۇل، مال ـ دۇنيا، بايلىق ... بىلىملىك كىشىلەرنىڭ يانچۇقىغا ئاقىدۇ؛ قەدىر ـ قىممەت، بەخت ـ ئامەت بىلىمسىز كىشىلەردىن قاچىدۇ. بىلىملىك كىشىلەر دۇنيانىڭ خوجىسىغا ئايلىنىدۇ، بىلىمسىز كىشىلەر يەر شارىغا يۈك بولۇپ، ئەخلەت ـ چاۋارلار ئورنىدا خارلىنىدۇ .... شۇڭا مەكتەپتە ياخشى ئوقۇڭلار! باشقىلارنىڭ رىزقىغا ھەرگىز چاڭگال سالماڭلار! ئەخلاق ئادەمنىڭ ئەڭ يارىشىملىق كىيىم ـ كېچىكى، شۇنداقلا چىن ئادەملىكنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى. ئادەم بالىسىغا بىلىم بىلەن ئەخلاق شۇنداق زۆرۈركى، كەڭ تەبىئەت دۇنياسى ھاۋا بىلەن سۇدىن ئايرىلسا قاغجىراپ كەتكىنىگە ئوخشاش، ئادەم بالىسى بىلىم بىلەن ئەخلاقتىن ئايرىلسا ھايۋاندىن بەتتەر بولۇپ كېتىدۇ. باللىرىم، ھەممىڭلار تەن جەھەتتە شۇنداق بىجىرىم يارىتىلدىڭلار، روھىڭلارنى پەرۋىش قىلىش، تەرەققىي قىلدۇرۇش ھاياتلىق ئالدىدىكى تىرىشچانلىقىڭلارغا باغلىق، قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتسەڭلار، شۇنچىلىك گۈزەل تەقدىرگە ئېرىشەلەيسىلەر. بەختنى باشقىلاردىن ئوغرىلىۋالغىلى، قىمار ئويناپ ئۇتۇۋالغىلى ئەسلا بولمايدۇ. ھەر كىم ئۆزىنىڭ بەختنى ئۆزى يارىتىدۇ...» دېگەنىدىڭ. دېگەنلىرىڭ بىر ـ بىرلەپ كەلمەكتە. سەن ھېچقانداق ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولساڭمۇ، شۇ زامانغا نىسبەتەن ئەرلەر قىلىشقا تېگىشلىك ھۈنەرلەرنىڭ ھەممىسنى ئىگىلىگەنىدىڭ. تامچىلىق، ياغاچچىلىق، تۆمۈرچىلىك، توقۇمچىلىق... سەن ئۈچۈن ئاددىيلا بىر ئىش ئىدى. ئەقلىمگە كەلسەم، مەھەللىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ ساقال ـ بۇرۇتلىرىنى سەن ئېلىپ قوياتتىڭ، يەرلىك ئۇسۇللار بىلەن بىر قىسىم كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىپ قوياتتىڭ. ھەتتا بىزگە تىرناقنى قانداق ۋاقىتتا قانداق ئېلىش ھەققىدە تەربىيە بېرەتتىڭ، شۇ چاغلاردا كونا چالما ۋە ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرى بىلەنمۇ كېسەل داۋالىغىلى بولامدىغاندۇ؟ ئاتام تىرناق ئېلىشقىمۇ نېمانچە ئەھمىيەت بېرىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالغانىكەنمەن. ئاتا، ئاتا، سەن شۇ چاغنىڭ دوكتورى ئىكەنسەن. شۇ چاغدىكى ناچار شارائىت، نامراتلىق، يەنە كېلىپ ئون بالىنىڭ تۈگىمەس دەردى ... سېنى مۇددەتتىن بۇرۇن چارچىتىپ قويغان چېغى، توۋا! مەن سېنىڭ بىر قېتىممۇ بىزدىن، تۇرمۇشتىن ۋايساپ باققىنىڭنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ماڭا ئېيتىپ بەرگەن چۆچەكلىرىڭ، جىن ـ شاياتۇن ۋە جەڭ ھەققىدىكى تەسىرلىك قىسسىلىرىڭ

قانداقتۇر كۆڭلۈمنى ئېچىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ياخشى ئادەم بولۇشۇم ئۈچۈن ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەدە ئۆتۈپ بەرگەن ئوچۇق دەرسلىك ئىكەن ئەمەسمۇ؟ ئاتا، ئاتا، ئەي ئۇلۇغ دېھقان ئاتا! سەن بىزنى ئاز بولمىغان جەبرى-جاپالاردا چوڭ قىلدىڭ، تەربىيەلەپ قاتارغا قوشتۇڭ، بىراق بىزگە بىر قېتىممۇ ئاجىزلىقىڭنى چاندۇرۇپ باقمىدىڭ. ھەي، ھاتەممۇ مەردلىكنى، سېخىيلىقنى سەندىن ئۆگەنگەن چېغى.

دۇنيادا چىراغ بار دېيىلسە، سەن ئەڭ نۇرلۇق چىراغ. دۇنيادا تۈۋرۈك بار دېيىلسە، سەن ئەڭ چوڭ تۈۋرۈك. دۇنيادا كۆۋرۈك بار دېيىلسە، سەن ئەڭ مۇستەھكەم كۆۋرۈك. دۇنيادا يۈرەك بار دېيىلسە، سەن ئەڭ ئوتلۇق يۈرەك.

سەن بىزنىڭ قۇرۇماس بۇلىقىمىز، كۈچ-قۇۋۋىتىمىز ئىدىڭ! سەن بىزنىڭ دائىم سايە تاشلاپ تۇرىدىغان سۆيگۈ دەرىخىمىز ۋە پەخرىمىز ئىدىڭ! سەن بىزنىڭ دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان قېنىمىز ۋە نېنىمىز ئىدىڭ! سەن بىزنىڭ يولىمىز، قولىمىز، پۇلىمىز ۋە كۆز نۇرىمىز ئىدىڭ! سەن بىزنىڭ ئامىتىمىز ۋە قانىتىمىز ئىدىڭ!... بىز نېمىگە موھتاج بولساق، سەن شۇنىڭغا ئايلىنىپ بەرگەن ئەمەسمىدىڭ؟! بىزنى تۈيۈق يوللاردىن چىكىندۇرۇپ، ۋاپا-ئەخلاق كوچىسىغا يېتىلەپ ئەكىرگەن ئەمەسمىدىڭ؟! تەدبىركار دۇنيا سېنىڭ بارلىقىڭنى بىزگە ئېلىپ بېرىپتۇ! سەن ئاللىقاچان بىزگە ئايلىنىپ كەتكەنىكەنسەن. بۈگۈن بىز ساڭا ئايلىنىپ، سېنى ئويلىدۇق، بىراق يېنىمىزدا سەن يوق ئىدىڭ. بىز ساڭا نۇرغۇن نەرسىلىرىمىزنى بەرمەكچى بولۇشتۇق، بىراق ھەرقانچە قىلىپمۇ «دۇئا»دىن باشقا ھېچقانداق نەرسىمىزنى ساڭا بېرىشكە ئىمكان تاپالمىدۇق! بۇ دۇنيا پەقەت بىزگە سېنى ئەسلەش، سېغىنىش، سەندىن سۆيۈنۈش، پەخىرلىنىش ھوقۇقىنىلا بەردى. سېنى كۆرۈش، سېنى كۈتۈش مەڭگۈ بىزگە نېسىپ بولمايدىكەن ئەمەسمۇ؟!

قان-تەرىڭ بەدىلىگە ھەممىمىز ئالىي مەكتەپنى تاماملاپ، جەمئىيەتكە قوشۇلدۇق. پۇلمۇ تاپتۇق، يولمۇ تاپتۇق... ئاشۇ چاغدىكى نامراتلىقنىڭ سۇر-ھەيۋىسى ئاللىقاياقلارغا غايىب بولدى. يىگى دەۋر بىزگە يېڭىچە پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلدى. قورسىقىمىز توق، كىيىم-كېچەكلىرىمىز تولۇق بولدى. قەلبىمىزدىكى غەم-قايغۇنىڭ ئورنىنى چەكسىز خۇشاللىق بىر-بىرلەپ ئىگىلىدى. مانا ھازىر ھەممە نەرسىمىز تەل بولدى. تونۇردەك پاكار ئۆيلىرىمىز بىنالاشتى، ئىلگىرىكىدەك ئېشەك ھارۋىسى بىلەن يول يۈرۈشكە خاتىمە بەردۇق. ئاستىمىزدا ئېسىل ماركىلىق كىچىك ماشىنىلارمۇ بار بولدى تېخى! گەجگىمىزنى بېسىپ تۇرغان كونا قەرزلەرمۇ تۈگەپ، ئېشىنچا پۇللارنى بانكىغا قويۇۋالدۇق. سەن دېگەندەكلا تەرەققىيات ھەقىقەتەن تېز بولدى. بىراق، مۇشۇ كۈنلەرگە سەن ئۇلىشالمىدىڭ. بىر ئۆمۈر جىنچىراغ يورۇقىنى كۆردۈڭكى، ھازىرقى ئېلېكتىر يورۇقىنى كۆرەلمىدىڭ، ھاياتىڭدا بىرەر قېتىممۇ رەڭلىك تېلېۋىزور كۆرەلمىدىڭ، ھاياتىڭدا بىرەر قېتىممۇ مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرغان شەھەرلەرگە كىرەلمىدىڭ، بىرەر قېتىممۇ رېستوران مەئىشەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىپ باقمىدىڭ، بۈگۈنكىدەك ئىلغار ئاپپاراتلار سەپلەنگەن زامانىۋى دوختۇرخانىلاردا داۋالىنىش پۇرسىتى ساڭا نېسىپ بولمىدى.

كېسىلىڭ ئېغىرلىشىپ، ھاياتىڭ ئاخىرقى باسقۇچقا بېرىپ قالغان كۈنلەردە: ««كېزىك »بولۇپ قاپتىمەن باللىرىم، خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىمەن» دېسەڭ، بىز ساڭا ئىشىنىپتىمىز. ئەسلىدە سەن گىرىپتار بولغان «كېزىك »ھازىرقى «راك»نىڭ دەل ئۆزى ئوخشايدۇ. كېسىلىڭنى داۋالىتىش ئۈياقتا تۇرسۇن، نېمە كېسەل بولۇپ قالغانلىقىڭنىمۇ بىلمەپتىمىز ئەمەسمۇ؟! ھەي، مۇشۇ كۈنلەردە بولغان بولساڭ كاشكى، شارائىتىمىزمۇ ياخشىلانغان... ئەڭ ئىلغار دوختۇرخانىلاردا داۋالاتقان بولاتتۇق. شۇنچە قىسمەتلەر ئالدىدا ئېگىلمەسلىكىڭدىكى سىر-ھېكمىتىڭنى سورىۋالغان بولاتتۇق. ئاپپاق ساقاللىرىڭغا، قاداق باسقان قوللىرىڭغا سۆيۈۋالغان بولاتتۇق... تولىمۇ ئەپسۇس، سەن كېتىپ قالدىڭ. سەن بىزگە ئالەمچە ئازابنى، چەكسىز سېغىنىش ئوتلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالدىڭ. دېگەنلىرىڭنىڭ ھەممىسى كەلدى. سېنىڭ ھېكمەتلىك ھاياتىڭنى ئوماق نەۋرىلىرىڭگىمۇ سۆزلەپ بەردۇق. نەۋرىلىرىڭمۇ مۇشۇ تاپتا سەندىن سۆيۈنمەكتە. سەندەك بىر يۈكسەك ئاتىنىڭ پۇشتى-پاناھى بولغانلىقىدىن ئالەمچە پەخىرلەنمەكتە... بىزدىن سەن ھەققىدە يەنە يېڭى-يېڭى سوئاللارنى سورىماقتا. بىز نەۋرىلىرىڭگە «داداڭلار ئەڭ ئۇلۇغ ئىنسان، پۈتۈن ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ تەتىل قىلمىغان، بىرەر قېتىممۇ ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ باقمىغان، بىرەر قېتىممۇ رۇخسەت سورىمىغان، بىرەر قېتىممۇ مائاش ياكى مۇكاپات ئالمىغان، ھېچقانداق ئۇنۋانىمۇ يوق... يۈكسەك بىر دېھقان ئىدى» دەپ جاۋاب بەردۇق. خەيرىيەت ئاتا!

پارلاق ئەقىدىلەرنى بويلاپ كېتىۋاتقان بۇ يېڭى دەۋر دېھقانلارغىمۇ ئاجايىپ نۇسرەتلەرنى ۋە پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلدى. بۈگۈنكى بەختىيار كۈنلەرنىڭ نۇرلۇق مەڭزىدە سېنىڭ ۋە سەندەك ساناقسىز يۈكسەك ئاتىلارنىڭ تەر تامچىلىرىمۇ بار، ئەلۋەتتە! جاھاندا يۈكسەكلىك بار دېيىلسە، سەندەك جاپاكەش، جەسۇر... ئاتىلار ئاشۇ يۈكسەكلىكنىڭ چوققىسى! ئەلۋىدا! تىنىچ يات ئاتا!....

---

ئاپتور: كەلپىن ناھىيە چىلان يېزا مەركىزىي مەكتەپتە



# چۈشىنىش

(ھېكايە)

مۇھەممەت ئەھمىدى

— ھېلىماخۇن، مەن دېگەن ھېلىقى ئىشنى ئويلاپ كۆردىلىمۇ؟ — دېدى رابىيەم يولدىشى ھېلىماخۇنغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

— قايسى ئىشنى دەيسىلە ئانىسى؟ — دېدى ھېلىماخۇن ھەيران بولغاندەك.

— پارنىك ياساش ئىشىنىچۇ؟

— ئەجەب چاپلاشتى سىلىگە شۇ پارنىكنىڭ جىنى، — دېدى ھېلىماخۇن رەللى بولغاندەك رابىيەمگە قاراپ.

— مەن بىر بولسىمۇ ئالدىمىزغا مېڭىپ قالارمىزمىكىن دەپ شۇنىڭ غېمىدە، پارنىك قىلىپ باقساق نېمە بولىدۇ دەيمەن، ياپسام پىشارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ ئولتۇرىمىزمۇ ئەمدى، سىلىگە پارنىك تېخنىكىسى، پەمىدۇر ئۆستۇرۇش تېخنىكىسى دېگەندەك كىتابلارنى ئەكېلىپ ئوقۇپمۇ بەردىم، ئەلۋەتتە بىر ئەر كىشى بولغاندىكىن چىغراق دەسسىسىلە...

— بۇ گەپنى بەكمۇ تولا دەپ كەتتىڭلا خوتۇن! ئەممازە، كونىلارنىڭ «يەتتە ئۆلچەپ، بىر كەس» دېگەن سۆزىنى ئۇنتۇمايلى. قىسقىسى، بۇنداق ئىشەنچسىز ئىشنى قىلىمەن دەپ بېشىمنى تولا ئاغرىتماڭلا.



— ماقۇل، مېنىڭ گېپىمگىمۇ ئىشەنچىسىز. ئاۋۇ كۆكتاتچى نۇرنىساخان توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگىنىمگىمۇ ئىشەنمەمدىلا؟ ئۇنداقتا بۇ كىتابقىچۇ؟ كىتابتا يېزىلغان ماۋۇ گەپلەرگىمۇ ئىشەنمەرلا؟

— كىتابتىكى گەپنى راستمۇ دەيلى، بىراق سىلىنىڭ بۇ ئىشنى جايىدا قىلالىشىڭلىغا زادىلا ئىشەنچ قىلالمايمەن،— دېدى ھېلىماخۇن گەپنى چورتلا ئۈزۈپ.

— بۇ ئۇنچىۋالا قورقۇپ كەتكۇدەك ئىش ئەمەس، ئوغۇل بالىدەك بەلنى چىڭ باغلىساقلا قىلىپ كېتەلەيمىز،— دېدى رابىيەم قەتئىيلىك بىلەن.

— ئاتا-بوۋىمىز قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلىپ، زىيان تارتىپ قالارمىزمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن، خوتۇن،— دېدى ھېلىماخۇن تېرىكىپ.

خېلىدىن بېرى يا ئۇيان، يا بۇيان بولماي كەلگەن پارنىك ھەققىدىكى ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ تالاش-تارتىشى ھېلى دوق بىلەن، ھېلى يامان گەپلەر بىلەن دېيىلىپ، ئاخىر ھېلىماخۇننىڭ چاپان چۆرۈپ سىرتقا چىقىپ كېتىشى بىلەن توختاپ قالدى.

ئاردىن ھەپتە ئۆتتى. لېكىن، بۇ ئائىلىدىكى پارنىك پارىڭىنىڭ ئايىغى چىقمىغانىدى.

رابىيەمنىڭ پارنىك ياساپ، كۆكتات تېرىش ئارزۇسىنى بىلىۋالغاندەك، «يار» يېزىسىدىن «بوستان» كەنتىگە بىر سالا تېرىلغۇ يەرنى ئاجرىتىپ، پارنىك ياساپ دېھقانلارغا

كۆتۈرە بېرىش ھەققىدە جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىندى ۋە تەييارلىق خىزمەتلىرى باشلىنىپ كەتتى. رابىيەمنىڭ جېنى تىرىلگەندەك بەكلا خۇشال بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئوي-خىيالى ئاشۇ سېلىنىۋاتقان پارنىكلاردا ئىدى. پارنىكلار تېزرەك پۈتسە، چوڭراق پارنىكتىن بىرنى باشقۇرسا، ئۇنىڭ ئىچىگە مۇچ، پەمىدۇر، پالەك... دېگەندەك كۆكتاتلارنى تېرىسا، پەمىدورلىرىنى نۇرنىساخاندەك يەتتە كويدىن ساتمىسىمۇ، تۆت - بەش كويدىن ساتسا، دېھقانلارمۇ شەھەرلىك كادىرلاردەك يېڭى كۆكتات يېيەلىسە... ئۇ شۇ ئارمان بىلەن كۈنلەرنى ساناپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

— مەھەللىدە بولۇۋاتقان پاراڭلارنى ئاڭلىمىدىڭلىمۇ؟ كەنتىمىزگە سالغان پارنىكلارنى ھەقسىز كۆتۈرەگە بېرىدىكەن. پەقەت پارنىكنىڭ قىشتا سوغۇقتىن ساقلاش يېپىنچىسىنىڭ پۇلىنى ئەڭ تۆۋەن باھادا ھېسابلاپ ئىككى يىل ئىچىدە قايتۇرساقلا بولىدىكەن. يەنە تېخى تېخنىك خادىملار تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەپ يېقىندىن ياردەمدە بولىدىكەن. ھۆكۈمەت مۇشۇنداق قوللاۋاتسا، بىز يەنە نېمىشقا كەينىمىزگە داجىپ سۆڭمىزغا دەسسەپ، دولىمىزنى چىقىرىپ ئولتۇرىمىز؟!...

— بىزدىچۇ ھەممە ئىشنىڭ بېشى مۇشۇنداق چىرايلىق ياغلىما گەپ بىلەن باشلىنىدۇ. بىراق، ۋاقتى كەلگەندە نۇرغۇن ئىشلار دېيىلگەندەك بولماي قالىدۇ. شۇ چاغدا چىرايلىق گەپ تۇرماق، ئىشنىڭ ئىگىسىنىمۇ تاپالمايسەن. قىزىل يۈزلۈك ئادەملەر بىز، يەنە كەنت مۇدىرىغا ئېسىلىۋالغىلى بولاتتىمۇ؟— دېدى ھېلىماخۇن ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ.

— ھوي دادىسى، گەپ كادىرنىڭ ئۈستىدە ئەمەس، پارنىك ھەققىدە بولىۋاتىدۇ. سىلى زادى پارنىك كۆتۈرە ئېلىشىمغا قوشۇلامدىلا - يوق؟

— زەپ تۇگىمىدى شۇ پارنىكنىڭ گېپى، سەن ھاماقەت خوتۇنغا ئەجەب گەپ چۈشەندۈرەلمىدىم.

— مەن پارنىكقا سېزىك بولۇپ قالمىدىم. بىزدە: «تەدبىرىڭ قانداق بولسا، تەقدىرىڭ شۇنداق بولىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. بىز قاچانغىچە ئاشۇ ئازغىنە يەرگە قاراپ، سىرىقتال تۇرمۇش كەچۈرۈپلا ئۆتىمىز؟

— ھەي خوتۇن، سەن نېمانچە ئەخمەق. سەنچە پارنىك ئېلىپ كۆكتات تېرىپ، جىگلاپ، سەرلەپ كۆكتات سېتىپ باي بولغىلى بولىدىكەن - دە، سۈرۈشتۈرۈپ باقە، نەچچە يىلدىن بۇيان پارنىكتا كۆكتاتچىلىق قىلىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ بوسۇغىسى ئالتۇن بولۇپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىڭ؟! ئۇلارمۇ دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ.

گەپ قىلمىسام تېخى نەدىكى بىر كىتابلارنى كۆتۈرۈپ كېلىپ خەت تونۇيدىغانلىقىڭنى پەش قىلىپ، مېنىڭ ئالدىمدا پەن-تېخنىكىدىن گەپ ئاچىسەن. مەنچۇ خوتۇن، ساۋاتسىز بولغىنىم بىلەن نى-نى داش قازاندا قايناپ چىققان ساۋاتلىقمەن. مېنىڭ ئەمدى بۇ ھەقتىكى تۇگىمەس گەپلىرىڭنى ئاڭلىغۇم يوق...

— مەنمۇ سىلىگە دەپ قوياي، قارارىمدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيمەن، پارنىك كۆتۈرە ئالغىنىم ئالغان.

— ئۆز مەيلىڭچە ئىش قىلىشىڭغا يول قويمايمەن.

— مەنمۇ سىلى سىزىپ بەرگەن سىزىقتا ئەمدى ماڭمايمەن.

— گېپىمنى ئاڭلىمساڭ يول ئەنە، ساڭا بېرىدىغان پۇلۇممۇ يوق.

— ھۇ ئالجىغان ساراڭ، نەچچە ۋاقتتىن بېرى بۇ ئۆينىڭ دەردىنى ئاز تارتتىمما؟ مانا ئەمدى مۇشۇ ئۆي ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ باقايلى دەپ قويغىنىمغا ئەنە يولما؟

رابىيەم گېپىنى دەپ بولغۇچە ھېلىماخۇن دەرۋازىدىن چىقىپ بولغانىدى.

— پۇل بەرمىسەڭ بەرمە، مەنمۇ بۇ ئىشنى قىلغىنىم قىلغان، سەن تەرساغا يالۋۇرغۇچە... — دېدى رابىيەم ئۆپكىدەپ يىغلىغىنىچە ئۆز-ئۆزىگە غوتۇلداپ،— ئىست! سەن بىلەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرۈم. ئۇ كۆزلىرىدىن سىرغىپ چىققان ئىككى تامچە ياشنى ياغلىقىنىڭ ئۈچى بىلەن سۈرتتى ۋە قارا بۇلۇت ئارىسىدىن سوزۇلۇپ چىقىۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئېغىر ئۇھسىندى.

رابىيەم شۇ ئولتۇرغانچە قولى ئىشقا بارماي كۈننى كەچ قىلدى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا قىزى رەيھاننىڭ ئوخشىتىپ ئەتكەن ئۆگرىسىمۇ تىلىغا تېتىمىدى. ئۇ بىر كېچە كۆز يۇمماي چىقتى. ئەتىسى سۈبھى بىلەن تەڭ ھېچكىمگە گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى. باغباراڭنى يوقلاپ كىرگەن ھېلىماخۇن باللاردىن «ئاپاڭلا قېنى؟» دەپ سوراشنى بىئەپ كۆردىمۇ، چىش يېرىپ بىر نېمە دېمىدى. بەلكىم، باللارنىڭ بىر-بىرىدىن ئاپىسىنى سوراشقىنىنى كۆرۈپ، سورىغانىڭمۇ پايدىسى يوقلۇقىنى بىلگەن بولسا كېرەك. يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان باللارمۇ ئەزەلدىن تىنچ ئۆتۈپ كېلىۋاتقان بۇ ئائىلىدىكى جېدەلدىن بۇرۇقتۇرما بولغانىدى. رابىيەم شۇ ماڭغىنىچە «بوستان» كەنتىنى نۇقتا قىلىپ ئىشلەۋاتقان يېزىنىڭ كادىرى روشەنگۈلنىڭ ياتىقىغىلا ئىزدەپ باردى. ئۇ روشەنگۈلنىڭ ئىللىق مۇئامىلىسى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن كېلىش مەقسىتىنى ئېيتتى. ئاخىردا ھېلىماخۇننىڭ ئون نەچچە يىل ئۆي تۇتقان قەدىناسى

تۇرۇپ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنمىگەنلىكى، ھەتتا پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇشقىمۇ يارىماي، «مەندىن مىراس تەلەپ قىلدىڭ» دەپ دىلىغا قاتتىق ئازار بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— ھېلىمكام ئاغزىدا دەپ قويغان بىلەن ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمەس، سىلىنى جاپا تارتىپ قالمىسۇن دېگەندۇ شۇ.

— روشەنگۈل سىڭلىم، سىز ماڭا بىر ئامال قىلىپ پۇل ھەل قىلىپ بەرسىڭىز، كۆكتاتلارنى ساتقاندىن كېيىن ئۆسۈمى بىلەن قايتۇراي، — دېدى رابىيەم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — مېنىڭ بىر مو يەرنىڭ پارنىكنى باشقۇرغۇم بار ئىدى. بەش مىڭ كوي ئەتراپىدا پۇلنىڭ ئامالىنى قىلىپ توختاملىشىپ تۇرسام، قالغىنىنى مۇددەتكە بۆلۈپ تۆلىسەم، ئىككى ـ ئۈچ يىلدا قەرزلەرنى ئۈزۈپ، ئۇنىڭدىن كېيىن نەق كىرىمگە ئىشلەشكە كۆزۈم يېتەتتى. سىز ماڭا دەسلەپتە تۆلەيدىغان ئاشۇ بەش مىڭ كوينىڭ ئامالىنى قىلىشىپ بەرسىڭىز.

روشەنگۈل رابىيەمنىڭ مۆلدۈردەك تۆكۈلۈپ ئولتۇرغان كۆز ياشلىرىنى سۈرتتى. «كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەتنىڭ غەلۋىسى بىلەن بىر ئوبدان ئائىلىسىنى خازاندەك توزۇتۇۋەتكەن ئاياللارغۇ كۆپ ئۇچرايدىكەن، لېكىن بۇنداق ئۆز ئالدىمغا ئىش قىلىپ پۇل تاپىمەن دەپ ھالى قالمايدىغان ئاياللار كۆپ ئەمەس. يەنە كېلىپ يېشى بىر يەرگە بارغان رابىيەم ئاچامغا نىسبەتەن بۇنداق بىر ئىرادىگە كەلمەك ئاسان ئەمەس» دەپ ئويلىدى روشەنگۈل رابىيەمگە تەسەللى بەرگەچ:

— يىغلىمىسىلا رابىيەم ئاچا، مەن دەرھال تەشكىل بىلەن ئالاقىلىشىپ پۇلنىڭ ئامالىنى قىلاي، سىلى پۇلدىن خاتىرجەم بولۇپ ئۆيلىرىگە قايتىپ، ھېلىمكام ۋە باللار بىلەن يەنە بىر قېتىم مەسلىھەت قىلىپ كۆرسىلە، بۇ يالغۇز پۇلنىڭلا ئىشى ئەمەس. پارنىكنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرى بار بىر ـ بىرىگە چېتىلىدىغان. ئائىلىدىكىلەر ھەمكارلاشساڭلار تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

※ ※ ※

ھەپتە ئۆتكەن بىر كۈنى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا رابىيەم بەش مىڭ يۈەن پۇلنىڭ چېكىنى ئېلىپ داستىخان ئۈستىگە قويدى:

— روشەنگۈل بىز دېھقانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ياخشى كادىر ئىكەن. ئۇ ماڭا بەش مىڭ يۈەن قەرز پۇل ھەل قىلىپ بەردى. كەنتتىن بىر تۇتاش ياسالغان پارنىكلارنى ئەتە تەقسىملەيدىكەن. مەن ئەتە كەنتكە بېرىپ پارنىك كۆتۈرە ئېلىش توختامىسىنى ئىمزالايمەن. پايدا ـ زىيانغا ئۆزۈم ئىگە. بۇ ئائىلىگە ھېچقانداق ئېغىرىمنى سالمايمەن، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، خۇددى مەكتىپىدە ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن يەكلىنىپ يېتىم قالدۇرۇلغان كىچىك بالىدەك ئېزىلىپ، ئۆمچىيىپ ئاستاغىنا يان ئۆيگە چىقىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭغا باللىرىنىڭ كۆزىچىلا ھېلىماخۇننىڭ سوغۇق نەزەردە قارىشى بەكلا ئەلەم قىلغانىدى.

رابىيەم ئىش باشلىدى. خۇددى تەڭرى ئۇنىڭغا يۆلەك بولۇۋاتقاندەك ھەممە ئىشلىرى بىر ئوبدانلا يۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. رابىيەمنى ئەڭ خۇشال قىلغىنى يېزا ۋە كەنت رەھبەرلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن يەن ـ تېخنىكا خادىملىرى بىر تۈركۈم پەمىدۇر، مۇچ مايسىسىنى ئەكېلىپ تەييار مايسىنىلا كۆچۈرۈشكە تارقىتىپ بەردى. رابىيەم تەلەپ قىلىپ يۈرۈپ مايسىنى كۆپرەك ئېلىپ، پارنىكنىڭ ئالىقانچىلىك يېرىنىمۇ بوش قالدۇرماي پەمىدۇر، مۇچ كۆچۈردى. مايسا كۆچۈرۈلگەن يەردىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ئۈچۈن چۆنەكلەرنىڭ قېشىغا ئاق تۇرۇپ تېرىدى.

شۇ كۈنلەردە پارنىك رابىيەمنىڭ بارلىقى بولۇپ قالدى. تامىقىنىمۇ پارنىك ئىچىدە يېدى، رابىيەمنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتى، ئارزۇ ـ ئارمىنى سىڭگەن مايسىلار تېزلا كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھېلىمۇ باللىرى ئۇنىڭدىن ئايرىلماي قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ، ھېلىماخۇننىڭ تېخىچە بۇ يەرگە دەسسەپ قويمىغانلىقىنى چاندۇرماي يۈرەتتى. رابىيەممۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك چاندۇرماي يۈرىۋەردى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ 60—70 كۈن بولغاندا پەمىدۇر بىلەن مۇچنىڭ ئالدى بازارغا كىرگۈدەك بولدى. رابىيەمنىڭ چېھرىگە خۇشاللىق ئارىلاش تەشۋىش تېپىپ چىقتى. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆز ئەجرىنىڭ مېۋە بەرگەنلىكىدىن سۆيۈنسە، يەنە بىر تەرەپتىن كۈندىن ـ كۈنگە قىزىرىپ رەڭ تۇزەپ كېتىۋاتقان پەمىدۇرلار، شاخ ـ شېخىنى كۆتۈرەلمەي ساڭگىلىشىپ كەتكەن مۇچلار، تۇخۇمدەك باش ئېلىپ كەتكەن ئاپپاق تۇرۇپلارنى قانداق قىلىپ زىيان تارتماي جايىدا بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلاپ، بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قىزىپ كېتىۋاتاتتى.

«ئالەم قۇلاقلىق» دېگەندەك، رابىيەم پەمىدۇر، مۇچ، تۇرۇپلارنى سېۋەتلەرگە قاچىلاپ بازارغا ئاپىرىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقاندا، كۆكتات سودىگەرلىرىدىن زاھىر تۆگە بىلەن سادىق سۇپۇرگە يەردىن ئۇنىگەندەكلا كۆكتات قاچىلانغان سېۋەتلەرنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇلار سېۋەتلەردىكى پەمىدۇرلارنىڭ ھەم قىزىل، ھەم دانىسىنىڭ خىللىقىغا قاراپ، بۇلارنى ئۇياقتىن ـ بۇياققا مىدىرلىتىپ

قويسىلا خېلى ئوبدان نەپ بېرىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتىمۇ قانداق، كىرىشىپلا قالدى.

— سىڭلىم، بۇ پەمىدۇر ۋە تۇرۇپلارنى مۇۋاپىق باھادا بەرسىڭىز ھەممىسىنى مەن ئالاي، — دېدى زاھىر تۆگە گەپ باشلاپ.

— مەنمۇ ئالىمەن، — دېدى سادىق سۈپۈرگە سەل قىزارغىنىچە جىددىيلىشىپ.

تالاش-تارتىش ئۇزاق داۋاملاشتى. رابىيەم بۇ تۇنجى سودىنى دەماللىققا قانداق قىلىشنى بىلەلمەي سەل ئىككىلىنىپ تۇرغىنىدا، نۇرنىساخاننىڭ «بۇ پەمىدۇرلارنى مۇشۇنچىلىك قىلغۇچە تارتمىغان جاپايىم ئاز قالدى، بۇنى ئويلىسام ھەر كىلوسىنى ئون كويدىن ساتسامۇ بۇ پۇل ماڭا بىلىقتەك ھالال...» دېگەن سۆزى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى-دە، بىر تەۋەككۇل قىلىپ بېقىشنى كۆڭلىگە پۈكتى...

— بۇ كۆكتاتلارنى ھازىرقى بازار باھاسىدىن ئۈچ كويدىن ئەرزىنىغا بېرەي، سىلەرگىمۇ ئاردىن چاي پۇلى چىقمىسا بولماس...— دېدى كەسكىنلىك بىلەن.

— سىڭلىم، پەمىدۇرنىڭ ھەر كىلوسىنى ئالتە كويدىن، تۇرۇپنىڭ ھەر كىلوسىنى تۆت كويدىن بېرىڭ، مەن ھەممىسىنى ئالاي، — دېدى زاھىر تۆگە ئالدى بىلەن باھا قويۇپ. سادىق سۈپۈرگىمۇ بوش كەلمەي زاھىر تۆگە قويغان باھاغا ئازراق قوشقان بولدى.

تالاش-تارتىش يەنە ئۇزاق داۋاملاشتى. لېكىن، ھەر ئىككىلىسى بىر-بىرىگە قىلچە يول قويۇشمىدى، بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن رابىيەم بەكمۇ ئوڭايسىزلاندى ۋە پەمىدۇرنى ئالتە كويدىن، تۇرۇپنى تۆت كويدىن بېرىدىغانغا كېلىشىپ سېۋەتلەرنى تەڭ ئىككىگە بۆلۈپ ئۇلارنى ئوخشاش رازى قىلىپ يولغا سالدى. ئۇلار مېڭىش ئالدىدا:

— رەھمەت سىلىگە رابىيەم سىڭلىم، پارنىكتىكى كۆكتاتلارنى بىزلا يۆتكەيلى، باشقا بىرىگە بەرمىسىلە، بىز ئەتە كەلگەندە ئالدىن زاكالەت پۇلى تاپشۇرۇپ قويايلى،— دېيىشتى. رابىيەمنىڭ بۇ غېمىمۇ ئۆزلۈكىدىن ھەل بولغانىدى. ئۇ تۇنجى قېتىملىق سودىسىدىن خۇرسەن بولۇپ، ھېلىلا تېخى ھېسابى بىلەن بەرگەن پۇلنى ئۆز كۆزىگە ئىشەنمىگەندەك قايتا-قايتا ساناپ چىقتى.

— ئاپا، نەچچە پۇل ئىكەن، — دېدى 12 ياشلىق ئوغلى دىلمۇرات.

— 1080 كوي، بالام،

— ئاپا، نېمانچە جىق؟ ئاشۇ نەچچە سېۋەت كۆكتاتلار مۇشۇنداق جىق پۇلغا يارىدىما؟ ئەگەر پارنىكتىكى كۆكتاتلارنىڭ ھەممىسىنى ساتساق، بىز راستىنلا باي بولۇپ كېتىدىكەنمىز-دە، — دېدى دىلمۇرات يەنە ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىغان ھالدا رابىيەمنىڭ قولىدىكى پۇللارغا قاراپ خۇشال بولۇپ.

— پارنىكتىكى پەمىدۇر ۋە تۇرۇپلار تېخىمۇ كۆپ پۇل بولىدۇ، — دېدى رابىيەم دىلمۇراتقا ئەللىك يۈەن پۇلنى سۇنۇپ.

— ئاپا، ماڭا نېمە ئۈچۈن بۇنچىۋالا جىق پۇل بېرىسىز؟ — دېدى دىلمۇرات سەل ھەيران بولغىنىچە ئاپىسىغا قاراپ.

— ئوغلۇم، قىشتىن بۇيان پارنىكنىڭ جاپاسىنى سەنمۇ مەن بىلەن تەڭ تارتتىڭ، شۇڭا بۇ سېنى مۇكاپاتلىغىنىم بولسۇن، — دېدى رابىيەم ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيۈپ.

— ئاپا، سىز بەك جاپا تارتىپ كەتتىڭىز، ئورۇقلاپ قوللىرىڭىزمۇ قاداقلىشىپ كەتتى، بۇ پۇلغا مەن سىزگە قولىڭىزغا سۈرىدىغان ماي ئېلىپ بېرىمەن، يەنە پۇتىڭىزغا ئاياغ ئالىمەن، — دېدى دىلمۇرات ئاپىسىنىڭ قاداقلىشىپ، يېرىلىپ كەتكەن قوللىرىغا سۆيۈپ تۇرۇپ.

رابىيەم كىچىككىنە ئوغلىنىڭ چوڭ ئادەمدەك قىلغان گەپلىرىدىن سۆيۈنۈپ، جىمى ھاردۇقلىرى چىقىپ كەتكەندەك ئۆزىنى يەڭگىل ھېس قىلدى. «ئەگەر ھېلىماخۇن جاپا تارتتىڭلار دېمىسىمۇ، بىرەر قېتىم كېلىپ قويغان بولسا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كېتەر ئىدىم-ھە» دەپ ئويلىدى ئىچىدە رابىيەم.

پارنىكتىكى پەمىدۇر ۋە تۇرۇپلار مۆلچەردىكىدىن ياخشى پۇل بولدى. رابىيەم پارنىك كۆتۈرە ئالغان تۇنجى يىلىلا روشەنگۈلدىن ئالغان بەش مىڭ يۈەننى قايتۇرۇپ، كېلەر يىلى قايتۇرۇلىدىغان پۇلنىڭمۇ بېرىمىنى تۆلەپ، يەنە قولىغا ئىككى مىڭ يۈەندەك نەق پۇل، ئۇنىدىن باشقا، يېڭىلاپ كۆچۈرۈلگەن مايسىلار قالغان بولدى. مۇشۇنداقلا ئىشلىسە كېلەر يىلى بارلىق قەرزلەر پاك-پاكىز ئۈزۈلۈپ پارنىك بىكارغىلا قالاتتى. بۇنىڭدىن رابىيەملا ئەمەس، پۈتۈن بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇشال بولدى. رابىيەمنىڭ بىر قىش تارتقان جاپا-مۇشەققەتلىرىمۇ ئاستا-ئاستا كۆڭۈل خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. ھېلىماخۇنمۇ بۇرۇنقى تەرساللىقىدىن قالغانىدى.

بۈگۈنكى ئەتىگەنلىك تاماق بۇ ئائىلىدىكىلەرگە يەنە بىر خۇشاللىق بەخش ئەتتى. تاماق تەييار بولغان بولسىمۇ، ھېلىماخۇن تېخى سىرتتىن كىرمىگەنىدى.

— جېنىم بالام، باغقا چىقىپ قاراپ باقە، ئاتاڭ بولسا

تېزرەك كىرىڭلار، تاماق سوۋۇپ قالمىسۇن، — دېدى رابىيەم دىلمۇراتنى ھېلىماخۇننى چاقىرىپ كىرىشكە بۇيرۇپ.

— مانا مەن كىردىم، — دېدى ھېلىماخۇن سىرتتىن كىرىۋېتىپ، — كېچىدىكى بوراندا پارنىكنىڭ كىرىش ئېغىزى ئۈستىدىن بەش مېتىردەك يەرنىڭ يوپۇقى يىرتىلىپ كېتىپتىكەن. ئۆيدىكى زاپاس يوپۇقتىن ئاچىقىپ يېپىپ، ئۈستىنى پۇختا باستۇرۇپ قويدۇم. مايسىلار تېخى يېڭى كۆچۈرۈلگەن ئەمەسمۇ. ھېلىماخۇن شۇ گەپنى دەپلا خۇددى خاتا گەپ قىلىپ قويغاندەك ئۆزىگە ھەيرانلىق ھەم مىننەتدارلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشقان باللارغا قارىمايلا چۆگۈننى كۆتۈرۈپ ئىتتىك سىرتقا چىقىپ كەتتى. باللار «بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىققاندۇ...» دېيىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئۇزاقتىن بۇيان سېغىنىش، تەشنالىق، دىلغۇللۇق... ئىچىدە سىقىلغان كۆڭۈللەر بىردىنلا ئازادىلىككە ئېرىشكەندەك بولۇپ قالدى، رابىيەم مەززىنى بويلاپ سىرغىۋاتقان ياشلىرىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ، قازان بېشىغا ماڭدى. نېمىلا دېگەن بىلەن قەدىناس ئەمەسمۇ بىز، دەپ ئويلىدى ئۇ كۆڭلىدە.

— ھوي ئانىسى، مېھمان كەلدى، — دېدى ھېلىماخۇن بىرىنى ئۆيگە باشلاۋېتىپ.

— مانا، مانا، — رابىيەم مېھماننىڭ ئالدىغا چىقتى،

— ۋۇي، روشەنگۈلكەنغۇ، قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەندۇ سىلىنى.

— سىلىنىڭ شامالىرى، رابىيەم ئاچا، بۈگۈن باشقىچە خۇشالغۇ سىلەر، — دېدى روشەنگۈل ئولتۇرۇۋېتىپ،— كۈلكەڭلار چوڭ كوچىغا ئاڭلىنىۋاتىدۇ. كىم خۇشاللىق بەردى سىلىگە بۇنچە كۈلگۈدەك!

— ئاپامنىڭ شاملى ئۆيىمىزنىڭ ئۈستىدىكى بۇلۇتلارنى ھەيدىۋەتكەن، شۇڭغا خۇشال بولۇپ كەتتۇق،— دېدى رەيھان روشەنگۈلگە كۆزىنى قىسىپ.

— بۇلۇتلار تارقالغان بولسا بەك ياخشى بوپتۇ، ئۇنداق بولسا مەن سىلەرگە يەنە بىر خۇش خەۋەرنى ئېيتاي. يېزىمىز بويىچە رابىيەم ئاچامنى پارنىكتا كۆكتات تېرىپ پەرۋىش قىلىشتا تەجرىبە تونۇشتۇرۇشقا كۆرسەتتۇق، يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن سىلەرنىڭ پارنىك ئىچىدە نەق مەيدان يىغىنى ئېچىلىدۇ، سىلەر ياخشى تەييارلىق قىلىڭلار. ھە راست، سىلىمۇ بار ھېلىمكا، سىلى ئاياللارنىڭ پەن-تېخنىكىغا تايىنىپ بېيىشىنى قوللىغان نەمۇنىلىك ئەر بولۇپ سايلاندىلا، شۇڭا سىلىمۇ ئىككى ئېغىز سۆزلەپ بېرىشكە ئىدىيەۋى تەييارلىق كۆرۈپ قويارلا!

— مەن... مەن، سىڭلىم روشەنگۈل، سىزدىن خۇش بولاي، مەن بىر قاراتۇرك ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىدىم، سۆزلەيدىغاننىڭ ھەممىسىنى باللارنىڭ ئانىسى رابىيەملا سۆزلىسۇن. ئوقۇغان ئادەم باشقىچە بولىدىكەن. رابىيەم ئوقۇغان، ئۇ قاملاشتۇرىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا كادىرلىقنى قىلماي ئائىلىمىزنىڭ ئىشىغا ئارىلاشتى دەپ سىلىدىنمۇ رەنجىپتىكەنمەن، — دېدى ھېلىماخۇن قىزىرىپ.

— ئۇنداق دېمىسىلە دادىسى، بىر يىلدىن بۇيان ئېتىز-ئېرىقنىڭ بارچە ئېغىر-يېنىك ئىشلىرىنى ئۆزلىرى قىلىپ، باللارنىمۇ بوش-بىكار بولسىلا ئاپاڭغا يېقىن تۇر دەپ كەلدىلە، مانا بۇ قوللاش بولماي نېمە!؟ مەن سىلىگە رەھمەت ئېيتقۇدەك بولمىدىم تېخى.

— ياتقا گەپ قىلغاندەك قىلماڭلا ئادەمگە.

ھەممەيلەن يەنە بىر قېتىم كۈلۈشتى. ئەسلىدىنلا قولى تەملىك رابىيەمنىڭ ئەتكەن تامىقى بۈگۈن بۇ ئۆيدىكىلەرگە باشقىچە تەملىك بىلىندى.

— بولدى ئۇزاتماڭلار، ئەمدى پارنىكنىڭ قالغان پۇلىنى سىلىدىن ئالىمەن جۇمۇ!— دېدى روشەنگۈل رابىيەم بىلەن بىللە ئۇزىتىپ چىققان ھېلىماخۇنغا قاراپ.

— ئۇنىڭدا چاتاق يوق، بۇ يىل پارنىكنى تېخىمۇ ياخشى باشقۇرۇپ پۇلىنى ئۆسۈمى بىلەن ئالدىڭىزغا ئاپىرىمەن!

مانا، نەق مەيدان يىغىنىمۇ ئاخىرلاشتى، رابىيەم ئۆيدىكىلەر بىلەن بىللە پۇللا ئەمەس، يۈزمۇ تېپىۋاتاتتى. ئوقۇغىنىم ئەجەب ياخشى بوپتىكەن، ئوقۇمىغان بولسام شۇنچىلىك بىر گەپلەرنىمۇ دېيەلمەستىم ھېلى، دەپ ئويلىدى ئۇ يىغىندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۆزىنىڭ تولۇقسىزنى پۈتكۈزگۈچە ئوقۇيالىغىنىدىن سۆيۈنۈپ.

— ئاپا! ئاپا! سەن نەدە؟ روشەنگۈل ئاچام ئاپىڭىزغا بېرىپ قويۇڭ دەپ بىر پارچە خەت بەردى، قېنى سەن؟ — دىلمۇرات تۈۋلىغىنىچە چىقىپ باغدا ئۈششاقلىقنى ئۈزۈۋاتقان رابىيەمگە بىر پارچە خەتنى بەردى.

— روشەنگۈل ماڭا خەت يازغۇدەك بىرەر جىددىي ئىش بار بولغىيمىدى بالام؟ — رابىيەم شۇنداق دېگىنىچە ئالدىراپ خەتنى ئاچتى.

رابىيەم ئاچا، مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يۆتكىلىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدىم. ئەمدى كەتسەم قاچان كۆرۈشەلەيمىز، بىلىپ بولمايدۇ. بۈگۈن مەن ئائىلەڭلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىر سىرنى سىلىگە دېمىسە كۆڭلۈم ئارام تاپمىغۇدەك. ھېلىمكام ھەقىقەتەن ئالتۇنغا تېگىشكۈسىز ئېسىل ئادەم ئىكەن. ئەينى ۋاقىتتا سىلى ماڭا پارنىك ئېلىش

ئۇچۇن پۇل تېپىپ بېرىشىمنى ئۆتۈنۈپ كەلگەن كۈننىڭ ئەتىسى سەھەردە ھېلىمكام بىر قول ياغلىققا ئورالغان بەش مىڭ كوينى كۆتۈرۈپ كېلىپ: «ئوبدان سىڭلىم، بىزگە بىر ياردەم قىلىڭ، ئايالىم رابىيەم ھەرقاچان پارنىڭ ئېلىش ئۈچۈن سىزدىن پۇل سوراپ كەلدى. مەن ئۇنى توسۇپ قالالمىدىم. دەسلىپىدە بۇ نىيىتىدىن يېنىپ قالارمىكىن دېگەن مەقسەتتە پۇل يوق دەپ قاتتىق تېگىپتىمەن. بىراق بۇ خوتۇن ئاخىر دېگىنىنى قىلمىغۇچە ئارام تاپمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۆزۈم بېرەي دېسەم دەپ قويغان گېپىم بار، مەن تۇرۇپ ئۇ پۇل ئۈچۈن سارغىيىپ يۈرسە قاملاشماس. شۇڭا، سىز بۇ پۇلنى ئۆزىڭىزنىڭ نامىدا بېرىپ قويسىڭىز، مېنىڭ بەرگىنىمنى ھەرگىز دېمىسىڭىز، دېدى. مەن بۇ ئىشتىن بەك تەسىرلەندىم. شۇنىڭ بىلەن مەن يېزىدىن ياردەم قىلدى دەپ ئاشۇ پۇلنى سىلىگە بېرىپ تۇرغان بولدۇم. مانا بۈگۈن سىلى ئەجىرلىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆرۈۋېلە، مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئائىلىدىكى ھەرقانداق بىر تۇغقۇن سىلەرنىڭ خۇشاللىقىڭلارغا سايە تاشلاپ قالمىسۇن دەپ ئويلىدىم. خوش، ئامان بولۇڭلار! سىلەرگە ئامەت تىلەيمەن!

رابىيەم خەتنى تۇتقىنىچە تۇرۇپ قالدى. كۆزلىرىدىن ھاياجانلىق ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلدى. ئەتىيازنىڭ ئىزغىرىن شامىلى رابىيەمدىن ئاستا ئەگىپ ئۆتۈپ، ھېلىلا يۇمشىتىپ قويغان نەم توپىلارنىڭ ئىللىق ھىدىنى يىراقلارغا ئېلىپ ماڭدى.

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك تەرەققىيات - ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ پېنسىيونېرى

---

(بېشى 33 - بەتتە)

بالامنىمۇ. مەن تۆگەشتىم، مەن ئادەم ئەمەس، ئەمدى قايسى يۈزۈم بىلەن گۈلچىمەننىڭ ئالدىغا بارىمەن، ئۆزۈمنىڭ يۈرەك پارەمنىمۇ باشقىلارغا سېتىۋەتتىم، سالامەتلىكىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي سىز ئۈچۈن تۇغۇپ بېرىمەن دەپ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ تۇغقان ئايالىمۇ ئەجەب ئېسىمگە كەلمەپتا؟! ئۇنىڭغا يۈرەك پارىمىزنى باشقىلارغا سېتىۋەتتىم دەمدىم! ئۇتتۇۋالسام قايتۇرۇۋالارمەن دەپ ئويلىغان دېيەلەمدىم. بۇنداق ئىپلاس يەرگە نېمە دەپ كېلىمەن؟ نېمىدەپ؟ مېنى بىر كىم زورلىغانمىدى!؟ ئاھ خۇدا! مەن قانداق بەندە!؟ مېنى مۇشۇنداقمۇ جازالامسەن؟! بۇ ھالغا چۈشۈپ قالغۇدەك مەن زادى نېمە گۇناھ قىلدىم؟! باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەپ كەتمىدىم، ئوغرىلىق قىلمىدىم، بىرەر ئادەمگە قارا سانىمىدىم، پەقەتلا ... مەن مۇشۇ ئويۇنچۇقخانا دېگەننى تامامەن كۆيدۈرۈپ كۈلنى كۆككە سورۇۋەتمىسەم ھېساب ئەمەس...» ئاۋۇتنىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك، ئاخىرقى گەپلەرنى دېيەلمىدى، كۆزلىرىدىن تاراملاپ قۇيۇلغان ياشلار ئۇلۇغ ئېقىنغا قوشۇلۇپ ئاقماقتا ئىدى. گۈلچىمەن، ئەلۋىدا! مېنى كەچۈرۈڭ، ئۇ ئالەمدە كۆرۈشەيلى ...

ئاۋۇت ئەڭ ئاخىرقى قېتىم گۈلچىمەننى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، شىددەت بىلەن ئېقىۋاتقان ئېقىنغا ئۆزىنى تاشلىدى ...

## خاتىمە

گۈلچىمەن يانمۇيان قاتۇرۇلغان ئىككى قەبرە ئالدىدا ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە تۇراتتى. ئۇ بەكلا ئورۇقلاپ، ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، ئىششىپ، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن تۆكۈلگەن ياشلار ئانىسىغا مۆلدۈرلەپ قاراپ ياتقان بوۋاقنىڭ يۈگىكىگە تامماقتا ئىدى. ئۇ بالىسىنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ ئۈنسىز شىۋىرلىدى: «جېنىم ئاۋۇت، سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغاچقا سىزنى ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدىم. سىز نېمىشقا كېتىپ قالدىڭىز؟ ھەرقانچە چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزسىڭىزمۇ بىزنى تاشلاپ كەتمىسىڭىز بولاتتى. مەن سىزنىڭ نېمە ئۈچۈن بالىمىزنى باشقىلارغا سېتىۋەتكىنىڭىزنى بىلمەيمەن. سىزمۇ بالىمىز يوقالغان شۇ چاغدا مېنىڭ قانچىلىك ئازابلانغانلىقىمنى، بالىنىڭ دەردىدە ساراڭ بولايلا دەپ قالغىنىمنى بىلمەيسىز. باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئاخىر بالىمىزنى تاپتىم. بالىنى سېتىۋالغانلار ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر ئىكەن، ئەھۋالنى ئۇقۇپ بالىنى قايتۇرۇپ بەردى. جەسىتىڭىز دەريانىڭ ئايىغىدىن تېپىلغاندا يۈرىكىم يەنە بىر قېتىم مۇجۇلدى، ھوشۇمدىن كەتكىلى تاس قالدىم. ئاپىڭىز شۇ يەردىلا يىقىلىپ چۈشۈپ، يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قېلىپ، ئەتىسى جان ئۈزدى. ئەلەم ئۈستىگە ھەسرەت قوشۇپ ھەممىمىزنى قايغۇ دەرياسىغا غەرق قىلدى. خېلى كۈنلەرگىچە ئەسلىمگە كېلەلمىدىم. تەقدىر ماڭا نېمانچە رەھىمسىزلىك قىلىدىغاندۇ!؟ سىزسىز بۇ كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزەرمەن ئاۋۇت!...»

گۈلچىمەن تۇپراق بېشىدا خېلىغىچە تۇرغاندىن كېيىن ئاۋۇتقا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان ئوغلىنىڭ مەڭزىگە مېھرى بىلەن سۆيدى. شۇ تاپتا قەبرىگە قادالغان شاددىلار گۈلچىمەنگە ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتقاندەك مەيىن شامالدا يېنىك تەۋرىنەتتى...

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك سۈپەتلىك ئورۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانىدا

# مۇڭلانغان قەلبىمنى بىر ئۆزۈم چالاي

نۇردۇن ئىسلىۋالدى دىلكەش

## مۇڭلانغان قەلبىمنى بىر ئۆزۈم چالاي

قەلبىمدە ياش تۆكۈپ، قەلبىمگە چۆكۈپ،
نە ئۈچۈن مۇڭلىنىپ چالىسەن دۇتار؟
يارىلانغان ناخشاڭنىڭ كۆزىدە ئەلەم،
سۇكۇتلۇك قەلبىمدە قىلار نالە ـ زار.

ئەي ئايال، بولدى قىل چالما سازىڭنى،
مۇڭلانغان قەلبىمنى بىر ئۆزۈم چالاي.
مۇڭلانغان چېغىڭدا قەلبىڭدىن چىقىپ،
يۈرەكنى جۇپ قوللاپ قولۇڭغا تۇتاي.

شىكەستە دىلىمدىن كۆڭۈل سورىساڭ،
سەرگەردان شامال بوپ ئالدىڭغا باراي.
كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە چىقىپ قالسا يول،
چېچىڭدىن دار ياساپ ئۆزۈمنى ئاساي.

## قالارمۇ ۋىسالسىز چۈش بوپ ئارمىنىم

يىغلايمەن قەلبىمنىڭ باياۋانىدا،
سېنىڭسىز گۈلزارغا ئايلانماس بېغىم.
ئازابىنىڭ باغرىدا بىر چېچەك ئاچماي،
قالارمۇ ۋىسالسىز چۈش بوپ ئارمىنىم.

دىلبىرىم چۈشلىرىم شېرىن، بەك شېرىن،
چۈشۈمگە بىر ئۆزۈڭ تەبىر بېرىپ ئۆت.
گۈل ئۈزۈپ ھاياتنىڭ باھار پەسلىدە،
يېنىڭغا ئات چېپىپ كېلىشىمنى كۈت.

---

ئاپتور: ئۇچتۇرپان ناھىيە ياكۆۋرۈك يېزا ئىلقىچىدۆڭ كەنتىدە دېھقان

# قويۇپ قويدۇم بالكونۇڭغا گۈل

گۈلبوستان تۇردى قۇتتۇرك

خىيالىڭدىن كەچسە شوخلۇقۇڭ،
ئايدىڭ كېچە يۇلتۇزلارغا باق.
كەتسە ئەگەر چۈشۈڭ بۇزۇلۇپ،
ياستۇقۇڭنى باغرىڭغىلا ياق.

سىم ـ سىم يامغۇر ياغقان كېچىدە،
بالكونۇڭدىن چىقار قولۇڭنى.
تەشنالىقىم بېسىلسۇن دېسەڭ،
مېھرىڭ بىلەن ئېچۇەر ئۇنى.

سەلكىن شامال چىقسا شۇ چاغدا،
غۇلچىڭنى تۇرغىن كەڭ ئېچىپ.
چاچلىرىڭنى قويدۇ تاراپ،
يۈرىكىڭنى ئۆتكەچ سەگىتىپ.

چېچەك ئاچقان باغلارغا كىرسەڭ،
ئۈزۈۋېلىپ ساقلاپ قوي بىر تال.
قويۇپ قويدۇم بالكونۇڭغا گۈل،
سېغىنغاندا قېنىپ پۇرىۋال.

لەيلەپ قار ياغقان كۈنلەردە،
پومزەك قىلىپ ئوينىغىن ئېتىپ.
شوخلۇق قىلىپ يىقىلساڭ شۇندا،
مەن لېۋىڭدە كېتىمەن ئېرىپ.

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەرلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە

# ئۆزۈمگە تەقلىد

## پاتىگۈل توختى

چاچلىرىمنى ئوينايدۇ شامال،
سۆيۈپ ئۆتەر يۈزۈمنى سەھەر.
مەن ئۆزۈمگە مەنسۇپ بىر دۇنيا،
تەنھالىقىم گۈزەل شۇ قەدەر.

خىياللىرىم تاتلىق بىر ئۈمىد،
ھېسلىرىمدىن تۇغار لىرىكا.
شېئىرلىشى قەلبىمنىڭ ئەجەب،
سېھىرلەنگەن چەكسىز مۇزىكا.

دەخلى بەرمە كۆڭلۈمگە نىگار،
بۇزۇلمىسۇن دىلىمنىڭ ئارامى.
يېزىپ چىقسام ئازابسىز بەخت،
بولۇپ قالسۇن ھايات داۋامى.

———

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك سۇ ئىشلىرى ئىدارىسىدە

# ئانا

## ئارزۇگۈل مەمەت

بۇلۇتلار سۇرۇلۇپ تۇتۇلدى زېمىن،
«ئانا» دەپ تۆكۈلگەن پەرزەنت يېشىدا.
ئاق لىباس ئىچىدە شۇنچە ئازابلىق ــــ
ئۆرتەنگەن يۈرەكلەر ئۆتمۈش قېشىدا.

تەئەججۇپ ئىلكىدە قالدى تېڭىرقاپ،
«موما» دەپ شادىمان يۈرگەن نەۋرىمۇ.
جۇدالىق ھەسرىتى ئېغىركەن ئېغىر،
مۇسىبەت مۇڭىدا قالدى مەلىمۇ.

بالىلار ئىستىقبال قۇچقاندا بۈگۈن،
ئالقىشلاپ كۈلەرگە ئەمدى ئانا يوق.
بىر يىراق سەپەردىن كەلگەندە قايتىپ،
قۇچاقلاپ سۆيەرگە ئەمدى ئانا يوق.

«ئانا يوق» بۇ تەندە ئەمدى ماجال يوق،
ئۆمۈرنىڭ چېكىگە ئۆزگە ئامال يوق.
ھاياتلىق يەنىلا قىلىدۇ داۋام،
ھاياتلار ياشىماي يەنە ئامال يوق.

سەن كەتتىڭ قېپقالدى نەپەسلىرىمدە،
ئەي ئانا بىر ئۆمۈر چەككەن جاپايىڭ.
روھىڭنى پاياندار قىلغان يوللاردا،
پۈرايدۇ سەن تەرگەن لالە ـ رەيھانىڭ.

———

ئاپتور: كۇچا ناھىيە كونىشەھەر رەستە ئىش باشقارمىسى گۈلباغ ئىجتىمائىي رايونىدا

# ھىجران

## ئەيساجان توختى

باراي دېسەم بارالمىدىم يول يىراق،
ھىجران شۇ تاپ يۈرىكىمنى تىلغايدۇ.
ئاھۇ كۆزۈڭ مۇڭلۇق باقار ھەر ياقتىن،
ئاھ، سېغىنىش مېنى ئەجەب قىينايدۇ.

كۆڭۈل قۇشۇم ئۇچتى نەۋاق سەن تامان،
دۇلدۇلۇممۇ نەرە تارتىپ كىشنەيدۇ.
دوستلىرىمنىڭ ئۈنى چۈشتى ئېچىگە،
رەقىبلىرىم دوقمۇشلاردا تۈنەيدۇ.

چىدا گۈلۈم سەۋر كېرەك ھەممىگە،
ھىجران ھەردەم سۆيگۈمىزنى تاۋلايدۇ.
مۇھەببەتنىڭ مەنزىلىدە بىر كۈنى
قۇچاق ئېچىپ ۋىسال چوقۇم پارلايدۇ.

———

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك پوچتا ـ تېلېگراف ئىدارىسىدە




مەن بىلمەن. سەن تۇيۇقسىز بىر كۈنى غايىب بولسەن، لېكىن ھېچكىممۇ سېنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىڭنى، نېمىشقا كەتكەنلىكىڭنى ۋە قاچان كېلىدىغانلىقىڭنى سۈرۈشتۈرمەيدۇ، چۈنكى ھېچكىم سېنى تونۇمايدۇ.

سەن بۇ ئاشخانىغا كۈندە دەل سائەت ئون بىر يېرىمدا كېلىسەن. خۇددى بىكارلىق تاماق يېگىلى كىرگەندەك قورۇنۇپ، كۈندە كېلىۋەرسەم كىشىلەر نېمە دەپ قېلىۋاتقاندۇ دەپ ئەتراپقا خۇدۇكسىرىگەندەك قاراپ قويىسەن. كىشىلەرنىڭ چىرايىدىن نېمىنىدۇر بىلمەكچى بولىسەن، لېكىن سەن بىلەن تامامەن مۇناسىۋەتسىز بۇ چىراي ئىپادىلىرى ئارىسىدا، ساڭا دىققەت ئاغدۇرۇش بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ، يەنىلا كۈندىكى ئادىتىڭ بويىچە ناھايىتى تېزلا بىر قۇر قاراپ چىقىسەن.

سەن ئەزەلدىن يالغۇز كېلىسەن. بىرەر قېتىممۇ بىرەركىم سەن بىلەن قوشۇلۇپ كېلىپ باققان ئەمەس. شۇڭا، سېنىڭ توي قىلغان ـ قىلمىغانلىقىڭنى، بالا ـ چاقىلىرىڭنىڭ، ھەتتا بۇ شەھەردە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىڭنىڭ




بار ـ يوقلۇقىنىمۇ بىلىشكە ئامالسىزمەن.

سېنىڭ كىيىملىرىڭنىڭ ھەممىسى قارا كۆك رەڭدە. بەلكىم ئۇنىڭدىن باشقا رەڭ ياراشمايدۇ دەپ ئويلاپ كىيمەيدىغانسەن ياكى ئۇزاق يىللار قارا كۆك رەڭدىكى كىيىمنى كىيىۋېرىپ، قارا كۆك سېنىڭ ئاساسلىق بىر بەلگەڭگە ئايلىنىپ قالغاچقا، بۇ بەلگىنى يوقىتىپ، باشقىلارنىڭ بىردىنلا تونۇمايدىغان بولۇپ قېلىشىدىن قورقىدىغانسەن. شۇڭا، قارا كۆك رەڭدىن باشقا رەڭدىكى كىيىملەرنى كىيىشكە پېتىنالماي يۈرگەنسەن. ھەقىقەتەنمۇ سېنى قارا كۆك رەڭدىن ئايرىپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. سەن مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىن يوقىلىپ كېتىشتىن قورقىسەن. مەن سېنى دائىم بىرلا خىل كىيىم بىلەن كۆرۈۋېرىشتىن بىزار بولۇپ كەتمىدىم. چۈنكى، مەن سېنى تونۇمايمەن.

سەن تاماقنى بەكمۇ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن يەيسەن. لەڭمەن يېگۈچە توختىماي ئاشنىڭ سۈيىدىن ئىچىپ تۇرىسەن، پولۇ ياكى باشقا تاماق يېگەندە بولسا چايدىن بىرنەچچە چىنەك ئىچىۋېتىسەن. بۇ ئاشخانىنىڭ باش كۈتكۈچىسى نۇرغۇن قېتىم ئالمىشىپ بولدى. بۇ يەردە ئاۋازىنىڭ جاراڭلىقلىقى، خۇشچاقچاقلىقى ۋە كۈتۈش ماھارىتى بىلەن تونۇلغان داڭلىق كۈتكۈچىلەرمۇ، مېھمان

چاقىرىشلىرىنى ئاڭلىسا، كىشىلەر ئاشخانىغا كىرمەي ئۆتۈپ كېتەلمەيدىغان كۈتكۈچىلەرمۇ، ئىككى قېتىم قەدەم تەشرىپ قىلغان مېھمان ئۈچىنچى رەت ئاياغ بېسىپلا قالسا ئۇنىڭ بىلەن زورلاپ دوست بولۇپ كېتىدىغان كۈتكۈچىلەرمۇ ئىشلىگەن. لېكىن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سىنىڭ ئىسمىڭنى سوراپ باقمىدى.

سەندەك ئۇزاق مەزگىل دائىملىق مېھمان بولىدىغانلار ئىچىدە بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشۇپ دوست بولۇپ كېتىدىغانلار، ھەتتا بىر ـ بىرى بىلەن توي قىلغانلارمۇ بار. لېكىن، مەن سىنىڭ بىرەرسى بىلەن پاراڭلىشىپ باققىنىڭنى كۆرمىدىم. باشقىلارغا تونۇمىسىمۇ زورلاپ گەپ قىلىدىغان بۇدۇشقاقلارنىڭمۇ ساڭا نەزىرى چۈشمىدى. بەلكىم بۇ سىنىڭ چىرايىڭنىڭ ئادەمنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك ئالاھىدىلىكىنىڭمۇ يوقلۇقىدىندۇر. چۈنكى، ئۇنداق بۇدۇشقاقلار بۈگۈن تونۇشقان ئادەمنى ئەتىسى تونۇماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، چۈنكى باشقىلار بىلەن تونۇشۇش ئۇلارنىڭ بايلىقى. ئۇلار مېڭىسىنىڭ سان ـ ساناقسىز ئىسىملار، تېلېفون نومۇرلىرى بىلەن تولۇپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراۋ بىلەن بۈگۈن تونۇشۇپ ئەتىسى تونۇماي قېلىش ئۇلار ئۈچۈن بىر خىل يوقىتىشتۇر. ئۇلار بۇنداق زىياننى خالىمايدۇ.

سەن بىرەر قېتىممۇ باشقىلارنىڭ پۇلىنى تۆلىۋېتىپ باقمىدىڭ ياكى باشقا بىراۋ سىنىڭ پۇلۇڭنى تۆلىۋېتىپ باقمىدى. بىرەر قېتىممۇ سىنىڭ يېنىڭدا تاماققا تۆلەيدىغان پۇل كېمىپ قالغان ئەمەس. شۇڭا، سەن بايمۇ، كەمبەغەلمۇ مەن بىلمەيمەن. بىرەركىمنىڭ ساڭا خۇشامەت قىلغىنىنى ياكى سىنىڭ بىرەركىمگە خۇشامەت قىلغىنىڭنى كۆرۈپ باقمىدىم. شۇڭا، سىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنۇڭمۇ ماڭا مەلۇم ئەمەس.

مەن سېنى تونۇمايمەن، لېكىن سىنىڭ بىركىملەر ئۈچۈن ياش تۆككەنلىكىڭنى، كوچىلاردىن يىغلاپ ئۆتۈپ، كېيىن يىغلىغىنىمنى كىملەر كۆرگەندۇ دەپ خىجىل بولغىنىڭنى بىلمەن. مەن سىنىڭ نېمە ئىشلارنىدۇر لوگىكىلىق شەكىلگە ئىگە قىلىپ ئەقلىڭگە قوبۇل قىلدۇرۇشقا شۇنچە تىرىشىپمۇ ئۆزۈڭنى قايىل قىلغۇدەك سەۋەب تاپالماي غەزەپلەنگىنىڭنى بىلمەن. بىز سىنىڭ قاچانلاردۇر ئىشكىنى ئەتتىممۇ ـ ئەتمىدىممۇ دەپ ئارقاڭغا يېنىپ ئىنتىرىپ باققانلىقىڭنى، كېچىدە ئورنۇڭدىن تۇرۇپ گازنىڭ ھىم ئېتىلگەن ـ ئېتىلمىگەنلىكىنى تەكشۈرگىنىڭنى بىلمەن. يەنە سىنىڭ چۈشۈڭدە تىنىق كۆل سۈيىنى كۆرسەڭ ئۇنى كۆك ئاسمان بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىپ قالىدىغانلىقىڭنى بىلمەن. لېكىن، مەن سېنى تونۇمايمەن، چۈنكى بىز ھېچقاچان پاراڭلىشىپ باقمىدۇق.

مەن سىنىڭ باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقىنىڭنى كۆرۈپ باقمىدىم، شۇڭا ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ سۆزلەيدىغان ئادىتىڭنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيمەن. مەن سىنىڭ باشقىلار بىلەن مۇھەببەتلەشكىنىڭنى كۆرۈپ باقمىدىم، شۇڭا سىنىڭ ئۆزۈڭنى سۆيۈپ قالغانلىقىڭغىمۇ ئىشەنمەيمەن، خۇددى مەن سېنى سۆيۈپ قالغىنىمغا ئىشەنمىگەندەكلا. سەن بۇ زېمىنغا ئاپىرىدە بولغان ئاشۇ دەقىقىدىلا مەن ساڭا ئاشىق بولغاندىم. گاھىدا ساڭا ئاشىق بولغان ئۆزۈمنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىنمۇ گۇمانلىنىمەن. سەن كېتىپ قالغاندا سەن بىلەن بىللە كېتىدىغان بىرىنچى ئادەم مەن بولىمەن، چۈنكى مەن ساڭا ئاشىق.

مەن سېنى تۈنجى قېتىم قاچان كۆرگىنىمنى بىلمەيمەن، شۇنىڭغا ئوخشاش سېنى قاچان كۆرۈشۈمنىڭ ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن. سىنىڭ ئارىمىزدىن غايىب بولغانلىقىڭنى ئۇزاق يىللارغىچە بايقىمادۇق ـ بايقىمادۇق بۇمۇ ماڭا قاراڭغۇ. سېنى دائىم كۆرۈپ تۇرغاچقا، ماڭا بىرلا خىل تۇرغاندەك كۆرۈنىسەن. ھازىرقى كۆل رەڭگە كىرگەن چاچلىرىڭنىڭ ئىلگىرى قاپقارا ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن، خۇددى ئەينى يىللىرىمۇ سىنىڭ قاپقارا چاچلىرىڭغا قاراپ ئۇنىڭ بىر كۈنى كۆل رەڭگە كىرىپ قالىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلمىگەندەك.

مەن بىلمەن. سەن تۇيۇقسىز بىر كۈنى غايىب بولىسەن. ئىككىنچىلەپ بۇ يەرگە ئاياغ باسمايسەن. شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئەسلىمەمدىنمۇ ئىز ـ دېرەكسىز غايىب بولىسەن، گەرچە ئۇ يەردە سەن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت بولمىساڭمۇ. لېكىن، شۇنى پەرەز قىلالايمەنكى، ھېچكىم سېنى چوڭ كوچىدا ئىتىپ تاشلىمايدۇ. ھېچكىم سىنىڭ كەينىڭدىن ئاپىشاركىدەك شىپىلداپ كېلىپ پىچاق ئۇرۇپ، سىنىڭ بارلىق ئازابىڭ ۋە شادلىقىڭ دەقىقە ئارىسىدا ھەممە ئادەم بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزمەيدۇ. مەن بىلمەن، سەن داڭلىق ئادەم ئەمەس. تېزلىكتە ئۇنتۇلۇپ كېتىلىش بەلكىم سېنى خۇشال قىلار، چۈنكى سەن بۇ دۇنياغا بىر ناتونۇش ئادەم بولۇش ئۈچۈن كەلگەن...

---

ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى مەدەنىيەت سارىيىدا



# قىزىل ياغلىق پەرىشتەم

(نەسر)

(بىر ئەرنىڭ تىلىدىن)

ئامانگۈل ئېلى

قىزىل ياغلىق ساڭا بەكمۇ يارىشاتتى. سېنى تۇنجى قېتىم كۆرگىنىمدىمۇ بېشىڭدا قىزىل ياغلىقڭ بار ئىدى. ساڭا بولغان ئاشىق قەلبىمنى تۇنجى رەت ئىزھار قىلغىنىمدىمۇ چوغدەك ياراشقان قىزىل ياغلىق ھۆسنۈڭنى خۇددى قۇياشتىن ئەنداز ئالغاندەك گۈزەل قىلىۋەتكەنىدى. پەرىشتەم، ھەتتا سەن ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلغان ئاشۇ دەقىقىدىمۇ بېشىڭدا يەنە شۇ قىزىل ياغلىق بار ئىدى. سەندىن ئايرىلغىنىمغا توپتوغرا ئون يىل بوپتۇ. ئەمما، سەن ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ تۇرغان قىزىل ياغلىقڭ بىلەن ھەردەم كۆز ئالدىمدا جىلۋە قىلىپ تۇرىسەن. مەن ساڭا ئاشىق بولغىنىمدا، سەن ئون سەككىز ياشتا ئىدىڭ. مەن ئەركەكلىك بىلەن سېنى سۆيىدىغانلىقىمنى ئېيتقىنىمدا شاپېردەك قىزىرىپ يەرگە باققىنىڭنى كۆرۈپ، مەنمۇ سەن بىلەن تەڭ خىجىل بولغىنىم ئېسىمدە. مەن نېمىگە شۇنچە خىجىل بولدۇم، بىلەمسەن؟ چېھرىڭدىكى ھايا-نومۇستىن بالقىغان قىزىللىق مېنى ھودۇقتۇرغانىدى. خېلى ئادەملەر ئالدىدىمۇ قورۇنماي ئەركەكمەن دەپ يۈرگەنىدىم. يۈزۈڭدىكى شەرم-ھايادىن، قىزىللىقتىن يۈرىكىم ئېغىپ كەتكەنىدى. مانا بۈگۈن سېنى، ئاشۇ يارىشىملىق قىزىل ياغلىقڭنى سېغىنىۋاتىمەن. سەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىلىپ قالغانلىقىمدىن ئىبارەت ئازابلىق ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلغۇم كەلمىسىمۇ، بىراق رېئاللىق ھەممىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

ئېسىمدە، پەرىشتەم! سەن بىلەن تونۇشقاندىن كېيىن خاتىرە كۈنلەردە ساڭا قىزىل ياغلىق سوۋغا قىلىش مېنىڭ ئادىتىم بولۇپ قالدى، ئەمما بۇ ئۇزاققا بارمىدى. ئاشۇ مۇدھىش ئۆلۈم خەۋىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشىنەلمەي يۈرگىنىمدە، سېنىڭ جەسىتىڭ ئانا دەريانىڭ ئايىغىدىن تېپىلدى. بۇ خەۋەر راست ئىدى. جۇدانامەڭدە يازغىنىڭدەك، سەن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان مەلئۇنلار تەرىپىدىن ئاياغ ئاستى قىلىنغاچقا ئۆلۈم يولىنى تاللىغانىدىڭ. سەن پاكلىقىڭ ئاياغ ئاستى قىلىنغان ھالەتتە ئاتا-ئاناڭنىڭ ئالدىغا بېرىشنى خالىمىغانىدىڭ. ئېيتىڭ خازان بولغاندا، چىن قەلبىڭدىن سۆيگەن يارىڭنىڭ يېنىغا بېرىشنى راۋا كۆرمىگەنىدىڭ. سەن ئۆلۈپ كەتكەندە مەن سوۋغا قىلغان قىزىل ياغلىقىڭ ساڭا ھەمراھ بوپتۇ. «ئۆلۈۋالغان ئادەمنى يەر قوينىغا ئالمايدۇ...» دېيىشىدىكەن چوڭلار. بىراق، ئۇنداق بولمىدى، سەن يەرلىككە قويۇلۇپ كېيىنكى يىلى باھاردا تۇپراق بېشىڭدا ياۋا گۈللەر ئۈنۈپ چىقىپ بەكمۇ چىرايلىق ئېچىلىپ كەتتى. مەن ئۆز قولۇم بىلەن تىككەن توغراق كۆچىتىمۇ ھازىر باراقسان بولۇپ كەتتى.

قارىغىنا پەرىشتەم! ساڭا ھەر يىلى قۇربان ھېيتتا سوۋغا قىلىدىغان قىزىل ياغلىقلارنى توغراق شېخىغا ئېسىپ قويىدۇم. سەن مېنىڭ تۇيغۇمدا ئۆلمەس قەھرىمان ئىدىڭ. ھەقىقىي پاكلىق جەڭچىسى ئىدىڭ. يىللار ئۆتتى. مەنمۇ ئۆي-ئوچاقلىق، باللىق بولدۇم. ئايالىمغىمۇ نەچچە قېتىم قىزىل ياغلىق ئېلىپ بەردىم. بىراق، ئۇ مەن ئېلىپ بەرگەن قىزىل ياغلىقلارنى ئارتماي، چاچلىرىنى بوياپ، بۇدۇر قىلىپ يۈرەتتى...

ئاڭلاۋاتامسەن، پەرىشتەم، ساڭا يەنە قىزىل ياغلىقلارنى سوۋغا قىلغۇم، ئۆز قولۇم بىلەن بېشىڭغا ئارتىپ قويغۇم بار. ئەگەر قايتا تۇغۇلۇش مۇمكىن بولغىنىدا، سېنىڭ ئۈچۈن ھاياتىمنى ھەدىيە قىلغان بولاتتىم. چۈنكى، سەن قەلبىمدە پاكلىق پەرىشتىسى، قىزىل ئۇلۇغلۇقنىڭ بۈيۈك قەھرىمانى ...

---

ئاپتور: ئونسۇ ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى



# ئەدەبىياتنىڭ كۈچى ۋە ئەدىبنىڭ بۇرچى

ئەنۋەرجان سادىق كۆكنۇر

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغلىرىم بولسا كېرەك. شۇ ۋاقىتتا ئەدەبىيات دەرسلىكىمىزدە «ئۇرۇقنىڭ كۈچى»دەيدىغان بىر تېكىستنى ئوقۇغانىدىم. دەرستە تەبىئەت دۇنياسىدىكى بىرقانچە شەيئىلەرنىڭ كۈچىگە سېلىشتۇرما ھالدا ئۇرۇقنىڭ كۈچىنىڭ باشقا بارلىق كۈچلەردىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى، بىر تال ئۇرۇقنىڭ ئېغىر تاش-چالمىلارنىڭ ئاستىدىنمۇ ئۈنۈپ چىقالايدىغانلىقىدەك خاسىيەتلىك تەرىپى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەنىدى. شۇ ۋاقىتتا ھەممىمىز ھەقىقەتەن ئۇرۇقنىڭ قەيسىرانە روھىغا ئاپىرىن ئېيتىشقانىدۇق. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ئۇرۇقنىڭ كۈچىدىنمۇ نەچچە ھەسسە كۈچلۈك بىر نەرسىنىڭ بارلىقى مېنى چوڭقۇر تەپەككۇر قايىنىمىغا تاشلىدى. مەن بارا-بارا ھېس قىلىۋاتقان ئۇ نەرسىنىڭ كۈچى مېنى باللىق ۋاقتىمدىن تارتىپلا ئەسىر قىلىۋالغاچقىمىكىن، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان چېغىمدىن باشلاپلا شېئىر، ھېكايە، نەسىر يېزىشقا باشلىغانىدىم. دېمىسىمۇ «ئۇرۇقنىڭ كۈچى»ھېكايىسى تەبىئىي رەۋىشتە مېنى ئەدەبىياتنىڭ كۈچىدىن ئىبارەت ماگنىت مەيدانىغا تارتىلىپ كېتىشىمگە سەۋەب بولغانىدى. چۈنكى، شۇ ۋاقىتتىكى سەبىي ئېڭىمدا «مەنمۇ ئۇرۇقتا ئوخشاش قەيسەرلىك بىلەن ياشاپ ئەدەبىيات تۇپرىقىدا كۆتۈرۈلۈپ چىقىمەن» دەيدىغان ساددا قاراش پەيدا بولغانىدى.

قارىغاندا ئەدەبىياتنىڭ كۈچى مېنى خېلى بۇرۇنلا جەلپ قىلىپ بوپتىكەن. ئەدەبىياتقا بولغان ئوتتەك ئىشتىياقىم ئىسسىقنى ئىسسىق، سوغۇقنى سوغۇق دېمەي دۈم يېتىپ تۇرۇپ شېئىر، ھېكايىلەرنى يېزىشىمغا، ئۆزىمىزنىڭ ۋە چەت ئەلنىڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن ئاجايىپ بىر قىزىقىش ئىچىدە سەۋدايىلەرچە تونۇشۇپ چىقىشىمغا ئاستىرتىن تەسىر قىلغانىكەن.

مانا ئەمدى ئۆزۈم ئارزۇ قىلغان ئالىي بىلىم يۇرتىدا ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپىدە بەش يىل ئوقۇپ، خىزمەتكە چىققىلىمۇ ئون يىل بولۇپ قاپتۇ. ئاشۇ كىچىككىنە قىزغىن ھەۋەس ياكى خام-خىيالىمنىڭ كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئەمەلگە ئېشىشى، يەنە كېلىپ ئۆزۈمنىڭ بىر تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ قېلىشىم دەل ئاشۇ «ئۇرۇقنىڭ كۈچى» ھېكايىسىدىن كەلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز باغلانغان ئەدەبىياتنىڭ كۈچى ئىدى.



ھەممە نەرسىنىڭ قىممىتى ئىقتىسادقا بېرىپ تاقىلىۋاتقان، ماددىي نەرسىلەر، ماددىۋى كۆزقاراشلار ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيمەن دەۋاتقان، مەنىۋى نەرسىلەرنىڭ قىممىتىمۇ پۇلغا سۇندۇرۇۋاتقان بۇ كەسكىن رىقابەت دۇنياسىدا بەلكىم زور كۆپچىلىك كىشىلەر «ئەدەبىيات ھازىر بىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيتتى؟ نېمە ئۈ ئەدەبىياتنىڭ كۆچى دېگەن؟ پۇل بولمىسا ھەممىسى بىكار» دېيىشلىرى مۇمكىن، دېمىسىمۇ دۇنيا پەن ـ تېخنىكىنىڭ كونتروللۇقىغا ئۆتكەن بۇ دەۋردە، كىشلەرنىڭ مەنىۋىيىتىگە مەلھەم بولغۇچى ئەدەبىياتنىڭ ئورنى تۆۋەنلەۋاتىدۇ. كىشلەر ھازىر بىر ئەدەبىي كىتاب كېلىدىغان پۇللىرىنى ھەممىدىن زۆرۈر دەپ قاراۋاتقان ماددىي ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا رازى. چۈنكى، ياشاش تەخىرسىزلىشىۋاتقان ۋەزىيەتتە، بىرەر رومان، بىرەر شېئىرىي توپلام ئوقۇشنى ئاۋارىچىلىك، پۇل ئىسراپ قىلغانلىق، دەپ قارايدۇ .بۇ بەلكىم تەرەققىياتنىڭ سەلبىي ھاسىلاتى بولسا كېرەك.

گىۋئىنىنا بوكاچچۇنىڭ «ئون كۈنلۈك سۆھبەت»، دانتىنىڭ «ئىنسان كومېدىيەسى»، داۋىنچىنىڭ «مونالىزا» قاتارلىق ئەسەرلىرى ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭ تەپەككۇرىنى غىدىقلىمىغان، يېتەكلىمىگەن، ئۆزى ۋە كېلەچەك ھەققىدە ئويلىنىشقا، تەتقىق قىلىشقا تۈرتكە بولمىغان دېيەلەمدۇق؟ دانتىنىڭ ئاشۇ ئەسىرى ئىنسانىيەتكە ھېچقانداق تەسىر ئېلىپ كېلەلمىگەنمىدۇ؟ يۇنان ئەپسانە رىۋايەتلىرىدە تەسۋىرلەنگەن ئىلئادا ـ ئودىسسالارنىڭ قەھرىمانلىقلىرىچۇ؟ «ماناس» ئېپوسىدىكى ماناس باتۇرنىڭ قەھرىمانلىقلىرىچۇ؟ بىز ئاشۇ ئېپوسلاردا تەسۋىرلىنىۋاتقان قەھرىمانلار بىلەن تونۇشۇۋاتقىنىمىزدا نەقەدەر ھاياجانلىنىپ كەتكەن بولغىيدۇق؟ ... مانا بۇلار ئەدەبىياتنىڭ ئىنسانىيەتنىڭ ئاڭ تەپەككۇرىغا كۆرسەتكەن شەكىلسىز تەسىرى! بۇ تەسىرنى سان ـ سىفىر بىلەن كۆرسىتىپ يۈرۈش بەلكىم بىھاجەت.

دۇنيا مودېرنىزم ئەدەبىياتىدا ئىپادىزم ئېقىمى بىلەن شۆھرەت قازانغان مەشھۇر يازغۇچى كافكانىڭ «مەن ئەدەبىيات بىلەن مۇناسىۋەتسىز بارلىق نەرسىلەردىن نەپرەتلىنىمەن، ئۇلار ماڭا بىمەنە تۇيۇلىدۇ.» دېگەن سۆزىنى ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرسەك شۇنداق يەكۈنگە ئىگە بولىمىزكى، ئەدەبىيات ئىنسانىيەت ئۈچۈن، دۇنيا ئۈچۈن مۇھىم. كىشىنىڭ قەلبىنى لال قىلىپ ماگما كەبى ئېرىتكۈدەك ئەدەبىياتى بولغان خەلق شەكسىزكى، زامانىۋى قوراللىرى بار ۋە ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرغان بايلىقى بار خەلقتىن مىڭ ئەۋزەل. چۈنكى، روھىيەتنىڭ بەرنالىقى ھەقىقەتنىڭ ئاشنالىقىغا تەڭدۇر.

دۇنياغا داڭلىق يازغۇچى، شائىرلاردىن چىڭغىز ئايتماتوف، گارسىيا ماركوس، مىلان كۇندىرا، ل. تولستوي، ئا.پ. چېخوپ، مۇپاسسان، بالزاك، سارتىرى، ھېمىڭۋاي، ئالبېرت كامۇس، ئوكتاۋئىئو پاز، ھېرمان ھىسسى، سىلۋىيە پلاس، ئا. س. پۇشكىن، يېسىنىن، نەجىپ مەھپۇز، ئەزىز نەسىن، جىبران خېلىل جىبران، رابىندىرانات تاگور، رىشات نۇرى كۈنتىگىن، لۇشۇن... قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ تەسىرى ھازىرغىچە دۇنيا ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلگىنى يوق. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت تىللىرىغا ئارقا ـ ئارقىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنياۋى تەسىر جەھەتتە ئەڭ ئالدىغا ئۆتتى، ئەسەرلىرى مىليونلاپ تىراژدا نەشىر قىلىندى. مىليونلىغان ئادەملەر شەك ـ شۈبھىسىزكى، ئىنسانلىقنىڭ ئازاب ۋە خۇشاللىقلىرىنى ئاشۇلارنىڭ قەلىمىدىن تېپىندى. ئەدەبىياتنىڭ سېھرى كۈچى ئارقىلىق ئازاب ئېڭىنى ئويغاتتى. ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچى ئارقىلىق ئىنسانىي ئاڭدا ئىنسانىي ھېس ـ تۇيغۇ، ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت چېچەكلىدى.

ئەدەبىيات ئىنسان روھىنى چېۋەرلىك بىلەن ئىپادىلىگۈچى سەنئەت ھادىسىسى بولۇش سالاھىيتى بىلەن ئىنسانغا ئىنسانىي تونۇتتى، ئىنسان غېرىبلىقىغا ھەمدەرد بولدى. دۇنيا خەلقىگە تونۇش بولغان مەشھۇر ئەسەر «مىڭ بىر كېچە»دىكى شەھرىزاتنىڭ ھېكايىسى ماھىيەتتە ئىنساننىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى بىر قېتىملىق بەدىئىي ئۇرۇنۇشىدىن ئىبارەت.

كىشلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتىدىغان، مەنىۋىيىتىنى بېيىتىدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ كېلىۋاتقان يازغۇچى، شائىر، ئەدىبلىرىمىز ھېلىھەم ئاز ئەمەس، ئۇلار مەڭگۈ ھۆرمەتلىنىشكە سازاۋەردۇر. كىم بىزنىڭ قەدىردان يازغۇچى، شائىر ـ ئەدىبلىرىمىزدىن بولغان لۇتپۇللا مۇتەللىپ، تەۋپىق، ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، روزى سايىت، تۇردى سامساق، مەمتىمىن ھوشۇر، ئەخەت تۇردى، ئەختەم ئۆمەر، ياسىنجان سادىق چوغلان، ئادىل تۇنىياز، ئۆمەر مۇھەممەتئىمىن كروران، بەگمەت يۈسۈپ ... قاتارلىق قەلەم ھېنەتكەشلىرىنى ئەدەبىياتىمىزنىڭ جاپاكەش

ساھىبلىرى ئەمەس دېيەلەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ قان ـ تەرى بەدىلىگە كەلگەن نادىر ئەسەرلىرىنى ئاسراش، قەدىرلەش بىزنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىمىز.

ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام، 5 ـ سىنىپتا ئوقۇيدىغان ۋاقتىمدا «ئۆتكەن كۈنلەر»، «مېھرابتىن چايان»، «قايىنام ئۇرگىشى»، «لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى» قاتارلىق رومان، شېئىر كىتابلارنى ئوقۇپ ئەدەبىياتنىڭ سېھرىي كۈچىگە ئەسىر بولغانىدىم. بۇ ھەقتە كىملەرنىڭدۇر مەلۇم يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ يىغلاپ كەتكىنىنى، روھىي دۇنياسىدا كۈچلۈك ئۆزگىرىش پەيدا بولغانلىقىنى، يەنى ئەدەبىياتتىن تەسىرلىنىش ھەققىدىكى بايانلىرىنى ئاڭلاپ قالىمىز. ئەدەبىياتنىڭ تەسىرلەندۈرگۈچ كۈچى ئەلۋەتتە يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە بولغان سەممىيلىكىدىن ۋە خەلققە، ھەقىقەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن كەلگەن.

بەدئىي يوللار ئارقىلىق ئىنسان روھىيىتىنى خىلمۇخىل تۈستە ئىپادە قىلغۇچى ئەدەبىيات بىزنىڭ مىللىي ئاڭ قىرغاقلىرىمىزغا دولقۇن كەبى ئۇرۇلۇپ ئۆزلۈكىمىزنى تونۇشقا يول ئېچىپ بەرمەكتە. 1957 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن فرانسىيەلىك داڭلىق يازغۇچى ئالبېرت كامۇسنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەققىدىكى مۇنۇ بىر كەلىمە سۆزى يەنىلا ئەدەبىياتنىڭ كۈچىنى دەلىللەپ بېرەلەيدۇ. ئالبېرت كامۇس شۇنداق دەيدۇ: «سەنئەت ئىنسان ئىزتىراپلىرى ۋە خۇشاللىقنىڭ بىپايان مەنزىرىلىرىنى سىزىش ئارقىلىق دىللارغا تەسىر قىلغۇچى قۇدرەتلىك كۈچتۇر» ئېتىراپ قىلماي بولمايدۇكى، ئەدەبىيات بىر خەلق ئۈچۈن ئاش ـ ناندەك مۇھىم بولسا، شۇ خەلقنىڭ شائىر ـ يازغۇچىسىمۇ شۇ خەلق ئۈچۈن ئەڭ ئەتىۋارلىق، سۆيۈملۈك كىشىلەردۇر. شائىر ـ يازغۇچىلار يەنى، ئەدىبلەر ئۆزىدە يۈكسەك بۈرچ تۇيغۇسى ھازىرلىغانلاردۇر. بۈرچ تۇيغۇسى بولمىغان يازغۇچىنىڭ ئىجادىيەت قىممىتى بولمايدۇ. ئىجادىيەت قىممىتى بولمىغان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئادەمنىڭ پېشانىسىنى تەرلەتكۈدەك كۈچى بولمايدۇ.

30 ياشتىن ئاشار ـ ئاشمايلا ئۆز خەلقى ئۈچۈن قەلىمى ھەم ئەلىمى بىلەن كۆرەش قىلىپ قۇربان بولغان شائىرلاردىن بايرون، فىتوفى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، ل. مۇتەللىپ، مەمتىلى تەۋپىق، بىلال ئەزىزى... قاتارلىقلار ھاياتى بىلەن ئەسەر يېزىپ ئىنسانىيەتنىڭ تىنچلىق، ھۆرلۈككە بولغان تەلپۈنۈشىنى ئىپادىلىدى. ئۇلارنىڭ ئۆزىدىكى ئەدىبلەرچە مۇقەددەس بۈرچى ۋە ئۆزىدىن كېچىش روھى ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش يولىدىكى مەڭگۈلۈك ئاۋازىدىن دېرەك بېرەتتى. دۇنيا ئەدەبىياتى سەيناسىدا ئۆزىنىڭ «قۇياش ئوخشاشلا چىقۋېرىدۇ»، «بوۋاي ۋە دېڭىز»... قاتارلىق دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلىرى بىلەن 1954 ـ يىلى شۋېتسىيە خان جەمەتى پەنلەر ئاكادېمىيەسى تەرىپىدىن «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نىڭ ھۆرمەتلىك ساھىبى بولغان ئېرنېست ھېمىڭۋاي قەلەم ھەم ئەلەمدە ئىنسانىيەت تارىخىدا يازغۇچى، شائىرلارنىڭ مۇقەددەس بۈرچىنى تونۇتۇشتا بارچىغا ئۈلگە بولسا كېرەك. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەدەبىياتنىڭ كۈچى، مانا بۇلار ئەدىبلىرىمىزدىكى مۇقەددەس بۈرچ! ئىنسانىيەتنىڭ روھىي تەشناللىقىغا مەلھەم بولۇۋاتقان ئەدىبلىرىمىز ھەرگىزمۇ دۇنياغا يۈك ئەمەس. ئارىمىزدىكى ئاز بىر قىسىم جان باقتى ئەدىبلىرىمىزنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كىشىلەر ۋاي دېگۈدەك ئەدىبلىرىمىز ھېلىھەم بىزنىڭ مەنىۋى ئۇسسۇزلۇقىمىزغا سۇ بەرمەكتە.

ئەدەبىيات ئىنسان روھىنى پاكلايدۇ، ئۇ دۇنيانىڭ ھەر بىر تۇۋشىغا، پىچىرلىشىغا، ئىنساننىڭ تۈرلۈك سىر ـ ئەسرارلىرىغا، دۇنيا تىنچلىقىغا بەكمۇ دىققەت قىلىدۇ. 1959 ـ يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىتالىيەلىك داڭلىق شائىر سالۋاردور كاشىمودونىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا: «شائىر، يازغۇچىلار دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.» دۇنيا ئۆزىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئەدەبىياتنىڭ چەكسىز سېھرىي كۈچىدىن، ئەدىبنىڭ تەپەككۇر قەلىمىنى شىتىرلاتقان ۋاقتىدىكى ئاۋازىدىن تىڭشىسا كېرەك.

شۇنداق، ئىنسان ھەقلىرى ۋە ھەققەتلىرى، قان ـ ياشلىق كەچمىشلىرى... ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ رىيازەتلىك بەتلەردە تەسۋىپ قىلىنغاندا ئۆزىنى كۆرۈشنى ئىستىگەن ھەر بىر ئادەم شائىر، يازغۇچىلارنىڭ غېرىبلىقىدىكى قەلەم تەۋرىتىشلىرىگە دىققەت قىلماسمۇ؟ شۇنداق، ئۆز ۋىجدانىدىن ئۇيىلىدىغان ئەدىبلەر ئەدەبىياتتىن ئىبارەت پايانسىز بەدىئىي تىل دېڭىزىدا شىددەتلىك دولقۇن كەبى ئىنسانىيەتنىڭ روھىيەت قىرغاقلىرىغا توختىماي ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ...

---

ئاپتور: ئاقتۇ ناھىيەلىك مائارىپ ئىدارىسىدە



# كىتابتىن ياتلىشىش ۋە نامراتلىشىش

(كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالماسلىقىمىزنىڭ بىرقانچە سەۋەبلىرى توغرىسىدا

تۇرسۇنمۇھەممەت توختى

بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئۈستۈنلۈك ياكى تۆۋەنلىك، بايلىق ياكى نامراتلىق، قۇدرەت تېپىش ياكى مەھكۇملۇققا يۈزلىنىش، ئىستىقبالىنىڭ پارلاق ياكى خۇنۇك بولۇشىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل نوقۇل ھالدىكى جۇغراپىيەلىك شارائىت، تەبىئىي بايلىق، ئادەم كۈچى... دېگەندەك ئەنئەنىۋى تەرەپلەردىكى ئەۋزەللىكتە ئىپادىلىنىش ـ ئىپادىلەنمەسلىك مەسىلىسى بولۇپ قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى ئادەملەرنىڭ ساپاسى، تەپەككۇرىنىڭ قانداق بولۇشى، ئىجادچانلىق ئىقتىدارى، ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنغان سىرلارنى قايسى دەرىجىدە ئاچالىغانلىقىدەك مەنىۋى ئامىللارغىمۇ باغلىق بولۇپ قالدى. ئەگەر مېڭىنىڭ ئىقتىدارى، ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ رولى جارى قىلدۇرۇلمايدىكەن، نادانلىق قۇتراشقا باشلايدۇ. ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈرۈپ ھالاكەت قىرغاقلىرىغا سۆرەپ بارىدۇ. بۇنداق كېسەل روھنى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى — ئەقىلنى ئويغىتىدىغان ھەم نۇرلاندۇرالايدىغان ئىلىم روھىغا مۇراجىئەت قىلىشتۇر. ئىدىيە نامراتلىقى تۈپەيلى نادانلىققا مەھكۇم بولغان كىشىلەر ئادەتتە كونا ئۆتكۈزۈش، قورساق تويغۇزۇشنى مەقسەت قىلغان ئادەتتىكىچە تەكرار تۇرمۇشقا، ئۇششاق ـ چۈششەك، ئەرزىمەس ئىشلارغا كۆنۈپ قېلىپ، ئەقىل ۋە تەپەككۇرنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلىش، ئېگىزدە تۇرۇپ يىراققا نەزەر تاشلاش، ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزىدىن ھالقىشتەك ئەقلىي ئىقتىدارىدىن مەھرۇم قالغاچقا، مائارىپ تەربىيەسىگە، ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشكە، بىلىمنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاپ تۇرۇشقا ئېتىبارسىز قاراپ قىسمەتلەر قايىنىمىغا شۇڭغۇماقتا. ئىنسانغا نىسبەتەن ئەڭ زور بەختسىزلىك قەلبىنىڭ كورلۇقى، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، نېمىنىڭ ئۆزلۈكنى مۇكەممەللىكتە ئىپرىشتۈرىدىغان نىجاتلىق يولى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنىلا جاھالەت يولىدا مېڭىش ئەڭ چوڭ نادانلىق ھېسابلىنىدۇ.

كىتاب ئوقۇش بولسا ئۆگىنىشنىڭ، ئەقىلگە تايىنىپ ياشاشنىڭ بىر خىل ئۈنۈملۈك يولى. مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسى، ئىچكى رىقابەت كۈچى، مەدەنىيلىك دەرىجىسى شۇ مىللەتنى تەشكىل قىلىپ تۇرغان ھەرقايسى ئەزالارنىڭ ئىلىمگە ئىنتىلىش ۋە كىتاب ئوقۇش روھىدا ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. كىتاب ئوقۇش ھاياتىي كۈچنىڭ بەلگىسى بولۇپ، كىتابنىڭ خاسىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن، كىتاب ئوقۇشنى ئومۇمىي ئادەتكە ئايلاندۇرغان ھەرقانداق بىر مىللەت تۈرلۈك خىرىسلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، رىقابەتتە ئۈستۈنلۈككە ئىپرىشەلەيدۇ قالمايدۇ. ئەپسۇس، مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە نىسبەتەن بىزدە كىتاب ئوقۇشنى كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرغانلار تولىمۇ ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ. بىلىم ۋە ئەقىل رىقابىتى دەۋرىدە ياشاۋاتقان مەدەنىي دۇنيانىڭ پۇقرالىرىغا نىسبەتەن بۇ ھال

قانداقتۇر بىر زور خەۋپنىڭ بېشارىتى بولۇپ، ئىلىم ئۆگىنىش، كىتاب ئوقۇشقا يۈزلىنىشنى قوبۇل قىلالمىغان، ئۆگەنگەن بىلىمنى ئىشلىتىشنى ئۇگەنمىگەن ... ئۆگىنىش، كىتاب ئوقۇشقا يۈرۈش قىلىشتەك ئومۇمىي ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرمەي تۇرۇپ، تۇرلۇك خىرىسلارغا ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرغىلى بولمايدۇ. مەن بۇ ماقالىدە بىزدە كىتاب ئوقۇش مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللەنمەسلىكىنىڭ بىرقانچە تۈرلۈك سەۋەبلىرى ھەققىدىكى قاراشلىرىمنى قىسقىچە شەرھلەپ ئۆتىمەن.

## تارىخىي سەۋەبلەر

بىرەر زامانىۋى شەھەرنى نەچچە يىل، نەچچە ئون يىلدىلا يېڭىدىن بەرپا قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولسىمۇ، ئەمما «دەرەخ ئون يىلدا، ئادەم يۈز يىلدا يېتىلىدۇ» دېگەندەك، بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ناھايىتى ئۇزاق تارىخىي جەريان كېتىدۇ. مىسالى ئەجدادلىرىمىزنىڭ يايلاق مەدەنىيىتىدىن دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىگە كۆچۈشى ئۈچۈن نەچچە ئون ئەسىر ۋاقىت كەتكەن بولسا، دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلىپ ياشاۋاتقانلىقىمىز ئېھتىمال نەچچە ئون ئەسىر بولغان بولۇشى مۇمكىن. دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىن سانائەت مەدەنىيىتىگە كۆچۈش ئۈچۈن يەنە قانچىلىق ۋاقىت كېتىدىغانلىقىغا كېسىپ بىرنېمە دېمەك تەس. خۇددى بىر نەرسىنى ياساش تەس، بۇزۇۋېتىش ئاسان بولغىنىدەك، بىر مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلىۋېتىشكە ئۇنچە ئۇزاق ۋاقىت كەتمەسلىكى، ئەمما ۋەيران بولغان مەدەنىيەتنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن ئۇزاق تارىخىي جەريان كېتىشى مۇمكىن. مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىر كۈچلۈك ئۆتۈشۈشچانلىققا ئىگە بولۇپ، كېيىنكىلەر ئىلگىرىكى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى ئىچىدە ياشايدۇ ھەم ئۇنى مۇناسىپ ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇپ بارىدۇ.

1600 ـ يىللىرىغا كەلگەندە غەرب دۇنياسى مەرىپەتلىشىش ۋە پەن ـ تېخنىكىغا يۈزلىنىش ئارقىلىق تەرەققىيات جەھەتتە ئۇچقاندەك ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋردە، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، تەلەي قۇشى بىزدىن يۈز ئۆرۈدى. ئەجدادلىرىمىز ياراتقان شانلىق مەدەنىيەت بۇ دەۋرگە كەلگەندە بىردىنلا ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. مەلۇمكى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەقىدە ـ قاراشلىرى، ئېتىقاد ـ ئىدىيەلىرى مىللىتىمىزنىڭ روھىيىتىگە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتا خوجا، تۆرە، ئىشان، ئەۋلىيا، ئەزەم ناملىرىدا دىنىي تونىغا ئورىنىۋالغان ساختا تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنىڭ غوللۇق ئىجادچىلىرى بولمىش جاھالەت پىرلىرى ئۆزلىرىنىڭ رەزىل مەقسەتلىرى، شۇنداقلا سىياسىي غەرىزىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، روھىيەتنىڭ جان تومۇرى ھېسابلانغان مىللەتنىڭ دىنىي ھېسسىياتىدىن پايدىلىنىپ، خەلقنىڭ ئىدىيەسىنى كونترول قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىپ، ساختا تەسەۋۋۇپ قاراشلىرىنى ئويدۇرۇپ چىقىرىش ئارقىلىق، ئۆزلىرىنى تولىمۇ تەقۋا، دىنىي ئىلىمدە كامالەتكە يەتكەن قىياپەتتە پەردازلاپ كۆرسىتىپ، ئالدى بىلەن ساددا خەلقنىڭ ئىشەنچىسى ۋە ھۆرمىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئەل ئارىسىدىكى يۇكسەك نوپۇزى ۋە مەرتىۋىسىنى تىكلىگەن. ئاندىن دىنىي سورۇنلاردىكى مۇتلەق نوپۇزىغا تايىنىش، مۇرىت توپلاش يوللىرى ئارقىلىق تەسىر دائىرىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتكەن. مۇقەددەس كىتابلاردىكى دىنىي تەلىماتلارنىڭ ئىدىيەسىنى زور دەرىجىدە بۇرمىلاپ، پەن بىلەن دىننى زىت ئورۇنغا قويۇپ، خۇراپاتلىق، تەركىدۇنيالىق تەلىماتلىرىنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ ئىدىيەسىنى زەھەرلەش ۋە زەئىپلەشتۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئەسەبىيلەرچە قانات يايدۇرغان. ئېچىنىشلىقى ئىلىم ـ مەرىپەت ئوچاقلىرىنىڭ كۈلى كۆككە سورۇلدى. نەتىجىدە ئاۋام خەلق بارا ـ بارا ساۋاتسىزلىشىپ ئەقىل بىلەن خوشلىشىشقا، ئەقلىي تەپەككۇردىن ياتلىشىشقا يۈزلىنىپ، ئەل ئارىسىدا خۇراپاتلىق ئېغىر دەرىجىدە ئەۋج ئېلىشقا باشلىغان. شۇنداقلا، خەلقىمىز ھەرقانداق بىر مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش، شەيئى ـ ھادىسىلەرنى تونۇش، ئۆزلۈكنى چۈشىنىش، دۇنيانى بىلىشتە ساددا ھەم خۇراپىي دىنىي مەۋقەدە تۇرۇپ پىكىر ۋە تەپەككۇر قىلىشقا ئادەتلىنىشكە باشلىغان، شۇ خىل ئاڭ بويىچە تاشقى تەسىرلەرگە پاسسىپ ئىنكاس قايتۇرۇشتەك بېكىنمە خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشكە مەجبۇر بولغان. ئىلگىرىكى نامراتلىق تۇرمۇش جەريانىدا ساۋاتسىزلىق، نادانلىق ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى. بۇخىل ھالەتتە خەلقنىڭ كىتاب ئوقۇشقا يۈزلىنىشىدىن سۆز ئېچىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پەقەت 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندىلا مۇسابايۇفقا ئوخشاش جاھان كۆرۈپ ئېڭى ئېچىلغان، ئىدىيەسى ئىلغار، ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بىر قىسىم زاتلار ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىدىغان يېڭىچە مەكتەپلەرنى ئېچىپ بىلىم ئۆگىنىشكە ئاتلىنىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەنىۋىيىتى پۈتۈنلەي قۇرۇقدىلىپ قالغان، ئېڭى ئاجىز، قالاقلىققا تۇشۇپ كەتكەن ئامما ئاستا ـ ئاستا بىلىم ئۆگىنىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتى.

بۇگۈنكى كۈندە ئەڭ چەت يېزا ـ قىشلاقلاردىمۇ مۇنتىزىم مەكتەپلەر بار بولدى. مەجبۇرىيەت مائارىپى يولغا

قويۇلۇپ، ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىكى ساۋاتسىزلىق ئاساسىي جەھەتتىن تۈگىتىلىپ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر كىتاب ئوقۇيالايدىغان، خەت يازالايدىغان، بۇ جەھەتتە ئۆزىنىڭ ئانچە-مۇنچە ئېھتىياجىدىن چىقالايدىغان ۋەزىيەت شەكىللەندى. ئوقۇيمەن، ئۆگىنىمەن دېگۈچىلەرگە ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنىڭ دەرۋازىسى كەڭ ئېچىۋېتىلدى. ئىلىمگە كۈچلۈك ئىشتىياق باغلىغان ئىرادىلىك ياشلار ئۈچۈن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى داڭلىق بىلىم يۇرتلىرىدا، ھەتتا دۆلەت ئاتلاپ ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. يەر شارىلىشىش ئېلىپ كېلىۋاتقان پۇرسەت ۋە خىرىسلار، تەرەققىيات سۈرئىتىدىكى تېزلىك، ئارقا-ئارقىدىن مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭىلىقلار كىشىلەرنىڭ ياشاش شەكلى، تۇرمۇش قاراش ۋە قىممەت قاراشلىرىغا ئۈزلۈكسىز يېڭى مەنىلەرنى ئاتا قىلىپ، مۇتەئەسسىپ، جاھىل كۈچلەرنىڭ ھەيۋىسى يەرگە ئۇرۇلغان، بىرسى-بىرسىنىڭ بىلىم ئېلىش ھوقۇقىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ۋەزىيەتكە ئاللىقاچان خاتىمە بېرىلگەن بولسىمۇ، ۋەيران بولغان مەنىۋى مەدەنىيەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇزاق بىر جەريان كېتىدىغان بولغاچقا، كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ساپا-سەۋىيەسى ئۆۋەتتىكى تەرەققىيات تەلىپىدىن يەنىلا ئارقىدا قالدى. يەنى، تەرەققىياتقا ماس ھالدىكى مەنىۋىيەتنى بەرپا قىلالمىدى. شۇڭا، ھازىرقى ئەھۋالدىمۇ خەلقىمىزنىڭ مائارىپ ۋە بىلىم قارىشى يەنىلا يۇزە بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى تونۇشى تېخى ئېتىقاد يۈكسەكلىكى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگىنى يوق. ھاياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى، تەپەككۇر ۋە ئەقىل-پاراسەتنىڭ رولى، بىلىمنىڭ زۆرۈرىيىتىنى چىن مەنىسىدىن تونۇغىنى ۋە بۇ جەھەتتە سەپەرۋەرلىك دولقۇنى پەيدا قىلالىغىنى يوق. گەرچە زامانىۋى دەۋردە ياشاۋاتقان بولساقمۇ، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرسا بىرەر پارچە كىتابنىڭ تېپىلىشى تەس. ھەر بىر ئائىلە بىرەر پارچىدىن بولسىمۇ گېزىت-ژۇرنالغا مۇشتەرى بولىدىغان، يېڭىلىقلار ئۈستىدە بەس-مۇنازىرە قىلىشىدىغان مەدەنىي تۇرمۇش بەرپا قىلىشتىن خېلىلا يىراقتىمىز. كېسەلگە توغرا دىياگنوز قويماي تۇرۇپ ئاغرىقنى ئۈنۈملۈك داۋالىغىلى بولمىغىنىدەك، تارىخىي سەۋەبلەرنى بىلمەي تۇرۇپ، ئىلگىرىلەشكە توسالغۇ بولۇۋاتقان ئاساسىي مەسىلىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىگە ئەتراپلىق ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدۇ-دە، ئادەتلەنگەن قاراش بويىچە ياشاشقا توغرا كېلىدۇ. تەپەككۇر ئادەتلەنگەن قاراشقا كۆنۈپ قالسا ئىدىيەدە يېڭىلىنىش، ئاڭدا ئۆسۈش ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. كىتاب ئوقۇش ئادىتىنىڭ يېتىلمەسلىكىدىكى تارىخىي سەۋەبلەرگە قارىتا تونۇش قانچە ئايدىڭلاشقانسېرى مەسىلىنى شۇنچە ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

## كۆزقاراش ۋە تونۇشتىكى قاتماللىق

نىشان ھاياتلىق ھەرىكىتىنىڭ يۆنىلىشىنى بەلگىلەيدۇ. نىشاننىڭ ئادەتتىكىچە ياكى ئۇلۇغۋار بولۇشى ئىدىيە ۋە كۆزقاراش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. بىر ئادەم ئۆز تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىدىيەدە ئازاد بولۇشتەك كۆزقاراش ۋە تونۇشتىكى قاتماللىقتىن بۆسۈپ ئۆتۈپ ئېڭىنى ئىلغارلاشتۇرۇشى كېرەك. مەسىلىگە نىسبەتەن تونۇش قانچە چوڭقۇرلاشقانسېرى ماھىيەت ئۆزىنى شۇنچە ئاشكارىلاشقا باشلايدۇ. ماھىيەتنى تونۇشتىن قىزىقىش، قىزىقىشتىن ھەۋەس شەكىللىنىدۇ. ئىلىم-پەنگە نىسبەتەن يۈكسەك ئېتىقاد شەكىللەنمەي تۇرۇپ ئۆگىنىشنى ھەرىكەتكە، ھەرىكەتنى ئادەتكە ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئادەم بىر ئىشنىڭ ئەھمىيىتىنى، ماھىيىتىنى قانچە چوڭقۇر تونۇغانسېرى، شۇ ئىشقا قارىتا ئېتىقادىمۇ كۈچىيىشكە باشلايدۇ. ئېتىقاد يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈلمىگەن ھەرقانداق بىر ئىش ئېغىزدىكى قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا، بىزدە ئۆگىنىش قىلىشنى نىيەت قىلغانلار، ھېچبولمىغاندا بىلىم ئىگىلەشنى ياخشى ئىش دەپ قارىغۇچىلار خېلى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن رەسمىي ئىرادىگە كېلىپ قولىغا قەغەز-قەلەم ئالغانلار، كىتاب-گېزىت ئوقۇشنى كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلاندۇرغانلار، ۋاقتىنى قەدىرلەپ تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئۆگىنىۋاتقانلار ئانچە كۆپ ئەمەس. دېمەك، تونۇشتىكى يۈزەلىك ۋە قاتماللىق ئادەمنىڭ ئىرادە كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، ھەرىكەتتىكى پاسسىپلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ: «بىر مىللەتنىڭ قەھرىمانىنىڭ بولماسلىقى شۇ مىللەتنىڭ قايغۇسى. لېكىن، داڭلىق مەھسۇلاتنىڭ بولماسلىقى شۇ مىللەتنىڭ پاجىئەسى» دېگەن ئىكەن. ئاكا-ئۇكا مۇسابايوفلار خېلى بۇرۇنلا مىللىي سانائەتنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەل ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن بولسىمۇ، مىللىي سانائەت مەدەنىيىتى جەھەتتىكى ئاڭ تۆۋەنلىكى تۈپەيلىدىن، تەرەققىيات سۈرئىتىگە يېتىشەلمەي قالدى. ھەتتا بىر مەھەل توختاپ قالدى. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ يېقىنقى مەزگىللەرگە كەلگەندىلا يېڭىلىق يارىتىش روھىغا باي بىر تۈركۈم

تىرىشچان، ئىرادىلىك كىشىلىرىمىز يۈرەكلىك ھالدا ئىككىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىپ، دەسلەپكى قەدەمدە مىللىي كارخانىلارنى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرۈپ، مىللىي سانائەتكە قايتا ئۇل سېلىشتەك ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇشنى پەيدا قىلغان. مىللىي كارخانىلار ئەمدىلەتىن كۆلەملىشىشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بولسىمۇ، نۆۋەتتە ئىگىلىكنى سانائەتلەشتۈرۈش ئىدىيەسىگە ئىگە ساپالىق، كەسپكە پۇختا ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ يەنىلا كەملىكى، يېڭىلىق يارىتىش، داڭلىق ماركا بەرپا قىلىش ۋە زامانىۋى كارخانا قۇرۇش ئېڭىنىڭ دېگەندەك تۇرغۇزۇلماسلىقى؛ ئىچكى رىقابەت كۈچى ۋە ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچ جەھەتتىكى ئاجىزلىقى؛ كارخانىنىڭ خاسلىقىنى يارىتىش، كارخانا باشقۇرۇش ۋە خاس كارخانا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش، نەپىس ھەم يۇقىرى سۈپەتلىك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش، يېڭى بازارلارنى ئېچىپ، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش جەھەتلەردە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلەرنىڭ كۆپلۈكىگە ئوخشاش بىر قاتار ئەمەلىي قىيىنچىلىقلار مىللىي كارخانىلارغا نىسبەتەن خىرىس پەيدا قىلىپ تۇرماقتا. يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىدىن سانائەت مەدەنىيىتىگە ئۆتۈشتە بۆسۈش خاراكتېرلىك تىرىشچانلىق، يېڭىلىق يارىتىش روھى ئىنتايىن مۇھىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن يۇقىرى ساپالىق ئىختىساسلىقلارنىڭ كۆپلەپ مەيدانغا كېلىشى تولىمۇ زۆرۈر.

بۈگۈنكى كۈندە گەرچە بىر تۈركۈم كىشىلەر مۇلازىمەتتىن ئىبارەت ئۈچىنچى كەسىپكە يۈرۈش قىلغان ۋە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئادەتتىكىچە مۇلازىمەت كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، ئېلىپساتارلىقتىن ئىبارەت ئۇششاق-چۈششەك تىجارەت ۋە ئەنئەنىۋى سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقانلار ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. چوڭ تىجارەت ۋە زامانىۋى سودىگەرچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار تولىمۇ ئاز. زامانىۋى پەن-تېخنىكا، بىلىم ئىگىلىكى مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئاساسەن يوقنىڭ ئورنىدا. ئەنئەنىۋى سودا-تىجارەتتىن زامانىۋى سودا-تىجارەتكە يۈرۈش قىلىشتەك ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالماسلىقىمىزدىكى ئاساسىي سەۋەب، يەنىلا ئىدىيە نامراتلىقى، تونۇشنىڭ قاتماللىقى، كونا ئادەت، قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماسلىق، يېڭىلىققا ئىنتىلمەسلىكتەك ئاڭدىكى بىخۇدلۇق مەسىلىلىرىدىن ئىبارەت. تېخىمۇ كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا: سىستېمىلىق مائارىپ تەربىيەسىگە ئىگە بولماسلىق، ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىش ئارقىلىق يېڭى بىلىم، يېڭى تېخنىكىلار بىلەن قوراللانماسلىق، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق مەنىۋىيەتنى بېيىتىپ، ئىدىيەنى يېڭىلاپ تۇرماسلىق، گېزىت-ژۇرنال كۆرۈش ئارقىلىق يېڭى ئۇچۇر، پايدىلىق سىياسەتلەردىن ۋاقتى-ۋاقتىدا خەۋەر تاپماسلىق، بازارنى ئىنچىكە تەتقىق قىلماسلىق، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق، پۇل-مۇئامىلە، ئىقتىساد باشقۇرۇش، شۇنداقلا زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە ئائىت بىلىملەرنىڭ كەمچىل بولۇشى، قانۇنىي جەھەتتىكى ئاڭنىڭ تۆۋەنلىكى، خەلقئارا ئىقتىسادىي قائىدىلەرنى چۈشىنىپ كەتمەسلىك، مۇناسىۋەت ئىلمىنى پەن سۈپىتىدە ئۆگەنمەسلىك، تىل ئۆتكىلىدىكى توسالغۇلار، ھەمكارلىق ئېڭىنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقى، بۇرنىنىڭ ئۈچىنىلا كۆرۈپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىماسلىق، ئازراق پۇل تېپىپلا قانائەتلىنىپ بىر ئىزدا توختاپ قېلىش، مەبلەغنى نەگە سېلىشنى بىلمەي بېسىپ يېتىپ، قىممەتلىك پۇرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇش، سېلىشتۇرۇش ۋە پەرق ئېتىشكە ماھىر بولماسلىق، ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش، ئۈمىد ۋە ئىشەنچكە ئىگە بولالماسلىق، ئويغىنىش، ئۆزگىرىش سۈرئىتىنىڭ ناھايىتى ئاستا بولۇۋاتقانلىقى قاتارلىق تەرەپلەردە گەۋدىلىك ئىپادىلەنمەكتە. ئەمما بىرىنچى كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلىرىمىزنىڭ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك بىلىملىرىدىن ھېچقانچە خەۋىرى بولمىغاچقا، تونۇش جەھەتتە دەۋرنىڭ ئارقىدا قالغاچقا، ئۇلارنىڭ ئوي-خىيالى ئادەتتە قونداقتىكى كەپتىرى، كاتەكتىكى توخۇسى، كۆڭلىنى ئازراق بولسىمۇ پۈتۈن قىلىپ تۇرۇۋاتقان ئېغىلدىكى بىرنەچچە تۇياق قوي ياكى كالىسى، دېھقانچىلىق ئەھۋالى، باللىرىنى قانداق قىلىپ قاتارغا قوشۇش ۋە ئۆي-ئوچاقلىق قىلىشنىڭ غەملىرى... دېگەندەك ئادەتتىكىچە مەھەللىۋى ئاڭدىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ. خەتەرلىك يېرى شۇكى، تەپەككۇر ۋە ئەقلىدە ھېچقانچە غىدىقلىنىش پەيدا قىلالمايدىغان، ئىلىم روھى سۇس ئىجتىمائىي مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان باللارمۇ بۇ خىل تەسىر ئىچىدە ياشاۋەرسە مېڭىسى تەبىئىي ھالدا ئاددىيلىشىپ قالىدۇ. پىكىر ۋە مۇلاھىزىسىز ھايات تونۇش ۋە بىلىش جەھەتتىكى يۈزەلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىنسان تەبىئىتىنى تولىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ قويىدۇ. دىققەت تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى تەرەپلىرىگە مەركەزلىشىپ قېلىپ، كۈنلەر ئاددىيلىق، مەنىسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدىغان، ۋاقىتنىڭ ھېساب-كىتابىنى قىلماي بىخۇدلۇق بىلەن ياشايدىغان ئەھۋال كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، بىر قىسىم

كىشىلەرنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشىنىڭ، كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ قىممىتىگە قارىتا تونۇشى تولىمۇ يۈزە بولۇپ، بەزىلەر كىتاب خالتىسى بولۇۋېلىش ئەخمەقلىق، ھازىرقى دەۋردە كىم پۇل تاپالىسا شۇ نوچى دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر تۇرمۇش رىتىمىنىڭ تېزلىشىپ، كۈنلىرىنىڭ چاپ ـ چاپلىق ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى باھانە قىلىپ «كىتاب ئوقۇشقا نەدىكى ۋاقىت» دەپ قارايدۇ. ھەتتا بەزىلەر ھېچ ھېيىقمايلا مەكتەپتىكى ۋاقىتتىلا كىتابتىن سەسكىنىپ كەتكەنلىكىنى، شۇڭا ھازىر كىتاب ئوقۇش دېسە بېشى ئاغرىيدىغانلىقى ھەققىدە زوق ـ شوق بىلەن سۆزلىشىدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا كىتاب ئوقۇشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدۇ. دېمەك، كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشنىڭ چوڭقۇر بولماسلىقى مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىقنى، ئاخىرىغا بېرىپ ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ نامراتلىق يەنە كىتابتىن ئىبارەت ئىلىم بۇلىقىنىڭ قەدرىگە يەتمەسلىكىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ...

## ئائىلە مۇھىتى ۋە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ساپاسى مەسىلىسى

مۇھىتنىڭ ئادەمنى بەلگىلەش رولىغا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. بولۇپمۇ بالىلىق چاغدىكى تەسىر مەڭگۈلۈك بولۇپ، خۇددى دېھقانلار تېرىقچىلىقنىڭ جىددىي مەزگىلىنى قولدىن بېرىپ قويسا ھوسۇل ئالالمىغىنىدەك، ئادەممۇ بالىلىق دەۋرىدىن ئىبارەت تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ھالقىلىق مەزگىلىدە تەربىيەسىز قالسا، بىلىم جەھەتتىن ساغلام بولالماي، جەمئىيەتنىڭ ئىزچىل تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپىمۇ قوشالماي، كېرەكسىز بولغان جەمئىيەت داشقىلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ، خالاس. ئادەتتە بالا تۇغۇلۇپ يەتتە ياشقىچە بولغان ۋاقىت بالىنىڭ تاشقى تەسىرلەرگە ئەڭ سەزگۈر مۇئامىلە قىلىدىغان، ئادەت ۋە مىجەز ـ خاراكتېر شەكىللەندۈرىدىغان، ھاياتقا ئۇل سالىدىغان ئاچقۇچلۇق مەزگىلى، شۇنداقلا تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئالتۇن دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋردە ئىلمىي ھەم ئەتراپلىق تەربىيەگە ئىگە بولالمىغان، دېيەرلىك ئەقىل ۋە زېھن ئويغىنىشىدىن مەھرۇم قالغان بالا كېيىن ھەرقانچە كۆچىگەن تەقدىردىمۇ بۇ خىل بوشلۇقنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايدۇ. كۆپ ساندىكى ئاتا ـ ئانىلار ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىنى چىقىش قىلىپ پىكىر قىلىشقا كۆنۈپ قالغاچقا، پەرزەنتلىرىنىڭ ئاقساق ـ چولاق بولۇپ قالماي، نورمال چوڭ بولۇۋاتقانلىقىدىن رازىمەنلىك ھېس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، مېڭىنىڭ ئەسلىي ئىقتىدارىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەشۇ «نورمال» ھېسابلانغان بالىلارنىڭ ئائىلە تەربىيەسىدىكى يۈزەلىك، چولتىلىقتا ئوخشاش تەربىيەدىكى ئىلمىي بولمىغان نۇقسانلار تۈپەيلى ئەقىل ـ پاراسەت بۇلاقلىرىنىڭ كۆزى ئېتىلىپ قېلىپ، ئەسلىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت زور مەنىۋى زىيانلارنى قانچىلىك كىشىلىرىمىز ھېس قىلىپ كېتەلىدى؟! شۇڭا، ئارىمىزدا يۇمشاق دېتال قاچىلانمىغان كومپيۇتېردەك مېڭىسى ئاددىي، يەنە كېلىپ غايەت زور ئىقتىدارلار يوشۇرۇنغان ئاشۇ مېڭىنى ھېچقانچە ئىشلەتمەي ئۇ دۇنياغا يېڭى پېتى ئېلىپ كېتىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. بۇ خىل ئەقىل ئىسراپچىلىقىنىڭ ئەسلىي مەنبەسى ئائىلىدىن باشلانغان بولۇپ، ئالدى بىلەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ساپاسىنى، تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنى ۋە سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئاساسىدا مەدەنىي، ئىلمىي، تەبىئىي بولغان ئائىلە مۇھىتى بەرپا قىلماي تۇرۇپ، پەرزەنتلەرنىڭ سۈپەت ـ ساپاسىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ.

ئائىلە مۇھىتى ۋە ئاتا ـ ئانىلار ساپاسىنىڭ بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئىنتايىن زور تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. ئاتا ـ ئانا بولغۇچى بالىغا ئۈلگە بولۇپ ئائىلىدە كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرسە، ئۆگىنىش ۋە ئىزدىنىشتەك ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا، بالىنىڭ كاللىسىدا يېڭى ـ يېڭى مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىپ، قىزىقىشنى مىڭە ئىشلىتىدىغان تەرەپلەرگە بۇرىسا، ئائىلىدە يېڭى ئۇچۇرلار، ئىلمىي مەسىلىلەر، ۋەزىيەت، جەمئىيەت، دۇنيادىكى يېڭىلىقلار ئۈستىدە بەس ـ مۇنازىرىلەر بولۇپ تۇرسا ھەم بالىنىمۇ بۇ توغرۇلۇق ئاكتىپ پىكىر قىلىشقا يېتەكلىسە، شۇ ئاساستا بالىغا كىتابنىڭ قىممىتىنى تونۇتۇپ، لەززىتىنى ھېس قىلدۇرۇپ، كىتاب ئوقۇش قىزغىنلىقىنى ئاستا ـ ئاستا قوزغاپ، تەپەككۇرىنى ئۈزلۈكسىز جانلاندۇرۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلسا، بالىدا كىتاب ئوقۇش ئادىتى يېتىلمەي قالمايدۇ. پەرزەنتىدە بۇ خىل ئادەتنى يېتىلدۈرەلىگەن ئاتا ـ ئانا زىممىسىدىكى زور بىر مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلغان بولىدۇ ھەم بالىنىڭ كەلگۈسىدە ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ ماڭالايدىغانلىقىغا ئىشەنچ بىلەن قارىسا بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا بىز ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى قايسى دەرىجىدە جارى قىلدۇرالىدۇق؟ ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك ئىشقا سەل قاراپ، تايىنى يوق ئىشلار ئۈچۈن پالاقشىپ يۈرىدىغان، كىچىك ئىش بىلەن چوڭ ئىشنى، شەكىل بىلەن ماھىيەتنى

ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان ساددا تەبىئىتىمىزنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى ھەققىدە نېمە ئۈچۈن ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرمەيمىز؟...

## مەكتەپ تەلىم-تەربىيەسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك

گەرچە ساپا مائارىپى تەكىتلىنىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولۇپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش، تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىدا يەنىلا دەرسلىك كىتابقا، كىتابىي بىلىمگە، ئىمتىھان نومۇرىغا ئەھمىيەت بىلەن قارىلىپ، ئىقتىدار ۋە ماھارەتكە، ئادىمىيلىك قانۇنىيىتىگە، ياخشى ئادەم بولۇش پەزىلىتىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قارىلىدىغان بىر تەرەپلىمىلىك خاھىش ھېلىمۇ مەۋجۇت. مەكتەپ مائارىپىغا نىسبەتەن ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشقا بولغان توغرا پوزىتسىيەسىنى، ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ئاڭلىق ھالدىكى قىزىقىشىنى شەكىللەندۈرمەي تۇرۇپ ئۆگىنىش ئۈنۈمىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولمايدۇ. بىلىم چەكسىز بىر دۇنيا بولۇپ بىر ئادەم ئۆمۈر بويى ئۆگەنگەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ چېكىگە يېتىپ بولالمايدۇ. ھايات تولىمۇ چەكلىك بولغاچقا، زۆرۈر ۋە كېرەكلىك بىلىملەرنى تاللاپ ئۆگىنىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، مەكتەپلەرگە نىسبەتەن بىلىم بېرىشكە قارىغاندا بىلىمگە قانداق ئېرىشىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىتىش، ئىجادىي پىكىر يوللىرىنى ئېچىش، ماھارەت يېتىلدۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش تېخىمۇ موھىم. بۈگۈنكى زامان كىشىلىرى ھېچبولمىغاندا مەجبۇرىي مائارىپ تەربىيەسىنى قوبۇل قىلماي قالمايدۇ. مەكتەپلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىشكە نىسبەتەن ھەۋىسىنى، ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە دىققەت-نەزىرىنى قارىتىشى كېرەك. نۇرغۇن مەكتەپلەر پەقەت دەرس ئۆتۈشكىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە سەل قاراپ، ئادەت ۋە خاراكتېر تەربىيەسى ئېلىپ بېرىشنىڭ قىممەتلىك پۇرسەتلىرىنى قولدىن بېرىپ قويغاچقا، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىمۇ كىتاب ئوقۇشقا ئادەتلەنگەنلەر ناھايىتى ئاز نىسبەتنى ئىگىلىمەكتە. ئەگەر ئوقۇغۇچىلار نەچچە يىللىق مەكتەپ ھاياتىدا بىلىمنىڭ، كىتابنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تونۇماي چىقىپ كەتسە، بۇ مائارىپنىڭ مەغلۇبىيىتى ھېسابلىنىدۇ. مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئوقۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەرلىك كۆڭۈل بۆلەلمەسلىكىمۇ بىزدىكى كىتاب ئوقۇش ئادىتىنىڭ يېتىلمەسلىكىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

## ئىقتىسادىي ئامىللارنىڭ تەسىرى

مەنىۋى جەھەتتىكى نامراتلىق ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىقنىڭ يىلتىزى ھېسابلىنىدۇ. لېكىن، ئادەم ماددىي جەھەتتىن نامراتلاشسا، مەنىۋىيەتتە ئېتىبارسىز قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. گەرچە بەزى بالىلارنىڭ ئائىلىسى نامرات، تۇرمۇشى جاپالىق بولسىمۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى، بەزى بالىلارنىڭ ئائىلىسى باي، راھەت-پاراغەتتە ياشاۋاتقان بولسىمۇ، تىرىشماي تەييارتاپلىق بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ تۇرىمىز. دەرۋەقە نۇرغۇن ئىرادىلىك كىشىلەر ئىنتايىن قىيىن شارائىتلاردىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەي، قىيىنچىلىق ئالدىدا ھەرگىز بەل قويۇۋەتمەي، ئاخىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ، داڭلىق شەخسلەرگە ئايلىنالىغان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادەم ماددىي جەھەتتە نامرات بولسىمۇ، مەنىۋى جەھەتتە باي بولسا، بۇنى خەتەرلىك ئەھۋال دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولسا خەتەرنىڭ شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ئوخشاشلا نامرات بولسا، نەس باسقىنى، تۈگەشكىنى شۇ. ھاياتلىقنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش يولىدا پېتىراپ يۈرگەن، يەنە كېلىپ مەنىۋىيىتى نامرات كىشىلەر ئۈچۈن كىتاب ئوقۇشنى تەلەپ قىلىش خۇددى ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەك بىر ئىش ھېسابلىنىدۇ. نامراتلىقتىن قۇتۇلماي تۇرۇپ قالاقلىقنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ. نامراتلار توپى ئىچىدە قۇرۇق گەپ، غەيۋەت-شكايەت ئىللەتلىرى يامراشقا باشلايدۇ. ئەھمىيىتى يوق سورۇن-يىغىلىشلار ئاۋۇپ كېتىدۇ. زېھىن ۋە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى، شۇنداقلا تەن ۋە روھنى زەئىپلەشتۈرىدىغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولىدۇ.

قىسقىسى، مەيلى كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پەن-تېخنىكا، ئۇچۇر بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە سەل قارىسا، جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۆھپە قوشۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆزىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزالماي، گادايلىقتىن مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەي، نامرات تۇرمۇش پاتقىقىغا پېتىشى تۇرغانلا گەپ. ئىلغار مەدەنىيەتتىن ياتلىشىپ رەھىمسىز تەقدىرنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا، كىتاب ئوقۇش ئارقىلىق دىلىمىزنى نۇرلاندۇرۇش نۆۋەتتىكى دەۋر ۋە تەرەققىياتنىڭ تەلىپى، ئىقتىسادىي نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ مۇھىم يولى.

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە 5-ئوتتۇرا مەكتەپتە



# كۇچادىن غۇلجىغا بارىدىغان كارۋان يولىدىكى ئۆتەك-داۋانلار

ھۈسەيىن ئىمىن ھاجى

كۇچا ــ تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ ناھىيە بولۇپ، قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ مەركىزى، شۇنداقلا تارىختىكى مۇھىم ئۆتەڭلەرنىڭ بىرى. كۇچادىن غۇلجىغا بارىدىغان كارۋان يولىدىكى ئۆتەك ۋە داۋانلار تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى رايونلارنىڭ ئۆزئارا سودا ئىشلىرىدا مۇناسىپ رول ئوينىغان.

قۇمۇللۇق مەھەممەت تۆمۈر ئىبنى نۇرۇللا توختىنىياز تەرىپىدىن تېپىپ كېلىنگەن، ھىجرىيەنىڭ 1327-يىلى (مىلادىيە 1906-يىلى) تۈركىي تىلدا كۆچۈرۈلگەن 235 بەتلىك «مەۋلانە ئەرشىدىن تەزكىرىسى»نىڭ 88-بېتىدە «تۇغلۇق تۆمۈرخان خان ئائىلىرى ھەر يىلى ئۇستازى مەۋلانە ئەرشىدىنگە قورغاستىن ھەدىيە قىلىدىغان ئۆشرە-زاكاتلارنى مىرشاپلىرى ئارقىلىق قارانو، ھاراقباستى، تەلئەمەت، موللاقچى، ئارچىلىق، داغۇتى دەپ ئاتىلىدىغان تىك قىيا، خەتەرلىك مۇزلۇق داۋانلاردىن، تاغ گۆمۈرۈلۈپ غۇلاپ چۈشكەن تاش ئارىلىقلىرىدىن يول تېپىپ مېڭىپ، ئاقتاغ، تېكىلىكلەردىن ئېقىپ چىقىدىغان دەريانىڭ ‹سەكسەن كېچىك› دېگەن ئىسمىدىكى ئېقىنلىرىنى كېچىپ ئۆتۈپ، كۇچاغا يەتكۈزۈپ بېرەتتى» دەپ يازىدۇ.

كۇچادىن غۇلجىغا بارىدىغان ئۆتەڭلەرنىڭ كۇچا زېمىن تەۋەلىكىدىكى قونالغۇسى تۆت ئورۇندا بولۇپ، غۇلجىغا ماڭغاندا تەڭرىتېغىنى كېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ يەرلەر خەتەرلىك داۋان، مۇزلۇق چوققىلاردىن ئىبارەت.

قارا شەھەر زېمىن تەۋەلىكىدىكى (ھازىرقى خېجىڭ ناھىيەسىگە قارايدۇ) قونالغۇسى ئىككى ئورۇندا بولۇپ، بۇ ئۆتەڭلەرنىڭ ھاۋا كىلىماتى ئاساسىي جەھەتتىن سوغۇق، 6-، 7-، 8-ئايلاردىمۇ قىشلىق كىيىملەر بىلەن يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ جايلار موڭغۇلچە باينبۇلاق، ئۈيغۈرچە يۇلتۇز دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق كۈنەس، توققۇز تارا، غۇلجا ناھىيەلىرىدە قونالغۇسى يەتتە ئورۇندا بولۇپ، بۇ يەر تاغ بېغىرلاپ ماڭىدىغان تۈپىلىق، تۈزلەڭلىك، سۇ مەنبەسى مول، يېقىلغۇسى تولۇق، شارائىتى ياخشى ئورۇنلاردىن ئىبارەت.




بۇ يوللاردا ئۇزۇن كارۋانلار، ساياق يولۇچىلار، زەرداپ سودىگەرلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي قاتناپ تۇراتتى. ئۇلار غۇلجىدىن كۇچاغا شىنجاڭ تۆمۈر (تاختا تۆمۈر)، ئورۇس مىخى، بوبروك (سوكنا) رەختلەر، ئورۇس قازىنى،

ساماۋەر، ھەسەل... قاتارلىقلارنى كىرگۈزگەن بولسا، كۇچادىن غۇلجىغا قاق، ياڭاق، جىگدە... قاتارلىق قۇرۇق مېۋىلەرنى، شاڭ، سۈتپە، سەگاز، چەكمەن... قاتارلىق يەرلىك توقۇلمىلارنى، تېرە، ئۈچەي قاتارلىق چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى غۇلجىغا ئاپىرىپ سېتىپ پۇل قىلىپ، بۇ نەق پۇللارغا يەنە شۇ ئىلى تەۋەلىكىدىكى كۆنەس، نىلقا، توققۇز تارا قاتارلىق جايلاردىن تىرىك جاندارلارنى سېتىۋىلىپ مۇشۇ ئۆتەك ـ داۋانلار ئارقىلىق ھەيدەپ كېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى يۇرتلىرىغا ئاپىرىپ ساتاتتى. بولۇپمۇ كۇچا، قارا شەھەر سودىگەرلىرى يۇلتۇز (بايىنبۇلاق) يايلىقىدىن داۋاملىق يۆتكەپ تۇرىدىغان قوتاز، ئات، قوي، كالا ... قاتارلىق ھايۋانلارمۇ مۇشۇ ئۆتەك ـ داۋانلار ئارقىلىق كۇچاغا كېلىپ، ئاندىن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقىلىپ سودا بازىرىنى گۈللەندۈرگەن.

غۇلجىدىن كۇچاغا بارىدىغان كارۋان يولىدىكى ئۆتەك ـ داۋانلار تۆۋەندىكىچە:

1. كۇچا بازىرىدىن چىقىپ كان ئۆتىڭىگىچە 70 چاقىرىم. قونالغۇسى كان ئۆتىڭى.

2. كاندىن چىقىپ باش كېچىك، تىكمەك داۋىنى، توپا ـ داۋان ئارقىلىق (بۇ داۋانلار ئايرىم ـ ئايرىم داۋانلار بولسىمۇ، قايسى داۋان بىلەن ماڭسا بولۇۋېرىدۇ) ئوخشاشلا ئاغىغا چىقىدۇ. ئاغى، قاراتاش ئېغىزىدىن ئۆتۈپ كەڭ يايلاق ئۆتىڭىگىچە 100 چاقىرىم كېلىدۇ، قونالغۇسى كەڭ يايلاق ئۆتىڭى.

3. كەڭ يايلاقتىن چىقىپ تاشداۋان، قىرغىزاتى داۋىنى، قارىغاي داۋىنى، قارا نودىن ئۆتۈپ چوڭكۆل ئۆتىڭىگىچە 100 چاقىرىم كېلىدۇ، قونالغۇسى چوڭكۆل.

4. چوڭكۆلدىن چىقىپ تەلئەممەت داۋىنى، ھاراقباستى داۋىنى، موللاقچى داۋىنى قاتارلىق خەتەرلىك داۋانلاردىن ئۆتۈپ ئارچىلىق داۋىنى ئۆتىڭىگىچە 80 چاقىرىم كېلىدۇ. قونالغۇسى ئارچىلىق داۋىنى ئۆتىڭى.

5. ئارچىلىق داۋىنى ئۆتىڭىدىن چىقىپ ساتىڭكۇرە ئۆتىڭىگىچە 100 چاقىرىم (بۇ يەر ھازىر خېجىڭ ناھىيەسىگە قارايدۇ) كېلىدۇ. قونالغۇسى ساتىڭكۇرە ئۆتىڭى.

6. ساتىڭكۇرەدىن چىقىپ، داغۇتى ياغاچگېرەم ئۆتىڭىگىچە 80 چاقىرىم (بۇ يەر ھازىر خېجىڭ ناھىيەسىگە قارايدۇ). قونالغۇسى داغۇتى ياغاچگېرەم.

7. داغۇتى ياغاچگېرەم ئۆتىڭىدىن چىققاندىن كېيىن يەنە بىر داۋان بار. بۇ قاراكۆل داۋىنى. بۇ داۋان داغۇتى داۋىنىغا قارىغاندا تىك بولمىسىمۇ، مۇساپىسى سەل ئۇزۇن، بۇ يەردە يەنە ئىككى داۋان بار. بىرى چاقما داۋىنى. يەنە بىرى تايانسۇ داۋىنى. مۇشۇ ئىككى داۋاننىڭ قايسىسى بىلەن ماڭسا بولۇۋېرىدۇ. ئوخشاشلا ناراتقا چۈشىدۇ. نارات ئۆتىڭىگىچە 80 چاقىرىم (بۇ يەر كۈنەس ناھىيەسىگە قارايدۇ). قونالغۇسى تاھىرجان سارىيى. ئات ـ ئۇلاغلىرى ھېرىپ قالمىغانلار نارات ئۆتىڭىدە چۈشمەي، بىۋاستە ئارالتۆپە ئۆتىڭىگە بېرىپ چۈشسىمۇ بولىدۇ.

8. ناراتتىن چىقىپ بەشتۆپىگە يېتىپ كېلىدۇ. ئىشى بار ئوقەتچىلەر يول ئۈستىدىكى ئارالتۆپە مەھەللىسىگە چۈشىدۇ، بولمىسا كېتىۋېرىدۇ. ناراتتىن كۆنەس ئۆتىڭىگىچە 100 چاقىرىم، قونالغۇسى كۆنەس.

9. كۆنەستىن چىقىپ تالدى ئۆتىڭىگىچە 60 چاقىرىم، قونالغۇسى تالدى ئۆتىڭى.

10. تالدىدىن چىقىپ قارابۇغرا ئۆتىڭىگىچە 80 چاقىرىم. قونالغۇسى قارابۇغرا.

11. قارابۇغرادىن چىقىپ توققۇزتارا ئۆتىڭىگىچە 90 چاقىرىم.

12. توققۇز تارادىن چىقىپ ياماتو ئۆتىڭىگىچە، قونالغۇسى ياماتو كېرەمجان سارىيى.

13. ياماتودىن چىقىپ يېڭىتام ئۆتىڭىگىچە 80 چاقىرىم. بۇ يەر ھازىر غۇلجا ناھىيەسىگە قارايدۇ. قونالغۇسى يېڭىتام ئۆتىڭى.

14. يېڭىتام ئۆتىڭىدىن چىقىپ غۇلجىغىچە 80 چاقىرىم.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئايغى ئۈزۈلمەي قاتناپ كېلىۋاتقان يىپەك يولىنىڭ تارماق ئېقىنى بولغان بۇ يوللاردا دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ زور ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، تاشيوللار ياسىلىپ قاراماي ياتقۇزۇلدى. 1980 ـ يىلدىن كېيىن كۇچادىن غۇلجىغا تۇتاشتۇرۇلغان بۇ يوللاردا ئاپتوموبىل قاتناپ، سەپەر جاپاسىغا خاتىمە بېرىلدى. بۇنىڭ بىلەن يولۇچى، سودىگەرلەر مەنزىلىگە ۋاقتىدا بارالايدىغان ئىمكانىيەت يارىتىلدى.

*بۇ ماقالە كۇچا ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش تارىخ ماتېرىياللار كومىتېتى 1994 ـ يىلى 10 ـ ئايدا تۈزگەن «كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى» دېگەن كىتابنىڭ 3 ـ قىسمىدىن ئېلىندى.*

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە كونىشەھەر پاختا بازىرى مەھەللىسىدە



# كۇچادىكى يۇرت-مەھەللەرنىڭ ناملىرى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

قەيسەر كىبىر

*مۇھەررىر ئىلاۋىسى: يەر-جاي ناملىرىنىڭ ئېتىمولوگىيەلىك يىلتىزى كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىزدىنىش بىزنىڭ مەدەنىيەت تەتقىقات خىزمىتىمىزدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. شۇنىڭ ئۈچۈن، نۇرغۇن كىشىلەر قىزىقىۋاتقان، تەتقىق قىلىۋاتقان بۇ تېما ئۈستىدە ئىزچىل ئىزدىنىپ كېلىۋاتقان ئاپتورىمىز قەيسەر كىبىرنىڭ كۇچادىكى يۇرت-مەھەللەرنىڭ ناملىرى ھەققىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ ھاسىلاتى سۈپىتىدە بىر يۈرۈش ئەسەرلىرىنىڭ دەسلەپكى قىسمىنى بەردۇق. باشقا ئىزدەنگۈچىلەرنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى بولسا بىز بىلەن ھەمكارلىشىشنى سورايمىز.*

قەدىمىي يۇرت كۇچا تەڭرىتېغىنىڭ ئوتتۇرا بۆلىكىنىڭ جەنۇبىي قىسمى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان. ئۇنىڭ شىمالىدا ئۇزۇنغا سوزۇلغان تاغلار، جەنۇبىدا بىپايان تەكلىماكان قۇملۇقى بار، تاغلار بىلەن قۇملۇق ئارىسى كۆز يەتكۈسىز تۈزلەڭلىك. ئۇ يەردە ھەر تەرەپكە تۇتاشقان دەريا-ئۆستەڭلەر، تۇتاش كەتكەن بوستانلىقلار بار. ناھىيەنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 15 مىڭ كىۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

كۇچا قەدىمكى زاماندا «كۇسەن» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ نام قەدىمكى تۈرك تىلىدا «**kutisi**» يەنى «بەخت شەھەر» دېگەنلىك بولۇپ، تۈرلەنگەندە «بەخت شەھىرى»، «باياشات ماكان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. كۇچا توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى مەلۇمات «خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى»دە خاتىرىلەنگەن بولۇپ، «6900 دىن كۆپ تۈتۈن، 80 مىڭدىن ئارتۇق نوپۇس، 20 مىڭ ئەسكىرى بار، پادىشاھنىڭ فامىلىسى بەي، يان شەھىرىدە تۇراتتى. شەھەر دائىرىسى 17ــ18 چاقىرىم بولۇپ، ئۈچ قات سېپىلى بار ئىدى» دېگەن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ .

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ 90-يىللاردىن كېيىن كۇچا ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا يېڭى بىر مەنزىلنى كۈتۈۋالدى. 2005-يىلدىكى ئىستاتىستىكا مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، ھازىر كۇچادا 419167 نوپۇس، 98526 ئائىلە بولۇپ، بۇ نوپۇس ۋە ئائىلىلەر ناھىيە تەۋەسىدىكى ئالتە يېزا، توققۇز بازار، بەش دېھقانچىلىق مەيدانى، ئۈچ چارۋىچىلىق مەيدانىدىكى 219 مەمۇرىي كەنت، شەھەر ئىچىدىكى 36 مەھەللە كومىتېتى ۋە بىر سەي-كۆكتات بازىسىغا تارقالغان بولۇپ، 23 مىللەتتىن تەركىب تاپقان.

ئالتە يېزا: ئاغى يېزىسى، تارىم يېزىسى، ئاقئۆستەڭ يېزىسى، خانقاتام يېزىسى، ئۇچئۆستەڭ يېزىسى، بېھشباغ يېزىسىدىن ئىبارەت.

توققۇز بازار: ئوچا بازىرى، ئىشخىلا بازىرى، ئۇزۇن بازىرى، ياقا بازىرى، ئالىقاغۇ بازىرى، چىمەن بازىرى، دۆڭقوتان بازىرى، ياقالا بازىرى، كۇچا بازىرىدىن ئىبارەت.

بەش دېھقانچىلىق مەيدانى: قىچىلىق دېھقانچىلىق مەيدانى، قوشئاۋات دېھقانچىلىق مەيدانى، سورتلۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش مەيدانى، ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ۋە باغۋەنچىلىك مەيدانىدىن ئىبارەت.

ئۈچ چارۋىچىلىق مەيدانى: شىمالىي تاغ (قۇزغۇن) چارۋىچىلىق مەيدانى، سوخۇ (تارىم) نەسىللىك قوي يېتىشتۈرۈش مەيدانى ۋە مەركىزىي قوي خوجىلىق مەيدانىدىن ئىبارەت.

كۇچا قەدىمدىنلا كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان ماكان بولۇش سۈپىتى بىلەن يەرلىك ئۆرپ-ئادىتى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاشۇ

قەدىمكى مىللەت ۋە ئىرقتىكىلەر ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش، سىڭىشىش جەريانىدا قالدۇرۇپ كەتكەن مەدەنىيەت ھاسىلاتلىرىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇ خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، بىناكارلىق، ھەيكەلتىراشلىق، مېمارچىلىق قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە يەر-ناملىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەنمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

رايونىمىزدىكى يەر-جاي ناملىرى تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە.

بىرىنچى: جۇغراپىيەلىك شارائىتىغا ئاساسەن قويۇلغان ناملار.

يۇرتلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ئەۋزەللىكىنى شۇ يۇرتنىڭ (جاينىڭ) يەر نامى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىپ، تا ھازىرغىچە شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن يەر ناملىرى.

مەسىلەن: ئارامھەللە، تۇزلۇقدۆڭ، لەڭگەر، ئېرىقئارىسى، يېڭىدەريا (يېڭىدەييا)... قاتارلىقلار.

ئىككىنچى: قەدىمكى مىللەت ۋە خەلقنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان يەر ناملىرى.

شەرق-غەرب مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش سەپىرىدە ياۋروپادىن ياكى شەرقىي قىسىم رايونلاردىن كۆچا (كۇسەن) دىيارىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزىنىڭ مىللەت نامىنى يەر نامى سۈپىتىدە قوللانغان يەر ناملىرى.

مەسىلەن: ساقساق، ساقاغۇ، توخۇلا، تۇرگەشىم، قوڭقا (قاڭقا)...قاتارلىقلار.

ئۈچىنچى: يۇرت ئاقساقىلى ياكى شۇ يۇرتتىن چىققان داڭلىق شەخسلەرنىڭ ئىسمىنى يۇرت نامى سۈپىتىدە قوللانغان يەر ناملىرى.

مەسىلەن: سۇلايمان، ئېلىيۇسۇپ، مەمەشى، رەيھانىم كېچىكى... قاتارلىقلار.

تۆتىنچى: ئەجدادلىرىمىزنىڭ توتېم ئېتىقادى، يەنى مازارلارغا چوقۇنۇش ئادىتى بويىچە قويۇلغان يەر ناملىرى.

مەسىلەن: توغراقمازار، سۆكسۆكمازار، گۈمبەزئېرىق، كۆكگۈمبەز... قاتارلىقلار.

بەشىنچى: دەل-دەرەخ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نامىنى يۇرت نامى قىلغان يەر-جاي ناملىرى.

ئەجدادلىرىمىز ئۆزى ياشىغان جاينىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى، ئەۋزەل بولغان ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى ۋە بەلگە خاراكتېرلىك ئۆسۈملۈكلەرنى يۇرت نامى قىلغان يەر-جاي ناملىرى.

مەسىلەن: قوشالچاق، تېرەكلىك، قارىياغاچ، بۇژىقۇدۇق، قاغىچى، قارئۈجمە...قاتارلىقلار.

ئالتىنچى: لەقەمنى ئۆز يۇرت نامى قىلىپ قوللانغان يەر-جاي ناملىرى.

مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتى بويىچە مەلۇم بىر جەمەت ياكى بىر ئۇرۇق، قانداشلار بويىچە ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزلىرىنى باشقا ئۇرۇق، قەبىلىلەر ۋە قانداشلاردىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قوللانغان يەر-جاي ناملىرى.

مەسىلەن: توقماق، پەتەك، شودەي، مۇرەك... قاتارلىقلار.

يەتتىنچى: سۇ قۇرۇلۇشىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر-جاي ناملىرى.

رايونىمىز مۆتىدىل بەلباغنىڭ تىپىك قۇرغاق ئىقلىمىغا تەۋە. ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز، قۇياشنىڭ يىغىندى تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى، تۆت پەسىل روشەن ئايرىلغان. شۇ سەۋەبتىن خەلقىمىز ئۆزىنىڭ بۇ ئازغىنە بوستانلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن تارىختىن بۇيان سۇ قۇرۇلۇشىنى توختىتىپ قويغان ئەمەس. شۇڭا، سۇ قۇرۇلۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان يەر-جاي ناملىرى مەلۇم نىسبەتنى ئىگىلەيدۇ.

مەسىلەن: ئاقئۆستەڭ، ئۆستەڭبويى، ئاقئېرىق، تاغئېرىق، قۇمئېرىق، پەيلۇ... قاتارلىقلار.

مەن بارلىق ئىزدەنگۈچىلەر بىلەن دىيارىمىز يەر-جاي ناملىرى ئۈستىدە تۆۋەندىكىدەك بايان ۋە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئورتاقلاشماقچىمەن.

ئاغى يېزا

ئاغى يېزا — ناھىيە بازىرىدىن 27.5 كىلومېتىر شىمالدىكى تاغلىق رايونغا جايلاشقان. ئەسلىدە ئىشخىلا بازىرىغا قاراشلىق كەنت بولۇپ، 1984- يىلى يېزا بولۇپ قۇرۇلغان. يەر كۆلىمى 3000 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، بۇ يېزىغا ئاغى، كان، ژىدىق، ئېرىقئارىسى، لەڭگەر، قارغول... قاتارلىق ئالتە تەبىئىي كەنت قارايدۇ.

2004-يىلدىكى يېزا ئاھالىسى 640 ئائىلە، 2896 نوپۇس بولۇپ، يېزا ئىقتىسادىدا چارۋىچىلىق ئاساس، دېھقانچىلىق قوشۇمچە قىلىنىدۇ. «ئاغى» بۇ يېزىنىڭ ئاساسىي نامى بولۇپ، خەنزۇ تىلىدا(阿格乡) ياكى (阿艾乡) دەپ يېزىلىدۇ.

ئاغى — بۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى توغرىسىدا مەھمۇد قەشقەرىي «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا مۇنداق ئىزاھات بەرگەن: « arqu — ئىككى تاغ ئارىسى» بۇنىڭدىن ئېلىپ تىراز (تالاس) بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى شەھەرلەرمۇ «ارغۇ» دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەرلەر ئىككى تاغ ئارىسىدا. مۇشۇ ئىزاھاتتىن قارىغاندا، ئاغى دېگەن نام «ئىككى تاغ ئارىسىغا جايلاشقان جاي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە ئاغى يېزىسىنىڭ ھازىرقى جۇغراپىيەلىك ئورنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ ھەقىقەتەن بۇ يېزا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىكى ئۇزۇك بەلباغ ئورنىغا جايلاشقان.

يەرلىك كىشىلەردە «ئاغى» سۆزىنىڭ ئالدىغا «جان» سۆزىنى قوشۇپ، «جان ئاغۇ» دەپ ئاتاش بىر قەدەر

ئومۇملاشقان. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئادەم راھەتلىنىدىغان جاي دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى، ناھىيەمىزنىڭ ئېكولوگىيەسىدىن قارىغاندا، كۇچا قۇياش نۇرىنىڭ تىك چۈشۈش مەزگىلى ئۇزاق، يازلىق يىغىندى تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغان قۇرغاق جاي. شۇ ۋەجىدىن ناھىيە ئىچىدىكى شارائىتى يار بېرىدىغان كىشىلەر 6 ــ 7 ـ ئايلاردا سۇيى ئەلۋەك، سۇزۇك، نەملىكى يۇقىرى، سالقىن بولغان بۇ ئۆزۈك بەلباغقا كېلىپ ئارام ئېلىشىدۇ. شۇڭا، يەرلىك كىشىلەر «ئاغى »سۆزىنىڭ ئالدىغا «جان »سۆزىنى قوشۇپ ئاتاش ئومۇملاشقان.

ئاغى كەنتى: بۇ يېزىدىكى چوڭ كەنتنىڭ بىرى. يېزىلىق ھۆكۈمەت مۇشۇ كەنتكە جايلاشقان.

ژىدىق كەنتى: ئاغى يېزىسىغا قاراشلىق بىر كەنت. بۇ كەنت ئەسلىي كان كەنتىگە قاراشلىق بىر جاڭگال بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كەنتتىن بىر قىسىم كىشىلەر بۇ جاڭگالغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ھازىرقى كەنتنى شەكىللەندۈرگەن. «يىدىق ـ ياكى ژىدىق». ئەسلىي مەنىسى «كان كەنتىدىن بىرلىشىپ چىقتۇق» دېگەن مەنىدە. لېكىن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ سۆز ئىككى خىل تەلەپپۇز قىلىنغان، بىرى ــ يىدىق، يەنە بىرى ــ ژىدىق. يەنە بەزى كىشىلەر «بۇ كەنت نامى زىرىق دېگەن سۆزدىن كەلگەن» دەپ قارايدۇ. چۈنكى، بۇ كەنتتە زىرىق ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ خىل ئالاھىدە تەبىئىي يەرلىك مەھسۇلات (ئۆسۈملۈك) ئۇيغۇر تېبابەت دورىلىرى ئۈچۈن مۇھىم خام ماتېرىيال بولۇپلا قالماي، يەنە بۇ ئۆسۈملۈك كەنت نامى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ نام توغرۇلۇق يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئېرىقئارىسى كەنتى: بۇ يېزىدىكى تەبىئىي كەنت بولۇپ، جايلىشىش ئورنىدىن قارىغاندا كۇچا دەرياسىنىڭ سۇ بۆلگۈچ ئورنىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۇلۇغ سۇ تاغ ئېغىزىدىن چىققاندىن كېيىن ياقا، ئوچا، ئىشخىلا دەپ ئۈچ ئۆستەڭگە بۆلۈنۈپ ئاقىدۇ. بۇ كەنتمۇ مۇشۇنداق ئوخشاش بولمىغان ھەرقايسى ئۆستەڭلەر ئارىسىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان ئاھالىلەردىن تەركىب تاپقان. شۇڭا، بۇ كەنتمۇ مۇشۇ تەبىئىي شارائىت تەرىپىدىن «ئېرىقئارىسى» دەپ ئاتالغان.

لەڭگەر كەنتى: لەڭگەر دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسىدىن قارىغاندا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قونالغۇ» دېگەن مەنىدە. بۇ كەنتمۇ شەھەر بىلەن شىمالىي تاغ ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئەتىيازدا چارۋىلارنى تاغقا چىقىرىش، قىشلىقى كاندىن كۆمۈر توشۇپ ئىسسىنىش يۈزىسىدىن يولغا چىققان يولۇچىلار قەدىمىي يىپەك يولىغا جايلاشقان بۇ كەنتتە تۈنەپ، ئاندىن ئۆز يولىنى داۋام قىلغان. شۇڭا، بۇ كەنت «قونالغۇ»، «چۈشكۈن» مەنىسىدىكى «لەڭگەر» دەپ ئاتالغان.

كان كەنتى: قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز مەدەن كۆپ چىققان جايلارنى «مەدەنلىك» دەپ ئاتاپ كەلگەن. «كان» سۆزى «مەدەن» نامىنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئاتىلىشى بولۇپ، قەدىمدىن بۇيان دىيارىمىزنىڭ شىمالىي تاغ رايونى كۆمۈر، تۆمۈر، مىس، تۇز ... قاتارلىق تەبىئىي بايلىقلار كۆپ چىقىدىغان جاي، بۇ جايدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆمۈر، تۆمۈر ۋە مىس تاۋلىغان ئىزنالىرى ھېلىھەم تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ ساقلىنىپ قالغان. شۇڭا، بۇ كەنت «كان كەنتى» دەپ ئاتالغان.

قاراغول كەنتى: ئاغى يېزىسىغا ئەڭ يىراق بولغان كەنت بولۇپ، كەنتنىڭ شىمالىي تەرىپى بىۋاستە تەڭرىتېغى بىلەن تۇتىشىدۇ. غەربىي قىسمىدا بىر چوڭ ئېقىن بولۇپ، بۇ ئېقىن كۇچا بىلەن باي ناھىيەسىنى ئايرىپ تۇرىدۇ. قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان ئېقىن سۈيىگە قاراپ كىشىلەر بۇ يۇرتنى «قاراغول» دەپ ئاتايدۇ. بۇ يەردىكى «قارا» سۆزى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇلۇغ» سۆزى بىلەن مەنىداش. شۇڭا، مۇشۇ ئېقىن بويىدا ياشاپ كەلگەن خەلقلەر بۇ ئېقىننى «ئۇلۇغ غول بىزنى بېقىپ كەلگەن» دەپ قاراپ كەلگەن.

## تارىم يېزا

تارىم يېزا ــ ناھىيە بازىرىدىن 110 كىلومېتىر يىراقلىقتا بولۇپ، شەرق تەرىپى بۈگۈر ناھىيەسى بىلەن، غەرب تەرىپى شايار ناھىيەسى بىلەن، جەنۇب تەرىپى لوپنۇر ناھىيەسى بىلەن، شىمال تەرىپى خانقاتام يېزىسى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي يەر كۆلىمى 2232 كىۋادرات كىلومېتىر، 1872 نوپۇس، 475 ئائىلە بار. ئاساسلىقى چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. چارۋىچىلىقتا كاركۆل قويى يېتىشتۈرۈش بىلەن تارىم ئۆچكىسىنى ئاساس قىلىدۇ. دېھقانچىلىقتا پاختا ۋە ياغلىق دان ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ.

تارىم يېزىسى: لاڭقا، قوڭالچاق، ئاقكۆل، ئاچال، قارتوغراق، يېڭىدەريا كەنتى... قاتارلىق ئالتە تەبىئىي كەنتتىن تەركىب تاپقان. 1950 ـ يىلى سوخۇ يېزىسى قۇرۇلغان. 1958 ـ يىلى كوپېراتسىيەلەشتۈرگەندە سوخۇ چارۋىچىلىق كوپېراتسىيەسى بولۇپ تەشكىللەنگەن. 1959 ـ يىلى 3 ـ ئايدا چارۋىچىلىق كوپېراتسىيەسى ئىتتىپاق كوپېراتسىيەسىگە قوشۇۋېتىلىپ، 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى خانقاتام كوپېراتسىيەسى بولۇپ تەشكىللەنگەن. 1963 ـ يىلى خانقاتام كوپېراتسىيەسىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ ناھىيەگە بىۋاستە قارايدىغان كوپېراتسىيە بولغان. 1984 ـ يىلى تارىم يېزىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. ھازىرغىچە «تارىم يېزىسى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. «تارىم» دېگەن نام

توغرىسىدا خىلمۇخىل قاراشلار مەۋجۇت:

1. سانسكرىتچە «tarim» نامىغا باغلايدىغان قاراش. فىك جىنجۇن ئەپەندى «غەربىي يۇرت يەر نامىلىرى» ناملىق ئەسىرىدە «tarim» نامىنى «يەكەن دەرياسى بىلەن تارىم دەرياسىنىڭ سانسكرىتچە نامى» دەپ قارىغان.

2. ئۇيغۇرچە «ئېكىنزار»، «تېرىقچىلىق قىلىدىغان يەر» دېگەن نامنى بىلدۈرىدۇ دەپ قاراش.

3. «كۆل ۋە قۇملۇققا قۇيۇلىدىغان دەريا تارماقلىرى» دېگەن مەنىدە دەپ قاراش.

4. چاغاتاي تىلىدىكى «پەلەك، ئاسمان» مەنىسىنى بىرىدىغان «تارئىم» سۆزىدىن كەلگەن دەيدىغان قاراش.

5. قەدىمىي ئەمەل نامىدىن كەلگەن دەيدىغان قاراش.

6. «تارىم» دېگەنلىك «تەگدى» دېگەنلىكتۇر دەيدىغان قاراش. پىللىئوتنىڭ قارىشىچە، تەڭرى سۆزى «تەدىم»گە، «تەدىم» بولسا «تارىم»غا ئۆزگەرگەن. قەدىمكى هون تىلىدا «ئىلاھ» سۆزى «تەڭرى» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن ئېلىنىپ «تەڭرىقۇت»، «تەڭرىتاغ» نامىلىرى قويۇلغان. ئەلۋەتتە تەڭرىتېغىدىن سىرغىپ چىققان تارىم دەرياسىمۇ «تەڭرى سۇ» ئىدى. مەنىسى «مۇقەددەس تاغ ياكى دەريا» دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا، ئەفراسىياپ ئەۋلادلىرىدىن بولغان خېنىملارغا، شاهزادىلەرگە ئۇلارنىڭ ئېسىل نەسەبلىك ئىكەنلىكىنى، ئۇلارغا بولغان يۈكسەك هۆرمىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «تارىم» دەپ نام بەرگەن، خان ئەۋلادلىرى، ئوردا خېنىملىرى بۇ مەرتىۋىگە نائىل بولغان.

لاڭقا كەنتى: تارىم يېزىسىغا قاراشلىق بىر مەمۇرىي كەنت. ئەسلىي نامى «تا بۇغۇش»، بۇ كەنت ئىنتايىن قويۇق بولغان ئىككى توپ توغراقلىق ئارىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر بۇ كەنتكە كىرىشتە ئىنتايىن قويۇق چاتقاللىق ۋە توغراقلىق ئارىسىدىن ئۆتۈشكە مەجبۇر بولغان. شۇڭا، يەرلىك كىشىلەر بۇ كەنتكە «قارىبۇغۇمىش» دەپ نام بەرگەن. هازىر بۇ كەنتنىڭ نامى «لاڭقا» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى «تەبىئىي توسۇقلۇق كەنت» دېگەن مەنىدە. يەنى، يەرلىك كىشىلەر هويلا ـ ئاراملارنىڭ ئەتراپىنى قورشاش (چىتلاش) يۈزىسىدىن شادىلىق قىلىشىدۇ. كىشىلەر بۇ توسۇق ئارقىلىق يىرتقۇچ هايۋانلارنىڭ پاراكەندىچىلىك قىلىشىدىن ساقلانغان. دېمەك، لاڭقا «قوشاملاش» دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنى يەرلىك كىشىلەر «لاڭقالاش» ياكى «لاڭقا قىلدۇق» دېيىشكەن. شۇ سەۋەبلىك بۇ كەنت هازىر «لاڭقا كەنتى» دەپ ئاتىلىدۇ.

قوڭالچاق كەنتى: تارىم يېزىسىغا قاراشلىق بىر مەمۇرىي كەنت. بۇ كەنتنىڭ نامى شۇ جاينىڭ تەبىئىي ئەۋزەللىكى بولغان ئۆسۈملۈك «قوڭالچاق»تىن كەلگەن. ھەقىقەتەن قوڭالچاق دېگەن بۇ ئۆسۈملۈك باشقا كەنتلەرگە قارىغاندا بۇ كەنتكە ئىنتايىن كەڭ تارقالغان بىر تۈرلۈك ئىپتىدائىي يېقىلغۇ ئۆسۈملۈكى بولۇپ، كىشىلەر بۇ ئۆسۈملۈك نامى بىلەن بۇ يۇرتنى «قوڭالچاق» دەپ ئاتىغان.

ئاقكۆل كەنتى: تارىم يېزىسىغا قاراشلىق بىر مەمۇرىي كەنت. ئاقكۆل تەبىئىي جۇغراپىيەلىك ئورنىغا ئاساسەن قويۇلغان نام بولۇپ، بۇ كەنت ئاھالىسى ئەسلىي 1965 ـ يىلى تارىم دەريا بويىدىكى «جانانتام» دېگەن يەردىن كۆچۈرۈلگەن. تارىم دەريا بويىدا بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش ۋە تېرىقچىلىق قىلىش سەۋەبىدىن بۇ جايدا تەبىئىي تام سۈپىتىدە بىر تەبىئىي توسۇق پەيدا بولغان بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن كەلكۈننىڭ زەربىسىگە كۆپ ئۇچراپ، بۇ جايدا خاتىرجەم تېرىقچىلىق قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىغان. شۇڭا «جان ساقلايدىغان تام» دېگەن بۇ جايدىن ئاقكۆل رايونىغا كۆچۈپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ جاينىڭ تەبىئىي شارائىتى ھەقىقەتەن بىر قۇرۇپ كەتكەن كۆل بولۇپ، ئاھالىسى مۇشۇ قۇرۇپ كەتكەن كۆلنىڭ ئەتراپىغا كۆچۈرۈلگەن. شۇڭا، بۇ كەنت «ئاقكۆل كەنتى» دەپ ئاتالغان.

يېڭىدەريا كەنتى: مۇشۇ يېزىغا قاراشلىق بىر كەنت. ئاتىلىشتا (يېڭىدەييا) دەپ ئاتىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسىنىڭ گۇاڭشۇ زامانىسىدا تارىم دەرياسىنىڭ بۇ جايلارنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان يەرلىك خەلق تارىم دەرياسىدىن يېڭى بىر سۇغىرىش ئۆستىڭى چېپىپ، بۇ يۇرتنى كۆكلەتكەن، كېيىن تارىم دەرياسىنىڭ سۈيى يىلدىن ـ يىلغا ئازلاپ كېتىشى سەۋەبىدىن، بۇ يېڭى چاپقان ئۆستەڭ قۇرۇپ كەتكەن. بۇ جايدىكى خەلق هازىرقى تارىم يېزىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپى، شۇنداقلا تارىم دەرياسىنىڭ باش تەرىپىگە كۆچۈرۈلگەن. كۆچۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ يەرلىك كىشىلەر بۇ كەنتنى «يېڭىدەريا كەنتى» دەپ ئاتىغان.

ئاچال كەنتى: مۇشۇ يېزىغا قاراشلىق بىر كەنت. «ئاچال» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىدا «دوقمۇش، ئايرىلىدىغان جاي»دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى، هازىرقى تارىم يېزىسىغا بارغاندىن كېيىن ئاچال كەنتى ئارقىلىق خانقاتام يېزىسىغا، شايار ناھىيەسىگە بارغىلى بولىدۇ. جۇغراپىيەلىك ئورۇن ئەۋزەللىكىگە ئاساسەن بۇ كەنتكە «ئاچال كەنتى» دەپ نام قويۇلغان.

قارتوغراق كەنتى: مۇشۇ يېزىغا قاراشلىق بىر كەنت. بۇ كەنتتە بۈك ـ باراقسان ئۆسكەن توغراق يوق. لېكىن، نېمە ئۈچۈن قار توغراق دەپ ئاتالغانلىقى نامەلۇم.

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيەلىك پارتىيە مەكتەپتە



# مېنىڭ نەزىرىمدىكى شېئىر

قاھار نىياز

مەن شائىر ئەمەس، لېكىن شېئىرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. شۇڭا، شېئىرغا يۇقىرى تەلەپ قويىمەن. مېنىڭ بۇ يازمام شېئىرنىڭ قېلىپلاشقان نەزەرىيىسى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈمنىڭ شېئىر ھەققىدىكى ئىختىيارىي قاراشلىرىم.

شېئىر نېمىشقا يېزىلىدۇ؟ ئۇ بىزگە زادى نېمىلەرنى بېرەلەيدۇ؟ بىر قارىماققا شېئىر بىزگە ھېچنېمە بېرەلمەيدۇ. پەقەت ئوخچۇپ تۇرغان كۈچلۈك ھېسسىياتنىلا ئىپادىلەيدۇ. بىز گۈلنى پۇراپ ھۇزۇرلىنىمىز، لېكىن ئۇنىڭدا نېمە مەزمۇن بارلىقىنى دەپ بېرەلمەيمىز. مۇزىكىنى ئاڭلاپ ھاردۇقىمىز چىقىدۇ، شادلىنىمىز ياكى مۇڭلىنىمىز، لېكىن زادى نېمىشقا شۇنداق تۇيغۇغا كەلگىنىمىزنى دەلىللىقا ئېيتىپ بېرەلمەيمىز. پەقەت «بۇ بەك ياخشى مۇزىكا ئىكەن...» دېيەلەيمىز، خالاس. شېئىر ئەنە شۇ چىرايلىق ئېچىلغان گۈلگە، يېقىملىق مۇزىكىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىزنى مەلۇم كەيپىياتقا كەلتۈرۈپ، تەسەۋۋۇرىمىزنى قاناتلاندۇرىدۇ. بىز بىلەن جىمجىت مۇڭدىشىدۇ. لېكىن، ئەنە شۇ كەيپىيات ۋە تەسەۋۋۇر ئىچىگە يەنە نۇرغۇن مەزمۇنلار سىڭىپ كەتكەن بولىدۇ. بىز بۇنى ھېس قىلىپ يېتەلمىسەك شېئىرنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. دېمەك، يەنە بىر تەرەپتىن شېئىر ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەيدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تىلى ھەرگىزمۇ نەسرىي ئەسەرنىڭ تىلىدەك ئوچۇق، قاراتمىلىقا، لوگىكىلىقا ئىگە بولمايدۇ. بۇ تىل سىمبوللۇق، كۆپ قىرلىق، تۇتۇقراق بولىدۇ. شۇڭا ياخشى يېزىلغان ھەقىقىي بىر پارچە شېئىر ئوخشىمىغان ئوقۇرمەننىڭ قەلبىدە ئوخشىمىغان ئىنكاس قوزغايدۇ. ئۇ شېئىردىن ھەر كىم ئۆزى ھېس قىلىپ يېتەلىگەن ياكى ئۆز قەلبىدىكى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئورتاقلىقنى تېپىپ چىقىدۇ، شۇ ئارقىلىق روھى قانائەتكە ئېرىشىدۇ، خاراكتېرىنى تاۋلايدۇ.




ئوچۇق ـ ئاشكارا تەربىيە، ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدىغان، قەسىدە ئوقۇيدىغان ياكى تەنقىد يۈرگۈزىدىغان شېئىرنى ھەقىقىي مەنىدىكى شېئىر دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، بۇنداق ۋەزىپىنى مائارىپ تارماقلىرى ياكى ئىجتىمائىي پوبلىستىك تېمىدىكى ماقالىلەر ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ ياكى شۇنداق بولۇشى كېرەك. شېئىرغا قويۇلىدىغان ئەڭ ئەقەللى ئۆلچەم ئېستېتىك ئۆلچەمدۇر. بۇ ئۆلچەمگە يەتمىگەن شېئىر، مەيلى ئۇ قانچىلىك ئۇلۇغۋار مەزمۇننى ئىپادىلىگەن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەقىقىي مەنىدىكى شېئىر ئەمەس.

شېئىرنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىچكى قانۇنىيەتلىرى بولىدۇ. ئۇنى باشقا ھېچقانداق بىر پەننىڭ، جۈملىدىن سىياسەتنىڭ ئۆلچىمىگە سېلىپ ئۆلچەشكە بولمايدۇ. ئەلۋەتتە شېئىر ئەدەبىياتنىڭ باشقا ژانىرلىرى ياكى باشقا پەنلەر بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، لېكىن بۇ خىل مۇناسىۋەت تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ئەمەس، بەلكى مۇستەقىل، باراۋەر مۇناسىۋەتتۇر. شېئىرنىڭ ئەڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنىڭ بىرى ئۇنىڭ پۈتۈنلەي شەخسنىڭ سۇبيېكتىپ ھېسسىياتىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىدە. شۇڭا، ئومۇمىي شوئار خاراكتېرىدىكى قېلىپلاشقان ئىدىيەلەرنى قاپىيەگە تىزىپ تومتاقلا ئىپادىلەش شېئىرغا قىلىنغان ھاقارەت ياكى ھۆرمەتسىزلىك.

ئۇنداق بولسا شېئىردا ئىدىيە، مەزمۇن بولماسلىقى كېرەكمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. باشتا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك، بىز شېئىردىكى مەزمۇننى بىر خىل غۇۋالىق ئىچىدە تەسەۋۋۇرىمىزغا تايىنىپ ھېس قىلىۋاتىمىز. شۇڭا، بىر شېئىرنى ئوقۇپلا، ئۇنىڭ ھەربىر مىسراسىنىڭ مەزمۇنىنى (مەنىسىنى) يېشىشكە ئۇرۇنۇش خاتادۇر. شېئىرنىڭ ئۆزىدە بولمىغان مەزمۇننى ئۇنىڭغا يۈكلەش تېخىمۇ خاتا بولۇپ، ئىدېئولوگىيەدىكى زىيادە سەزگۈرلۈك كېسەلنىڭ ئالامىتىدۇر. شېئىردىكى ئايرىم مىسرالار مەلۇم مەنىدىن بېشارەت بەرسە كۇپايە، خالاس.

ئېنىقكى، شېئىر يېزىۋاتقان چاغدىكى شائىر نورمال

ئادەمدىن روشەن هالدا پەرقلىنىدۇ. ئۇ لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ چەكلىمىسىدىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك. شېئىر يېزىۋاتقان ۋاقىتتىكى شائىر ھېسسىياتى بىلەن ئەقلى گىرەلىشىپ كەتكەن، يۈكسەك بىر ئىلاھىي تۇيغۇدا تۇرغان بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى كەيپىيات ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، قەلەم ئۇنىڭ ئىختىيارىغا بويسۇنمايدۇ، ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھېسسىيات قايسى سۆز بىلەن ئىپادىلەنگۈسى كەلسە، شۇ سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭغا چەك قويۇش ياكى بۇنى ئەقىل بىلەن مەلۇم قانۇنىيەتكە سېلىپ چۈشەندۈرۈشكە ئۇرۇنۇش خاتادۇر. چۈنكى، ئادەمنىڭ ئۆزى تەرتىپلىك ئەقىل بىلەن تەرتىپسىز ھېسسىياتنىڭ بىرلىكى. ئۇ ئۆز مېڭىسىدىكى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ سىرىنى دەپ بېرەلمەيدۇ (شائىرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە)، تۇيۇقسىز ئېسىگە كېلىپ قالغان بىر ئىشنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى، نېمىشقا شۇ ۋاقىتتا ئېسىگە كېلىپ قالغانلىقىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. ھەتتا يوشۇرۇن ئېڭىدا ئۆزىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان، ئۆزىنى ئىستىخىيەلىك ھالدا خىيالغا، ھەرىكەتكە سېلىۋاتقان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ نېمىلىكىنى دەپ بېرەلمەيدۇ. ئادەم ئۆزىنىڭ قانداق چۈش كۆرۈشىنى ئالدىن بەلگىلىيەلەمدۇ؟ مەست بولۇپ قالغاندا نېمىلەرنى قىلىش، نېمىلەرنى دېيىش كېرەكلىكىنى بەلگىلىيەلەمدۇ؟ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، شېئىر ئەمدى باشلانغاندا، شائىر قەغەز يۈزىگە يەنە نېمىلەرنىڭ چۈشىدىغىنىنى دەپ بېرەلمەيدۇ، دەپ بەرسىمۇ ئوچۇق دەپ بېرەلمەيدۇ. ئەگەر بۇلار قۇرمۇقۇر ئالدىن بەلگىلىۋېلىنغان بولسا، كېيىپ ئېيتىش كېرەككى، شېئىر سۇنئىي ياكى جانسىز بولۇپ چىقىدۇ. چۈش، مەستلىك بىلەن شېئىرنىڭ ئورتاقلىقى خېلىلا زور. ئۇنداقتا ھاياجانلانغان ئادەم ئاغزىدىن نېمە چىقسا شۇنى قەغەزگە يېزىپ قويسا شېئىر بولامدۇ؟ ئەلۋەتتە ئۇنداق ئەمەس. بۇ خۇددى تەبىئەتتىكى ئاۋازلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئادەمگە يېقىملىق ئاڭلىنىۋەرمەيدىغانلىقىدەك بىر ئىش. ئەپسۇسلىنارلىقى، خېلى كۆپ ساندىكى ئاۋاز ئىگىلىرى ئۆزىنىڭ ئاۋازىنىڭ باشقىلارغا قانداق ئاڭلىنىشى بىلەن پەرۋايى پەلەك سايراۋېرىدۇ، چۈنكى ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئاۋازى ئەڭ يېقىملىق. شېئىرىيەت ساھەسىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشايدۇ.

شېئىرىي تالانت تۇغما بولىدۇ. شۇڭا بەزىلەر ياش ۋاقتىدىلا ئاجايىپ نادىر شېئىرلارنى يېزىپ تونۇلسا، يەنە بەزىلەر بىر ئۆمۈر شېئىر يېزىپمۇ خەلقنىڭ ئېسىدە قالغۇدەك بىرەر پارچە شېئىرنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدۇ. بۇ ئاللىبۇرۇن ئىسپاتلانغان ھەقىقەت. شېئىرىي تالانت تۇغما بولىدۇ دېگەنلىك، ھەرگىزمۇ تالانت بولسىلا ياخشى شېئىر يازغىلى بولىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. تالانتنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئاساستا، مول بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە شۇ بىلىم قۇرۇلمىسى ئاساسىدا يېتىلگەن توغرا دۇنيا قاراش، كۆزىتىش ئىقتىدارى بولۇشى كېرەك. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان بىلىم يالغۇز شېئىرىيەت ياكى ئەدەبىيات توغرىسىدىكىلا بىلىم ئەمەس، بەلكى پەلسەپە، تارىخ، ماتېماتىكا، پسىخولوگىيە، تىل، جەمئىيەتشۇناسلىق... قاتارلىق بارلىق ساھەدىكى بىلىمنى كۆرسىتىدۇ. مانا بۇ بىلىملەر شائىرنىڭ كېيىنكى دەۋرلەردىكى شېئىرىيەت ھاياتىدا چوڭقۇر، مول ۋە ئەتراپلىق شېئىرىي تەسەۋۋۇرنىڭ ئۇل تېشى بولۇپ قالىدۇ. شائىر بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەك.

ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ شېئىرغا بولغان چۈشەنچىسى ۋە تەلىپى ئوخشاش بولمايدۇ. شۇڭا، «شېئىر دېگەن چوقۇم مۇنداق بولۇشى كېرەك» دەپ مۇقىملاشتۇرۇۋېتىشكىمۇ بولمايدۇ. لېكىن، مەيلى قانداق شەكىلدىكى شېئىر بولسۇن، ھەممىسى شېئىرنىڭ ئومۇمىي ۋە تۈپ قانۇنىيەتلىرىگە بويسۇنۇشى كېرەك. شېئىردا بېشارەت بېرىلگىنى چوقۇم ئىنساننىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان، كۆپ قىسىم كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىر خىل ئۇلۇغۋار يۈكسەكلىك بولۇشى كېرەك. شېئىردا بېشارەت بېرىلگەن مەنا بىرلا بولۇشىمۇ، كۆپ قىرلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنى شېئىرنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بەلگىلەيدۇ. بۇ مەنانىڭ ئوچۇق-تۇتۇقلۇق دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. شېئىردىكى مەنىنى قەستەن تۇتۇقلاشتۇرۇپ، سۆز ئويۇنى قىلىپ، ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايدىغان نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشمۇ توغرا ئەمەس. ئىلگىرى «گۇڭگا شېئىر» يازىدىغان بىر قىسىم شائىرلار مۇشۇنداق قىلىپ، ئۆزىنى سىرلىقلاشتۇرۇپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇندى، نەتىجىدە ئوقۇرمەنلەردىن ئايرىلىپ قالدى.

شېئىردىكى مەنىنىڭ چوڭقۇر-تېيىزلىقى ئۇنىڭ تۇتۇق ياكى ئوچۇقلۇقى بىلەن بەلگىلەنمەيدۇ. بىر پۈتۈن شېئىرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان بىر ئوق، بىر مەركىزىي نۇقتا بولىدۇ. بۇ نۇقتىنى شائىر ئاشكارا ياكى ئاشكارا ئەمەس هالدا ئىپادىلەيدۇ، شۇڭا ھەر بىر شېئىردىن شائىرنىڭ سايىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئوقۇرمەنلەرمۇ بۇ مەركىزىي نۇقتىنى ئاشكارا ياكى ئاشكارا ئەمەس هالدا غۇۋاراق بىر خىل تۇيغۇ ئىچىدە سۈمۈرىدۇ. شۇڭا، شېئىرىي ئەسەرلەرگە ئوقۇرمەن بولۇشمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. يەنى ئوقۇرمەن ئۆزى ئوقۇغان شېئىردىن يېڭى بىر شېئىرنى توقۇيالايدىغان سەۋىيەنى ھازىرلىشى كېرەك. ئۆزىدە بۇنداق شەرتنى ھازىرلىماي

تۇرۇپ، شائىردىن ھەممىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئالدىغا تاشلاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ماھىيەتتە بىلمەسلىكتۇر.

بۇنداق ھۆرۈن ئوقۇرمەنگە ئوچۇق مەزمۇندىكى شېئىرلار دەماللىققا تېتىپ كەتكەندەك قىلغان بىلەن، بۇ شېئىرلارنىڭ دەۋرنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتۈپ، كىلاسسىك شېئىرلار قاتارىدىن ئورۇن ئالالىشى بەسى مۇشكۈل.

ئەلۋەتتە، شېئىر بەزى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، نوقۇل ئىجتىمائىي مەسئۇلىيەتنىمۇ ئۈستىگە ئېلىپ كەلگەن. مەسىلەن: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئويغان» دېگەن شېئىرىغا ئوخشاش بىر تۈركۈم شېئىرلار ئۆز دەۋرىدىكى نادان خەلقنى ئويغىتىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان. ئۆز دەۋرىنىڭ زۆرۈرىيىتى نۇقتىسىدىن بۇنداق شېئىرلارنىڭ يېزىلىشى نورمال ئەھۋال. لېكىن، بۇ شېئىرنىڭ چوقۇم مۇشۇنداق بولۇشى كېرەكلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شېئىرنىڭ بىز تەكىتلەۋاتقان ئەسلىي قانۇنىيىتىگە تەتبىقلىغاندا، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ياز تۈنى» ناملىق شېئىرى ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى شېئىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

شېئىردا قاپىيە، تۇراق، رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىق بولىدۇ. لېكىن، بۇ قېلىپلىشىپ قالغان ئۆلۈك نەرسە ئەمەس. بىر كۇپلېت شېئىرنىڭ نەچچە مىسرادىن تەركىب تېپىشى، بىر مىسرانىڭ نەچچە بوغۇمدىن تۈزۈلۈشى ۋە باشقىلار كونكرېت شېئىرغا قاراپ، شېئىرنىڭ ئىچكى رىتىمغا قاراپ بەلگىلەنسە بولىدۇ. ياخشى يېزىلغان شېئىردا چوقۇم مۇئەييەن ئىچكى رىتىم، مۇزىكىدارلىق بولىدۇ. بۇ رىتىم، مۇزىكىدارلىق تاشقى ھادىسىۋى نەرسە بولماستىن، بەلكى شېئىرىي مەنە بىلەن چەمبەرچاس گىرەلىشىپ كەتكەن ئورگانىك تەركىبىي قىسىمدۇر. قارىماققا تاغدىن ـ باغدىن تىزىلىپ قالغاندەك، ئالدى ـ كەينىنىڭ ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوقتەك كۆرۈنگەن مىسرالار ئېھتىمال ناھايىتى زىچ ئىچكى رىتىمغا ئىگە بولۇشى مۇمكىن. شېئىردىكى مۇزىكىدارلىق ۋە رىتىم مۇزىكا بىلەن ناھايىتى زور ئورتاقلىققا ئىگە بولىدۇ. شېئىردىكى ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ رەسىمدە ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات ۋە تۇيغۇ بىلەنمۇ كۆپ جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا ،شېئىر، مۇزىكا ۋە رەسىمنىڭ ئىپادىلەش ۋاستىسىلا ئوخشىمايدۇ. بىر پارچە شېئىرنى مۇزىكا قىلىپ چېلىش ياكى رەسىم قىلىپ سىزىپ چىقىش تامامەن مۇمكىن.

بەزىدە بىر كۇپلېت شېئىر بىر مىسرادىن تۈزۈلۈشىمۇ، بىر مىسرا بىر سۆزدىن تۈزۈلۈشىمۇ مۇمكىن. بىر كۇپلېت ئۇزۇن ـ قىسقىلىقى ئوخشاش بولمىغان يەتتە ـ سەككىز مىسرادىن تۈزۈلۈشىمۇ مۇمكىن ھەم سۆزلەر خالىغان مىسرالاردا قاپىيەداش كېلىشى مۇمكىن. بۇنى شېئىرنىڭ ئىچكى رىتىمى بەلگىلەيدۇ، ھېسسىياتنىڭ قانداق تەرزدە ئېتىلىپ چىقىشى بەلگىلەيدۇ.

شېئىرنىڭ ماھىيىتى شېئىر تىلىنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلىگەن. شېئىرىي تىل باشقا ھەرقانداق يېزىلمىنىڭ تىلىغا ئوخشىمايدۇ. شېئىر ئوقۇغاندا سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى لوگىكىلىق، ئەقلىي باغلىنىشنى ئاساس قىلماي، ھېسسىيات باغلىنىشنى ئاساس قىلىش كېرەك. چۈنكى، سۆزلەر شېئىر ئىچىگە كىرگەندە، ئۆزىنىڭ يەككە تۇرغان ھالەتتىكى مەنىسىنى يوقىتىپ ياكى قىسمەن يوقىتىپ، شېئىرنىڭ ئومۇمىي كەيپىياتىغا بويسۇنغان ھالدا يېڭى مەنىلەرنى ئالىدۇ، سۆز بىلەن سۆز ئوتتۇرىسىدىكى سەۋەب ـ نەتىجىلىك ياكى گىراماتىكىلىق باغلىنىش يوقىلىدۇ. دەل شۇ مىنۇت ياكى دەقىقىدىكى تۇيغۇ سۆزلەرنىڭ يېڭى مەنىسىنى روياپقا چىقىرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، شائىر ئۆزى تەۋە مىللەتنىڭ تىلنى ئەڭ زور دەرىجىدە بېيىتقۇچى ۋە راۋاجلاندۇرغۇچىدۇر.

شائىر بىر نەرسىنى يېشىپ چۈشەندۈرمەيدۇ، ئۇ ئۆتمۈشنى بايان قىلغۇچى ئەمەس، كەلگۈسىدىن بېشارەت بەرگۈچىمۇ ئەمەس. شائىر پەقەت ئىپادىلىگۈچى، ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلىگۈچى، خالاس.

شائىر ئادەملەرنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى گۈزەل، قىممەتلىك نەرسىلەرنى ساقلاپ قالالىسا، ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتقان قەدىمىي، مىللىي روھنى ساقلاپ قالالىسا، ئىنسان قەلبىنىڭ تېخى بايقالمىغان سىرلىرىنى قېزىپ چىقالىسا، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى ھېسابلىنىدۇ.

شېئىرنى ھەقىقىي سۆيگەن ئادەم ھاياتنى، ئۆزىنى سۆيىدۇ. شېئىرنىڭ ئىچكى قانۇنىيەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىدۇ. شېئىر ئۈستىگە ئالالمايدىغان ۋەزىپىلەرنى ئۇنىڭغا يۈكلىمەيدۇ. شېئىر ئەنە شۇنداق ھەم قېلىپقا چۈشىدىغان، ھەم قېلىپقا چۈشمەيدىغان بىر ساھە. بىر قارىماققا بىزگە ھېچنېمە بېرەلمەيدىغان، بىر قارىماققا بىزگە نۇرغۇن نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرەلەيدىغان ساھە.

بىر دەۋردە شېئىر ئوقۇيدىغانلار ئازلاپ كەتسە ياكى يوقالسا، ماددىيەتكە بولغان چوقۇنۇش باش كۆتۈرىدۇ. ئىنساننىڭ تەبىئىتى بۇزۇلىدۇ ياكى ئەسلىدىن يىراقلىشىدۇ. قىسقىسى، گۈزەللىك، مۇھەببەت دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچرايدۇ، شۇڭا مەن كۆپچىلىكنىڭ ئاز ـ تولا شېئىر ئوقۇپ قويۇشىنى تەۋسىيە قىلىمەن. شېئىرغا بولغان ھۆرمەت ماھىيەتتە ئۆزىمىزنىڭ قەلبىگە، ئىنسانىي ماھىيىتىمىزگە قىلىنغان ھۆرمەتتۇر.

---

ئاپتور: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە



# تۆتىنچى يول

## — شېئىرغا ئىزاھ

ئابلىكىم تۇرسۇن

(1)

مېنىڭچە، شائىرلار دائىم ھاياتلىقنىڭ سىرتىدا يۈرىدۇ، نېمە ئۈچۈن؟

شائىرلارنى نورمال ھاياتلىق مىزانلىرى، سىياسىي ئاتالغۇلار، ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە دىنىي تەلىماتلار بىلەن ئۆلچىسەك، ئۇلارنى بۇ پىلانېتىمىزغا قايتۇرۇپ ئەكەلگىلى بولمايدۇ. ئۇلار تەڭرىگە ئەركىلەشكە ئامراق. ئەركىلەش ۋە بۇزۇش ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ماھىيىتى. شائىرلار تىنىمسىز تېپىرلىشى كېرەك. ئۇلار ئەڭ مۇقەددەس نەرسىلەردىن گۇمانلىنىشى، ئەڭ رەزىل نەرسىلەرگە ئىچكىرىلەپ قارىشى، نامراتلارنىڭ قاچىسىدىكى ھەسرەت يۇقۇندىلىرىنى يۇيۇپ تازىلىشى، يېڭناغۇچلار بىلەن ئوينىشى، تەڭرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشى ۋە بىللە پويىزدا سەپەرگە چىقىشى، ھېچكىمنىڭ كۆزى چۈشمەيدىغان خىلۋەتتىكى ئوي-پىكىرلەرنى قېزىپ چىقىپ بىزنى ۋەسۋەسىگە سېلىشى كېرەك.

ئەمەلىيەتتە بىز شائىرلاردىن قورقىمىز. ئۇلارنىڭ بىزنى ئۆزىمىزمۇ بىلمەيدىغان بىر مەنە قالايمىقانچىلىقىغا ئۇستىلىق بىلەن باشلاپ كىرىپ، بىزنىڭ بارلىق قىممەت قاراشلىرىمىزنى ئاغدۇرۇپ تاشلىشىدىن، بىزنى بىر ئاسىيغا ئايلاندۇرۇپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمىز. لېكىن، ھەممىگە چەكچىيىپ قاراۋاتقانلىقىنى بىلىندۇرمەيۋاتقان ۋە بىلىندۇرەلمەيۋاتقان ئاشۇ شائىرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پائالىيەتلىرى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرى بىزنىڭ ئۇقۇم لۇغەتلىرىمىزدىن تولىمۇ يىراقلىشىپ كەتكەن. بىز دائىم «شائىرلار بىز ئۈچۈن ئەسەر يېزىۋاتىدۇ» دەپ ئويلايمىز ھەمدە شۇنداق بولۇشىنى چىن دىلىمىزدىن ئارزۇ قىلىمىز. بىز ئۈچۈن يازمىغاندەك تۇيۇلىدىغان ئەسەرلىرىنى گەپ تاپالماي قالغۇچە تىللايمىز ۋە نېمە ئۈچۈن شۇنداق يېزىلىپ قالغانلىقىدىن ئاغرىنىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالىمىز. ئەمەلىيەتتە ئىنقىلاب ۋە سىياسىي بوران-چاپقۇن مەزگىلىدىكى تەقلىدىي شائىرلاردىن باشقا شائىرلار ئاساسەن دېگۈدەك ئۆزى ئۈچۈن ئەسەر يازىدۇ. ئىنقىلاب ۋە سىياسىي بوران-چاپقۇن مەزگىلىدىكى شائىرلارنىمۇ پۈتۈنلەي خەلق ئۈچۈن يازدى دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. ئۇلار يۈرىكىدىكى چۇقانلىرىنى قەلەم ئارقىلىق سىرتقى دۇنياغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، يېنىكلەپ بىر كېچە ياخشى ئۇخلاپ چىقىدىغىنى ھەممىمىزگە ئايان. مېنىڭچە، شېئىر ئىدىيە ئەمەس، ئۇ تۇيغۇ. ئۇ ھېچنېمىگە بويسۇنماسلىقى، ھېچقانداق نوپۇز، ئەقىدە-مىزان ۋە ئۆلچەمنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىماسلىقى، قايسىبىر دەردمەننىڭ ئاچچىق موخۇركىسىنىڭ ئىسىدەك، بىر خىل ھارغىنلىق ۋە ئاغرىنىشنىڭ جىمجىت گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە يوقلۇققا سىڭىپ كېتىشى، بىزنى كۆپكۆك ئاسماندىن قاپقارا بۇلۇتلارنى ئىزدەيدىغان ھالەتكە ئېلىپ كېلىشى كېرەك. شېئىر ئىسپات بولسا، مىزان بولسا، نىزامنامە بولسا بەلكىم بولماس.

شائىرلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى ۋە تېپىرلاشلىرى تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ھاياتتىن ئاغرىنىش، بەزى كارتىنىلارنى مەسخىرە قىلىش، يەڭگى بىر مۇكەممەللىككە باھانە ئىزدەش. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئاغرىنىشىدا بىر خىل مۇھەببەت بار، سۆيۈش بار، قىزغىنلىق ۋە قىيالماسلىق بار. ئۇلارنىڭ ئاغرىنىشى ھەرگىزمۇ ئىنكار قىلىش ۋە كۆرەڭلەش ئەمەس.

بەلكىم بۇ، هاياتلىقنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا، چۇقان كۆتۈرگۈچىلەرگە ۋە بوزغۇنچىلارغا ئايرىم ئۆلچەم بولۇشمۇ مۇمكىن. ئەمىسە ھەقىقىي شائىرلار قانداق بولىدۇ؟

(2)

مۇكەممەللىك تەرغىباتچىلىرى ئىچىدىن ياخشى شائىر تۇغۇلمايدۇ. بۇلارنىڭ ئەدەبىيات توغرىسىدىكى بىرەر داڭلىق مۇكاپاتنى ئالالىشى مۇقەررەر. ياخشىلىق توغرىسىدا گەپ ساتىدىغانلار ۋە بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ چەك ـ چېگراسىنى باشقىلارغا ئايرىپ بەرمەكچى بولغانلار دىنىي دانىشمەن، تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ ئىشخانا خادىمى ياكى ئىجتىمائىي كاپالەت ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ياكى مەسئۇلىيەتچان ئائىلە باشلىقى بولۇشى مۇمكىن. مۇھەببەت مەستانىلىرىچۇ؟ بەلكىم بۇلار شېئىر يېزىشقا مۇناسىپتۇر. ئۇنداقتا شائىرلارچۇ؟

مېنىڭچە، شائىرلار دائىم شېئىرلىرىدا پەرىشتىلەر بىلەن ئۇلتۇرۇپ غىزالىنىدۇ ۋە يوپيېزىدا ئۇلتۇرۇپ كاماندۇرۇپكىغا چىقىدۇ. كەسپىي ئەخلاقنىڭ قايسىبىر ماددىسى ياكى قانداقتۇر ناتونۇش بەلگىلىمىلەرنىڭ ئاسارىتىگە نالە ئوقۇيدۇ. سىرلىق ۋە ئېنىقسىز نەرسىلەرگە چەكچىيىپ قارايدۇ ۋە بالىلار بىلەن لاتا قونچاق ئويناپ ئۆيلىرىگە كەچ قالىدۇ. چىرايلىق قىزلارغا ئاتاپ شېئىر يازىدۇ ۋە نىكاھ قانۇنىنىڭ ئاخىرقى ماددىسى ئۈچۈن ئۈن ـ تىنسىز سۈكۈتكە چۆمىدۇ. قاتىللارنىڭ كۆزىدە مۇھەببەت ئۇچقۇنلىرى بارمىدۇ دەپ سىنچىلاپ قاراپ باقىدۇ. گۈزەل نازىنىنلارغا ئاتاپ يازغان شېئىرلىرىغا كەلگەن قەلەم ھەققى بىلەن مومايلارغا گۈل سوۋغا قىلىپ ئۇلارغا تەسەللى بېرىدۇ. چەك ـ چېگراسى ئايرىلمىغان ئاشۇ نەرسىلەر ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالىدۇ. داۋالىنىش پۇلىنى ئاتچوت قىلدۇرىدىغان بەلگىلىمە تاپالماي سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ يۈرىكى بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە ئوخشىمايدۇ. بىراق، ئەڭ زامانىۋى سۈرەتكە ئېلىش ئۈسكۈنە ـ ئاپپاراتلىرى بىلەنمۇ ئۇلارنىڭ مۇشتۇمدەك يۈرىكىدىكى چۇقاننى، روھنى ۋە يېلىنجاپ تۇرغان ئوتنى كۆرگىلى بولمايدۇ. ئۇلار پىنھان جايلاردا ئولتۇرۇپ، ئويچان كۆزلىرىگە ھايات ۋە ماماتنىڭ، مەنە ۋە يالغانچىلىقنىڭ، گۈزەللىك ۋە ھەسرەتنىڭ ئەڭ غەلىتە ئېپىزوتلىرىنى، كارتىنىلىرىنى، كۆرۈنۈشلىرىنى تىزىۋالىدۇ. بۇلاردىن ھۇزۇرلىنىدۇ، سەسكىنىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ بارلىقى قىلىۋالىدۇ. دائىم ھەممىنى چۇۋۇپ ۋە قايتا قۇرۇش ئىستىكىدە تېپىرلاپلا يۈرىدۇ.

قايسىبىر دىنسىز ۋە بىدئەت بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ، دۇنيانىڭ يەنە بىر كەسمە يۈزى ھەققىدە گۈزەل ھېسلارغا چۆمىدۇ. قوۋم، مىللەت، مەدەنىيەت ۋە دىن تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنغان ئىنسان تەبىئىتىدىكى باھا بەرگىلى بولمايدىغان قىرتاقلىقلار ئۈستىدە ئېغىر ئاھ ئۇرىدۇ. ئۆزىنى يوقىتىشنى ۋە كەيپىلىكنى ئىزدەيدۇ. بارلىق سالاھىيەت، مەرتىۋە ۋە نوپۇزنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئۆزىگە چاپلىشىۋالغان بارلىق ئىجتىمائىي ئەندىزە ۋە پىرىنسىپلارنى پۈتۈنلەي سىلىۋېتىپ، ئاندىن تۇغما ھالەتتە ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ، بىر كېچە قېنىپ ئۇخلاشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەپسۇس، ئەتىكى قۇياش ئۇنى مۇھەببەت ئىستەكلىرى، مەسئۇلىيەت مىزانلىرى، مىللىي ماجىرالار، ئىجتىمائىي غوۋغالار، ئىشسىزلىق ۋە ئاچلىق بىلەن ئويغىتىدۇ. شېئىرچۇ؟

(3)

شېئىر ئەمەلىيەتتە ئۇنچە دەبدەبىلىك نەرسە ئەمەس، بەزىلەر ماختاپ بولالماي ھېرىپ قالغۇدەك. تارىخنى ۋە ۋاقىتنى شېئىر بىلەن زىننەتلەش، ھاياتقا شېئىر بىلەن بېزەك بېرىشكە ئۇرۇنۇش تېخىمۇ ئەخمەقانىلىق. شېئىرنى ئوقۇشقا، يېزىشقا، بەھرىلىنىشكە ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ھاياتنى بېزەشكە بولىدۇ. خۇشاللىنىشقا، غەم ـ قايغۇنى يېنىكلىتىشكە بولىدۇ. ھاياتتىكى قانمىغان ئىستەكلىرىمىزنى چالغىتىپ، شېئىر ۋە سەنئەت ئارقىلىق ئۆزىمىزنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىمىزنى ئىسپاتلىۋالساق، ئۆزىمىزنى ئاقلىۋالساق بولىدۇ. شېئىر ئارقىلىق قىزلارنى ماختاپ ۋە مەدھىيەلەپ، بويتاقلىقىمىزغا خاتىمە بېرىۋالساق بولىدۇ ياكى ئۆزىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەر يۈرىكىمىزنى كۆرسىتىپ، بىر تۈركۈم ئەگەشكۈچىلەرنى توپلىۋالساق بولىدۇ. لېكىن، شېئىرغا ئېتىقاد قىلىشقا، ئۇنى ئابىدە ۋە ئۆلچەم قىلىۋېلىپ، ھەممىنى قايتا قۇرۇپ چىقىشقا، ھەممىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا جېنىنىڭ بارىچە ئۇرۇنۇشقا، روھىي توقلۇق ئارقىلىق نامراتلارنىڭ ۋە يوقسۇللارنىڭ كۆز يېشىنى پارلاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇشقا بولمايدۇ. ھازىرقى دەۋرگە نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، شېئىر دەۋرنىڭ تولىمۇ ئاجىز ۋە يىغلاڭغۇ بالىسى. مەرىپەت ئومۇملاشمىغان دەۋرلەردە شېئىر بىر خىل كۈچ ۋە قورال سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ، ئىنسانىيەتنى يېتەكلىگەن. ئەمما، ھازىر شېئىر بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ. مېنىڭچە، ھازىر ئۇ كۈچ ئەمەس،

تۇرمۇش ئۇسۇلىمۇ ئەمەس. بۈگۈنكى ماددىلىق ھېسسىلىقنى يۇكسەك دەرىجىدە غىدىقلاۋاتقان دۇنيادا، كەچلىك گېزىت كۆرۈۋاتقان كىشىلەر ئالدى بىلەن ۋال-ستىرت كوچىسىدىكى پاي چېكى، نېفىت باھاسى ۋە دوللارنىڭ ئالمىشىش نىسبىتىگە كۆز يۈگۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن بىر لادىنىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىگە ئائىت خەۋەر بېسىلغان كىچىك رامكىغا تىكىلىپ قارايدۇ. شېئىرىيەت گۈلزارىغا قاراپ بولغۇچە بولغان ئارىلىقتا تېلېفون سايراپ، قايسىدۇر كەچلىك كۇلۇبقا، دوستلار يىغىلىشىغا كېتىپ قالىدۇ. نەۋائىينىڭ شېئىرلار توپلىمىنى يىغىلا سېتىۋالغان ئايال ئوقۇرمەن بۈگۈن ئالتۇن ۋاقتىتا بېرىلىدىغان كورىيە فىلىمىنىڭ ۋەسۋەسىسى بىلەن، بۇ كىتابنى قەيەرگە قويغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەدىبلەر بۇنى ئەدەبىيات ۋە سەنئەتكە بولغان مۇھەببەتنىڭ سۇسلۇقىدىن كۆرىدۇ. شېئىردىن كۆرىدۇ. شېئىرلارنىڭ ھاياتىي كۈچى قالمىدى دەپ ئاغرىنىدۇ. لېكىن، شېئىرنى ياخشى كۆرمەيدىغان ۋە ئانچە چوڭ بىلمەيدىغان ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈۋاتقان، تەربىيەلەۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئەندىزىسىنى ۋە ئۇنىڭ توسقۇنسىز ھاياتىي كۈچىنى ھېچكىممۇ تىلغا ئېلىپ قويمايدۇ. بۇنى شائىرلار، ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ۋە ئاتالمىش «ئارىپلىق» روھى قوغلىشىپ يۈرگەنلەر ياكى ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇماقچى بولغانلار بىلمەي قالىدۇ ۋە بىلسىمۇ شېئىرغا بولغان بىر خىل يۇقىرى قىزغىنلىق سەۋەبىدىن بۇنى ئېتىراپ قىلمايدۇ.

سەنئەت نۇقتىسىدىن، شېئىر ئىنسان مەۋجۇتلۇقىنىڭ تولىمۇ ئاددىي بولغان سۈزۈكلۈكىدۇر. كىشىلەر جىنايەتچىنىڭ قىلمىشىدىن سەسكىنىدۇ ۋە لەنەت ئوقۇيدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ شېئىردىكى تۇيغۇلىرىدىن لەرزىگە كېلىپ، ئۇنى ئاقلاشقا باھانە ئىزدەيدۇ ۋە بارلىق نەرسىنى ھاياتقا ئارتىپ قويۇپ، جىنايەتچىنى سۈزۈكلەشتۈرىدۇ. شېئىر ۋە ئەدەبىي تىل بەدىئىيلىك ئارقىلىق ھاياتقا باشقا بىر رەڭ ئاتا قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئومۇمىي ئۆلچەملىرىنىڭ خاسلىقىنى يوققا چىقىرىدۇ.

شېئىرلار، بولۇپمۇ بۇرۇنقى شېئىرلار ئازاب-ئوقۇبەت ۋە نارازىلىقتىن تەركىب تاپقان پاساھەتلىك پۈتۈكنامىگە، تەكرار پىششىقلاپ ئىشلىنىۋاتقان دەرد-ھەسرەت قاچىسىغا، ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ئۆز ئىش-ھەرىكەتلىرىنى ئۆلچەشتىكى مۇقەددەس ئوقۇشلۇققا ئوخشايدۇ. كېڭىيىش ۋە قۇتراش، ئىسيانكارلىق كەمدىن-كەم. لېكىن تىل، تەسەۋۋۇر ۋە بەدىئىيلىك ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۇدەك دەرىجىدە يۇكسەك. بۈگۈنكى شېئىرلىرىمىز بۈگۈنكى تۇيغۇلىرىمىزنىڭ مۇھىت ۋە تېخنىكا تەرىپىدىن تالان-تاراج بولۇپ كېتىۋاتقان ۋۇجۇدىمىزنىڭ، مەدەنىيەت، ئەنئەنە ۋە دىنىي ئىزلاردىن ھالقىغان ھالدىكى بىر خىل سىلكىنىشىدۇر. قايسى خىل ۋۇجۇد ئىچىگە تارتىلىپ كېتىۋاتقانلىقىمىز، بىزدىكى قانداق تۇيغۇلارنىڭ شېئىرلىرىمىزدا ماراپ بىزنى قانداق ئاشكارىلايدىغانلىقىنى ئىشارە قىلىدۇ. مۇھىت تەرىپىدىن قايتىدىن تۈزۈلۈۋاتقان ھېس-تۇيغۇلىرىمىز ئاددىي مىسرالارنى كۆتۈرەلمەس بولۇپ قالدى. ئاڭ ۋە روھتىكى مۇرەككەپلىك مۇقەررەر شېئىرىي مىسرالاردا پارلايدۇ. مېنىڭچە، ئەمدى شېئىر پەندى-نەسىھەتكە، ئىسپاتلىنىپ بولغان مىزانلارغا، ئەخلاق جەھەتتىكى شوئارلارغا قايتالماسلىقى مۇمكىن. ئۇقۇملار كىشىلەرنى يەپ كېتىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى كارتىنىلار ئۆز رەت تەرتىپىنى يوقىتىۋاتقان، كىشىلەر ئاددىيلىقتىن يىراقلىشىپ، ھېسسىياتلىق سىرلىق قۇتۇپقا ئايلانغان بۈگۈنكى كۈندە، ئادەمنىڭ شېئىرىي تۇيغۇلىرى ئەپسانىلەر دەۋرىدىكى



سىرلىقلىققا ئوخشايدۇ. بۈگۈنكى شېئىرلارنىڭ ئەپسانىۋى قىسسەلەرگە ئوخشمايدىغان يېرى شۇكى، ھازىرقى شېئىرلاردا ساددىلىق ئۆلدى. يەنى، شېئىردىكى گاڭگىراش، مەۋھۇمسىزلىشىش، خاسلىشىش، ئەتراپتىكى قارىماققا مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنىدىغان ئاشۇ ئەسكى ـ تۈسكى نەرسىلەرنى شېئىري كەيپىيات ئىچىدە باغلاش ۋە خالىغانچە قۇراشتۇرۇش، ئۇنىڭ ئىچىگە باشقىلارنىڭ ھېسسىياتى بىلەن بىر بوشلۇققا چۈشمەيدىغان سىزىلما ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى سىغداش بارلىققا كېلىۋاتىدۇ. قىلچە مۇناسىۋىتى يوق شەيئىلەر ئەركىن ھالەتتە باغلىنىپ، پۈتۈنلۈكنىڭ يىغىچە سىزمىسى بەرپا بولۇۋاتىدۇ. يامانلىقنى ماختايدىغانلار چىقىپ قالسا، بىز نېمە بولۇپ كېتەرمىز!؟... ئەتىكى شېئىرلاردا مەسئۇلىيەت ياكى ۋەتەنپەرۋەلىك ۋە ياكى قايىسىبىر دىداكتىكا چۈشەندۈرۈلمەيدۇ. ھەتتا قايىسىبىر ئاشىقنىڭ ئاھۇ زارىلا ئاساسىي مەزمۇن قىلىنمايدۇ. مۇھەببەت ئىچىدىكى ئېچىرقاش، ئەقىدە ئىچىدىكى ئاسىيلىق، ئادەت ئىچىدىكى قوزغىلىش، شادلىق ئىچىدىكى يىمىرىلىش، شۇنداقلا يىغى بىر تەسەللى ئىچىدىكى يوقلۇق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

شائىرلار قايسى يولدا ماڭىدۇ؟

(4)

بوشلۇق ۋە يوقلۇق، ناتونۇشلۇق ھەققىدە پىچىرلىشىۋاتقانلار، ھاياتلىقتىكى مەنە ۋە ھېكمەتنى ئۆزلىرىلا ھۆددە ئېلىۋالغاندەك ھېس قىلىپ، دونيادىن خولاسە چىقىرىۋاتقانلار، دونيانىڭ باھالاش ئۆلچەملىرىنى تورغۇزۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلار سەل ـ پەل ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشى كېرەك. ئىنسانغا ياشاش ھوقۇقى بەرگەن بىلەن ئاغرىنىش ۋە رەنجىش ھوقۇقى بەرمىگەن. لېكىن مەلۇم چەكتىكى ئاغرىنىش ۋە رەنجىشنى گۇناھ ھېسابلىمىغان. شېئىر ۋە سەنئەت مۇشۇ ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، ئىنسان ئۈن ـ تىنسىز ياشىغان بولاتتى. دۇنيادا نادانلىق، يوقسىزلىق ۋە بىلمەسلىكمۇ بىر خىل مەنىنى ئۆزىگە يېپىشتۇرغان. ئەمەلىيەتتە، تەڭرى ئالدىدا بىر پەيلاسوپ بىلەن بىر ئاددىي موزدۇزنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. دونيا ۋە ئاخىرەت روھىي سۇزۇكلۇكنى قوغلىشىدۇ، ئىدىيەنى ئەمەس. ئىدىيە دۇنيانى بۇزىدۇ ۋە ئالغا سىلجىتىدۇ. روھىي سۇزۇكلۇك ۋە روھىي مۇكەممەللىك دۇنيانى ۋە ئىنساننى تىنچلاندۇرىدۇ. بىلىش بىلەن روھ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم دەرىجىدە كۈچلۈك توقۇنۇش بار. شېئىرلىرىمىز، ئىدىيە، كۆزقاراشلىرىمىز ۋە تەربىيەلەش پىروگراممىلىرىمىز يېتىشتۈرەلمەيۋاتقان روھىي مۇكەممەللىكنى بەلكىم ئاددىي بىر خىلۋەت توپلىق سەھرا شەكىللەندۈرەلىشى مۇمكىن. بىزنىڭ كىتابلىرىمىز تارىختىن بۇيان ئۆزۈلدۈرمەي، بىزگە دۇنيادا ئىككىلا يول بار، دەپ تەكىتلەپ كەلگەن ھەمدە مۇشۇلارنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىشنى بىر خىل مۇكەممەللىك ۋە غەلىبە دەپ ئۆگەتكەن.

ياخشىلىق ــ يامانلىق

گۈزەللىك ــ رەزىللىك

مۇھەببەت ــ نەپرەت

ھەق ــ ناھەق

روھىي ھادىسىلەرگە نىسبەتەن، بۇ ئىككى يول بىزنىڭ روھىي جۇغراپىيەمىز ۋە ئىستېلاچىلىرىمىز. تارىختىن بۇيان بىز مۇشۇ ئۇقۇملار ئۈستىگە تۇغۇلۇپ، مۇشۇ ئۇقۇملار ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ئۆلچەپ، مۇشۇ ئۇقۇملارغا باغلىنىپ ياشىدۇق. مۇشۇ ئۇقۇملار تەرىپىدىن ئىگىلىنىپ، ئىستېلا قىلىنىپ، مۇشۇ ئۇقۇملار دائىرىسىدە ئازابلاندۇق ۋە يېتىمسىرىدۇق. بۇلارنىڭ چەك ـ چېگراسىنى ئايرىش ۋەزىپىمىزنى ئورۇنلاپ بولالماي، گاڭگىراپ، ھاردۇق چىقىرىپ، ئۆزىمىزگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن سەنئەتنى ياراتتۇق. شېئىر يازدۇق. يېقىنقى زامان پەيلاسوپلىرى بىزنىڭ ئاشۇ ئىككى يولغا تەۋە بولۇپ قالغاندەك قىلغىنىمىز بىلەن ئەمەلىيەتتە مېڭىۋاتقىنىمىزنىڭ ئۈچىنچى يول ئىكەنلىكىنى موئەييەنلەشتۈرۈشكە ئۇرۇندى. خۇددى يېقىنقى زامان مەدەنىيتى تەكىتلەۋاتقاندەك، بىز تولىمۇ غەلىتە ۋە ئۆزگىچە تۈزۈلگەن ئىلاھىي ئارىلاشما. پەيلاسوپلارنىڭ تىنىقلىرىدا تەكىتلەنگىنىدەك مەنە ۋە مەنىسىزلىكنىڭ ئاخىرقى كۆلەڭگىسى. بوشلۇق ۋە سۈكۈت ئىچىدىكى تالان ـ تاراج. بۇ دۇنيادا ئۈچ يول بار. ئۇ بولسىمۇ ياخشىلىق، يامانلىق ۋە بىز.

بۇ يەردە يەنە بىر نۇقتىنى تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈر، شائىرلار تۆتىنچى يولنى ئىزدىگۈچىلەر. يىغى بىر مۇكەممەللىك ھەققىدە جار سالغۇچىلاردۇر. شائىرلار يەنە يىغى بىر ئۈمىد، يىغى بىر ئېتىقاد ۋە يىغى بىر كەلگۈسىنىڭ بوسۇغىسىدا چاقناپ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يول ئىزدىگۈچىلەردۇر.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى 2008 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى



# «كۆيۈك توغراق» ۋە ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى

ئاسىمگۈل نۇرۇز

پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ يەر شارىلىشىش قەدىمىنىڭ گۈنسېرى تېزلىشىشى ئىنسانىيەتكە نۇرغۇن قولايلىقلارنى يارىتىش بىلەن بىللە، يەنە كىشىنى چۆچۈتكۈدەك ئېغىر كىرىزىسلارنىمۇ ئېلىپ كەلدى. ئېكولوگىيە كرىزىسى ئەنە شۇ كىرىزىسلارنىڭ بىرى.

كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان مۇھىت مەسىلىسى ھەرقايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرىنىڭ كۈچلۈك دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. شۇ قاتاردا بىر قىسىم مەسئۇلىيەتچان يازغۇچىلار بۇ مەسىلىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ، قوللىرىغا قەلەم ئېلىشىپ ئېكولوگىيە كىرىزىسىنى ئاساسىي تېما قىلغان ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىپ، ئىنسانلارنىڭ مۇھىتقا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، كىشىلەرنى مۇھىتنى ئاسراشقا، مۇھىتنى قوغداشقا چاقىرىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئېكولوگىيە تېمىسىغا بېغىشلانغان يېڭىچە بىر خىل ئەدەبىيات شەكلى بولغان ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى مەيدانغا كەلدى.

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ، 70 ـ يىللىرى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئەدەبىياتىدا ئاستا ـ ئاستا باش كۆتۈرۈپ چىققان ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى باشلانغان ۋاقتىنىڭ بىرقەدەر كېيىن بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ دۇنيا خاراكتېرلىك ئەدەبىيات دولقۇنىغا ئايلاندى.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى بولسا ئېكولوگىيەلىك بىر پۈتۈنلۈكنى ئىدىيەۋى ئاساس، ئېكولوگىيەلىك سىستېمىدىكى بىر پۈتۈن مەنپەئەتنى ئەڭ يۇقىرى قىممەت ئۆلچىمى قىلغان، تەبىئەت بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆزىتىدىغان ۋە ئىپادىلەيدىغان، شۇ ئارقىلىق ئېكولوگىيەلىك كرىزىسنىڭ ئىجتىمائىي مەنبەسى ھەققىدە ئىزدىنىدىغان ئەدەبىيات شەكلىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئادەملەرنىڭ مەنىۋى ئېكولوگىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىشى، ئېكولوگىيەلىك كرىزىسنىڭ مەنبەسىنى بايقاش ۋە تازىلاشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. توختى ئايۇپ، خالىدە ئىسرائىل، ئەخمەت ئىمىن، مۇھەممەت باغراش، تۇرسۇنجان مۇھەممەت... قاتارلىق يازغۇچىلار ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق روھى بىلەن بۇ ساھەدە دۇنيا بىلەن ماس قەدەمدە ئويلاندى. ئۇلار بىر تەرەپتىن دۇنيا ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ ئەينەن خاتىرىلەش ئۇسۇلىغا ياندىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر خەلقىدە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش، تەبىئەتكە چوقۇنۇش ئېڭىنى بۈگۈنكى زامان رېئاللىقىدا ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەپ، ساپ ئۇيغۇر روھىيىتىگە تويۇنغان ھەقىقىي مەنىدىكى ئۇيغۇر ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنى بەرپا قىلدى. ئۇيغۇر ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قىممەت قاراشلىرىنىڭ مۇھىم ئەندىزىسى بولغان تەبىئەت بىلەن ئىنسانلارنىڭ بىرلىكى مەسىلىسىنى ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەتتە يورۇتۇپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مۇشۇ ئاڭنىڭ بۈگۈنكى مەۋجۇت رېئاللىقتىكى قايتا ئويغىنىشىنى ئىپادىلەپ، ئاڭلىق بولغان مۇھىت قوغداش ئېڭىنى ئىلگىرى سۈردى.

تۆۋەندە مەن مۇشۇ ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر نەمۇنىسى بولغان تۇرغۇن مىجىتنىڭ «كۆيۈك توغراق» ناملىق ئەسىرىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىغا دائىر مەزمۇنلار توغرىسىدا ئۆزۈمنىڭ ھېس

قىلغانلىرىمنى ئوقۇرمەنلەر دىققىتىگە سۇنماقچىمەن.

يازغۇچى تۇرغۇن مىجىتنىڭ «كۆيۈك توغراق» ناملىق ھېكايىسىدىكى ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قارىشى ئاساسلىقى ئېكولوگىيەلىك بىر پۈتۈنلۈك قارىشى، تەبىئەت بىلەن دوستانە ئۆتۈش، ئېكولوگىيەلىك مەسئۇلىيەت قاتارلىق تەرەپلەردە نۇقتىلىق ئىپادىلەنگەن.

ئاپتور ئەسەردە ئۆزىنىڭ ئېكولوگىيەلىك بىر پۈتۈنلۈك قارىشىنى نوقۇل ھالدا قانداقتۇر دەبدەبىلىك سۆز-جۈملىلەر ياكى ۋەز-نەسىھەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىمەستىن، بەلكى ھاشىم بوۋاينىڭ ئىش-ھەرىكەتلىرى، دىئالوگ، مونولوگلىرى ۋە مۇۋاپىق بايانى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەدەبىياتنىڭ ئىپادىلەش قانۇنىيىتىگە ماس ھالدا تەبىئىي، جانلىق ۋە تەسىرلىك ئوتتۇرىغا قويغان.

ئېكولوگىيە ئەدەبىياتى ئىنسان مەركەزچىلىكىنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلماستىن، ئېكولوگىيە سىستېمىسىدىكى بىر پۈتۈنلۈك مەنپەئەتنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىدىغان ئەدەبىياتتىن ئىبارەت. ئەسەردىكى ھاشىم چوڭ بوۋاي دەل مۇشۇنداق ئېكولوگىيەلىك بىر پۈتۈنلۈك قارىشى ناھايىتى كۈچلۈك بوۋاي. ئۇ ئىنسان مەركەزچىلىكى تەلىماتىنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى ئەمەس. بەلكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئەت دۇنياسىدىكى بارلىق نەرسىلەر، باراۋەر، بىردەك بولۇشى كېرەك. دەل-دەرەخلەر ۋە ھايۋانلار ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ رەھىمسىزلەرچە قىرغىنچىلىقىنىڭ قۇربانى بولماسلىقى كېرەك، دەيدىغان ئېتىقاد چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. شۇڭىمۇ ئۇ توغراقلارغا، توغراقلىقتىكى ھايۋانلارغا مۇئامىلە قىلغاندا، ئۇلارنى ئىنسانلاردىن تۆۋەن تۇرىدىغان ياكى ئىنسانلارنىڭ قارا نىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلار دەپ قارىماستىن، بەلكى ئۆزىنىڭ بىر قېرىندىشىدەك، تېنىنىڭ بىر پارچىسىدەك مۇئامىلە قىلىدۇ ھەم باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئېكولوگىيە ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولغان ئېكولوگىيەلىك مەسئۇلىيەت ئېڭىمۇ ئەسەردە ناھايىتى ياخشى ئىپادىلەنگەن. ئەسەردىكى ھاشىم چوڭ بوۋاي ئادەملەر بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن يىپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ئاچ كۆزلەرچە كېسىپ تاشلاپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىۋاتقان ئەھۋالدا، ئۆزى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئەڭ ئاخىرقى توغراقلارنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن بۇ توغراقلىققا قاراۋۇل بولۇشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا بىر پۈتمۇ ھەق ئالماي «توغراقلىقنى قوغدايمەن» دېگەن بولسىمۇ، بىرمۇ كىشى ئۇنى قوللىمايدۇ. ھەتتا ئۇنى «ساراڭ، ئالجىغان قېرى» دەپ مازاق قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئانا تەبىئەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقى ئۇنىڭ بوشاشماي كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇ ناھىيەگە بېرىپ ئاخىر بىر ھاكىمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، ئورمان قاراۋۇلى بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئانا تەبىئەت ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش سالاھىيىتىگە ئېرىشىدۇ ۋە سۆيۈنۈش بىلەن خىزمىتىنى باشلىۋېتىدۇ. ئۇ توغراقلارنى، توغراقلىقتىكى ھايۋانلارنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلارنى ئاسرايدۇ، قوغدايدۇ، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۇلارنىڭ ھالاكىتىنى ئۆزىنىڭ ھالاكىتى دەپ بىلىدۇ.

مەسىلەن: «ئۇ ئۆزىنىڭ ھالاكىتىدىن كۆرە كېسىپ ۋەيران قىلىۋېتىلگەن توغراقلارغا چىدىمىدى، باشسىز جەسەتلەردەك دۈگدىيىشىپ تۇرغان توغراق كۆتەكلىرىگە قاراپ يۈرىكى ئېچىشتى، كۆزلىرىگە ياش كەلدى ...

ھۇ لەنىتى بەتبەختلەر، توغراق كەسكەن قوللىرىڭ قۇرۇپ كېتەر ئىلاھىم! توغراقنىڭ تېنىدىن ئاققان سۇ كۆزلىرىڭدىن ئاقار ئىگەكىم!... بوۋاي يۈگۈرگەندەك ئۇ يەرگە باردى، مۇدھىش مەنزىرە، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! ئۇ كېيىكنىڭ قانغا بويالغان بېشىنى ئاستا ئۆرۈدى، ھايات چېغىدا ئادەم قاراشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان ئاھۇ كۆزلەر قېتىپ قالغان، قارىچۇقىغا چىۋىن چىچىپ قۇرتلاپ كەتكەنىدى، ئۈچەي-قېرىنلارنىڭ ئۈستىدە بىر توپ چىۋىن گىژىلدىشىپ يۈرەتتى. بوۋاينىڭ كۆڭلى ئېلىشقاندەك بولۇپ، ئىچى قاتتىق ئېچىشتى، خۇددى بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ پاجىئەسىنى كۆرگەندەك چىدىيالماي قالدى، بۇ بىر قانلىق پاجىئە ئىدى، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى. بوۋاينىڭ كۆز ياشلىرى ئاپپاق ساقىلىنى بويلاپ سىرغىپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇرىغىنىچە ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. يالماۋۇز، قان ئىچەر يالماۋۇز! بۇ ئادەمنىڭ قىلىقى ئەمەس، ئادەم ھەرگىز بۇنداق يالماۋۇزلۇق قىلمايدۇ، خەپ، يولدا ماشىناڭ ئۆرۈلۈپ قان قۇسۇپ ئۆلەرسەن! ساقايماس قوتۇر كېسىلگە قالارسەن! كۆزۈڭدىن بىر ئۆمۈر قان-يىرىڭ ئاقار، ئىلاھىم!...»

ھاشىم چوڭ بوۋاي توغراقلىق بىلەن كېيىكلەرنى قوغداش يولىدا نۇرغۇن زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. نەپسى بالاسىدا خۇدىنى يوقاتقان تەلۋىلەرنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەزىللىكلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. ھەتتا ئاخىر ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەردە ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ يۇغۇرۇلمىسىدىن ھاسىل بولغان قىيامەتلىك رېئاللىقىمىزنى نەچچە قاتلىغان تىراگېدىيە ئايان بولىدۇ. ئاپتور قەلىمىدىكى بۇ تىراگېدىيە بىزنىڭ بۈگۈنىمىزدىكى مەسئۇلىيەتلىك قەلبلەرنىڭ تىراگېدىيەسى، رېئاللىقىمىزدا ئېرىشىش بىلەن يوقىتىش جەريانلىرىغا سىڭىپ كەتكەن تېڭىرقىغان روھىمىزنىڭ تىراگېدىيەسى ئىدى. ئىنسان بىلەن تەڭ ھالاك بولۇۋاتقان تەبىئەت ئانا ۋە

ئۇنىڭ قوينىدىكى جانلىقلار، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئىچىنىشلىق قىسمەتلىرىنى يورۇتۇپ بەرگەن تراگېدىيە ئىدى. ئەسەرنىڭ ئاخىرقى تۈگەنچىسىدىكى «بوۋاي ئىككىمۇك بولۇپ يەرگە يىقىلدى، شەپەق نۇرىدا يوپۇرماقلىرى قىزارغان توغراقلار خۇددى ئوت ئىچىدە كۆيۈۋاتقاندەك ھالەتتە ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قېتىپ قالدى.» مانا بۇ تەسۋىردە بوۋاي كۆزىدە ئاداققى ئارمان بولۇپ قېتىپ قالغان بۇ قىيالماسلىق، ئاشۇ ئاخىرقى توغراقلارغا، نەسلى قۇرۇپ كېتىۋاتقان بۇغا ـ مارال، كېيىكلەرگە بولغان قىيالماسلىق ئىدى. ئاپتور بۇ تراگېدىيەلىك خىلداشلىق بىلەن بىزنىڭ كۆز ـ ئۆڭمىزگە «بۆرە ئانا»، «ئاقساق بۇغا» تراگېدىيەلىرىنى قايتىدىن زاھىر قىلىپ، روھىمىزنى قاتتىق بىر قاقمىغا چۈشۈرۈپ، سىلكىنىش ئىچىدە سەگەكلىكىمىزنى تېپىۋېلىشقا چاقىرىدۇ.

ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قېتىپ قالغان بۇ كۆيۈش، ئاشۇ كۆيۈۋاتقان توغراقلىق دەل ئىنسانلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان كەلگۈسىمىزدىكى پاجىئەلىك كۆيۈشتىن بېشارەت ئىدى. بىز ئەسەر ئىچىگە ئىچكىرىلەپ كىرگىنىمىزدە، «كۆيۈك توغراق» ھېكايىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت كىرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنى يىغىنچاقلىغىنىمىزدا، قالايمىقان بوز يەر ئېچىش، نەپسانىيەتچىلىك، ئەنئەنىدىن ياتلىشىش، بىلىمسىزلىك، كىشىلەر ئارىسىدىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، مېھىر ـ شەپقەتنىڭ سۇسلىشىشى قاتارلىق بىر پۈتۈن ئادىمىيلىك پەزىلەتلىرىمىزدىكى كۆنسايىن كېمىيىپ كېتىۋاتقان بوشلۇقنى كونكرېت سۆز ـ ھەرىكەت ئىچىدە ۋايىغا يەتكۈزۈپ يورۇتۇپ بېرىدۇ.

ئەسەردە كىشىلەر بوز يەر ئېچىش ئۈچۈن نۇرغۇن توغراقلارنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇلار ئەڭ ئاخىرقى بىر پارچە توغراقلىقنىمۇ تىنىچ قويماي، توغراقلارنى كېسىپ، توغراقلىقتىكى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ، توغراقلىقنى تەلتۆكۈس قۇرۇتۇۋەتمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېرىشىش ئىشقىدىكى ئەسەبىيلىكى چېكىگە يېتىپ، ئىنسانىي كونتروللۇقىنى يوقىتىپ، ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھەتتا ئادىمىيلىكىنى ئۇنتۇپ، توغراقلىقنىڭ سادىق قوغدىغۇچىسى، بارلىقىنى تەبىئەتكە، ئاشۇ ئاخىرقى بىر پارچە توغراقلارغا ئاتىۋەتكەن تىكەندەكلا يالغۇز ھاشىم چوڭ بوۋاينى ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئاپتور يۇقىرىقىدەك بىر قاتار ۋەقەلەر ئارقىلىق قالايمىقان بوز يەر ئېچىش، نەپسانىيەتچىلىك، بىلىمسىزلىك قاتارلىق ئىللەتلەرگە بولغان تەنقىدىي پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويسا، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىلەرنى پايدا ـ مەنپەئەت ئۈچۈن ئادىمىيلىكنى، مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئۇنتۇپ قالماسلىققا چاقىرغان.

ئەسەردە ئېكولوگىيەلىك كىرىزىسنى پەيدا قىلىدىغان يەنە بىر تەرەپ ئەنئەنىدىن ياتلىشىش ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ئەزەلدىن تەبىئەتنى ئۇلۇغلايدىغان، تەبىئەت بىلەن دوستانە ھەمكارلىق ئىچىدە ياشاپ كەلگەن خەلق، قەدىمكى ئېپوسلار ۋە قىيا تاش رەسىملىرىدىمۇ تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش، تەبىئەت بىلەن ئېجىل ـ ئىناق ئۆتۈشتەك ئىلغار بولغان مۇھىت ئېڭى ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ ئەسەردىمۇ دەل مۇشۇنداق ئەنئەنىدىن ياتلىشىشنىڭ ئېكولوگىيەلىك كىرىزىس پەيدا قىلىدىغان مۇھىم سەۋەب ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

مەسىلەن: «توغراق دېگەن ئاجايىپ خاسىيەتلىك دەرەخ، مىڭ يىل تىك تۇرۇپ ياشايدۇ، يەنە مىڭ يىل يىقىلىپ ياشايدۇ، مىڭ يىل قۇمنىڭ ئاستىدا سېسىماي ياشايدۇ. مىڭ يىل دېگەن ئاز گەپمۇ!؟ نۇرغۇن بوران ـ چاپقۇن، ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن ئۆتكۈزىدىغان گەپ. شۇڭلاشقىمۇ ئۇلاردا بوۋا ـ موملىرىنىڭ سىماسى بار. ئادەمگە ھەر ۋاقىت غايىۋى كۈچ ئاتا قىلىدۇ. ئۇزاق تارىخنىڭ رىۋايەتلىرىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن نەرسىلىرىمىز توغراق بىلەن زىچ باغلانغان. بىراق، ھەي... ئادەملەر بۇزۇلۇپ كەتتى. جاھان بۇزۇلۇپ كەتتى، ھەممە نەپسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ كەتتى، مەنپەئەت ئۈچۈن ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى سېتىشتىنمۇ يانمايدۇ، بىردەملىك ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئۈچۈن ئەتىسىنىڭ ئۆلىنى كولايدۇ بۇ تۈزكورلار! ئۇلاردا ئازراق ئەقىل بولسىدى، پالتىنى توغراقنىڭ تېنىگە ئەمەس، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ روھى يىلتىزىغا چېپىۋاتقانلىقىنى بىلگەن بولاتتى.»

ئاپتور يۇقىرىقى بايانلىرى ئارقىلىق تەبىئەت ئېكولوگىيەسىنىڭ بۇزۇلۇشىنىڭ سەۋەبى ئادەملەرنىڭ تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش، ئاسراش ۋە قوغداش ئەنئەنىسىنىڭ سۇسلىشىش، ھەتتا يوقلىش گىردابىغا بېرىپ، مەنىۋى ئېكولوگىيەسىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان دېگەن قاراشنى قايىل قىلارلىق سىۋژىت ئىچىدە جانلىق، ئوبرازلىق يارىتىلغان ھاشىم چوڭ بوۋاي خاراكتېرى بىلەن يورۇتۇپ بېرىدۇ.

قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «كۆيۈك توغراق» ئېكولوگىيە تېمىسىغا بېغىشلانغان بىر پارچە مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ، مۇھىت كىرىزىسى كۈنسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەرنىڭ مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى ئويغىتىشنىڭ تەخىرسىزلىكىنى ھېس قىلدۇرغان بىر ياخشى ئەسەردۇر.

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى تىل ـ تولۇق كۇرس 2006 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى



# كروراندىن چىقتۇق، كرورانغا قايتىمىز

## (پەرھات ئىلياسنىڭ «كرورانلىق بالىلار» ناملىق رومانى توغرىسىدا)

تۇرسۇنجان ھېبىبۇللا

(1)

تالاي ئەسىرلىك تارىخىي مۇساپىلەر جەريانىدا، ۋاقىت قۇملۇقىغا قانچە چوڭقۇر چۆككەنسىرى، ئىلىم ساھەسىدە مەدەنىيەت كىملىكى، جۇغراپىيەلىك دائىرىسى مۇقىملىشىۋاتقان كروران ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر بارا-بارا مۇكەممەللىشىپ باردى. ئىلگىرىكى كروران ھەققىدە گۈزەل رىۋايەتلەرنى توقۇپ، ئۇزاققا سوزۇلغان زېرىكەرلىك ھايات مۇئەمماللىرىغا تەسەللى ئىزدەپ ياشاپ كەلگەن كرورانلىقلارنىڭ بۈگۈنكى مەدەنىي دۇنيادا ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرى «يېڭى ئەسىر»نىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە ئۆزى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا دۇچ كەلدى. ئۇلار يېڭى ئەسىر ھارپىسىدا نەشر قىلىنغان رۇس شەرقشۇناسى نىكولاي پرژېۋالىسكىينىڭ «لوپنۇرغا سەپەر»، فرانسىيەلىك گابرىل بونۋالوتنىڭ «ئادەمسىز جەزىرىنى كېسىپ ئۆتۈش»، شۋېتسىيەلىك سۋېن ھېدىننىڭ «كۆچمە كۆل» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن دۇنيا تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن ئۆتمۈشىنىڭ تارىخچىلار، ئارخېئولوگلار، سىياسىيونلار ۋە ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ ئەگمەچ قوللىرىدا قايتىدىن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىر مەھەللىك ھاياجانغا چۆمگەن بولدى. بۇ ھاياجان نۇرغۇن يوقىتىشلارنى ئۆزىگە بەدەل قىلغان ئۆزگىچە بىر ھاياجان ئىدى.

دەرۋەقە، 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 20- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى كروران خارابىسىنى مەركەز قىلغان ئېكسپېدىتسىيەلىك تەكشۈرۈشلەر نۇرغۇن ياۋروپالىقلارغا ئىلمىي ئاتاقلارنى تەقدىم ئەتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قالدۇرۇپ ئۆتكەن خاتىرىلىرى كروران ۋادىسىدا ياشاۋاتقان بۈگۈنكى خەلققە نىسبەتەن ھەسرەتلىك، ئاچچىق يادنامە سۈپىتىدە 21- ئەسىر ھارپىسىدىكى غەم-ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. بېسىپ بولغان قەدەم ئىزلىرىغا قارىسا، ئەپسانىلەرگە كۆمۈلگەن، تارىخ بىلەن رىۋايەتلەر يۇغۇرۇلۇپ بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن قايتىلانماس ئۆتمۈش. ئۆزلىرى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرىلەرگە قارىسا، ئەجنەبىيلەرنىڭ كەمسىندۈرۈش خاراكتېرىنى ئالغان ھەر خىل باھا ۋە مۇلاھىزىلىرى، ئالدىغا قارىسا، يېڭى ئەسىرنىڭ سىناق ۋە تەخىرسىزلىككە تولغان رەھىمسىز رىقابىتى...

ئەمما، بىر نەرسە ئېنىق ئىدىكى، كرورانلىقلارنىڭ تاپىنى تېگىپ تۇرغان بۇ تۇپراقتا، مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ تالان-تاراج قىلىنىشىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە قانداق سىياسىي، ئىجتىمائىي سۈيىقەستلەر يوشۇرۇنغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ساقال- بۇرۇتلىرى قويۇق ۋە بەستلىك كەلگەن قەدىمكى كرورانلىقلار چەكلىك بوستانلىقلار بىلەن

چەكسىز قۇملۇقلارنىڭ ئۆزئارا تىركىشىشىدە، پەسىللىك دەريا ـ ئېقىنلار بىلەن يىراقتىكى قارلىق تاغلارنىڭ ئۇلانما مۇناسىۋىتىدە، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكىدە ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىي مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى. [1]» بۇ يەرگە ھەرگىزمۇ خۇددى سۋېن ھېدىنىنىڭ: «ئەمدى بۇ يەردە كارۋانلار قايتا كۆرۈنمەيدۇ. قاتار تىزىلىپ ماڭىدىغان تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرىمۇ ياڭرىمايدۇ. پوچتا ھارۋىلىرى بىلەن ئاتلىق يولۇچىلارنىڭ ئاياغ تىۋىشلىرىمۇ ئاڭلانمايدۇ. ئىلگىرىكى ھەممە كۆرۈنۈشلەر بىر ـ بىرلەپ غايىب بولدۇ. شۇنداق، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ سۇر ـ ھەيۋىسى بىلەن ماشىنا، تېخنىكىلارنىڭ سۈرەن ـ چۇقانلىرى يېقىن كەلگۈسىدە بۇ يەردىن تارىخنىڭ سېھرىي كۈچىنى ۋە شېئىرىي تۇيغۇسىنى كەلمەسكە ئېلىپ كېتىدۇ.[2]» دەپ چىقارغان يەكۈنىدەك زاۋاللىققا يۈزلەنگەن ئاددىي بىر ئېتنىك تەركىبنىڭ سىدام ھايات كارتىنىسى دەپنە ئېتىلگەن ئەمەس ئىدى. ئۇلارنىڭ مەيلى قۇم دەھشىتى سەۋەبلىك ۋاز كەچكەن كۆچۈم ـ كۆچۈم مەھەللىلىرى بولسۇن، مەيلى نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى قۇم ئاستىغا كۆمۈلۈپ، كېيىنكى كۈنلەردە ھەرخىل نام بىلەن قايتىدىن قېزىۋېلىنغان خارابىلىرى بولسۇن، مەيلى قايتىدىن بەرپا قىلغان ھاياتلىق چەمبىرىكى بولسۇن، ھەممىسىگە كىرورانلىقلارنىڭ مېھىر ـ مۇھەببىتى سىڭگەنىدى. «ئاشۇ ئۇزاق جەرياندا، ئۇلار نۇرغۇن مىللەتلەر ۋە ئېتنىك تۈركۈملەر بىلەن ئۇچرىشىپ، ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان ئىرقىي خۇسۇسىيەتنى ھەمدە مەركىزىي ئاسىيا ئىنسان تۈركۈملىرىگە خاس قان تىپىنى ھاسىل قىلغانىدى. [3]» تېخىمۇ ئېنىقنى دېگەندە، ئۇلار ئۆز مەدەنىيىتىگە بولغان كۈچلۈك ۋارىسچانلىق ۋە ھەقدارلىق تۇيغۇسىغا ئىگە ئىدى.

ئۇلار تەبىئەتنىڭ سىرلىق قوينىدا ئەللەيلىنىپ، ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىپايان زېمىنىنى توختىماي سېھرلەيتتى. يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىلىرىغا ياندىشاتتى. مىللەت ئېڭىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدىغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت، تارىخنىڭ ھەر بىر دوقمۇشلىرىدىكى بۇ خەلقنىڭ چىن ئىنسانىي تىنىقلىرىدىن ئوزۇق ئېلىپ گۈللەپ ياشنايتتى. ئادەملەرنىڭ مەنىۋىيىتى مىسلىسىز جانلىناتتى. ئۇلار ئۈچۈن كىروران تېمىسى ئانا تېما ئىدى. كىروران تېمىسىغا قايتىش ھاياتلىققا قايتىش بىلەن باراۋەر ئىدى. كىروران ۋادىسىدىكى تىنىمسىز يۆتكىلىپ تۇرىدىغان كۆچمە كۆل؛ ئۇزۇنغا سوزۇلغان، قۇرۇپ كېتەيلا دەپ قالغان غېرىب دەريالار؛ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، تۇيۇقسىز غايىب بولىدىغان خارابىلەر، غايىۋى شەھەرلەر؛ ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى، ئۇزۇن كەتكەن تۆگە كارۋانلىرى؛ قۇملۇقلارنىڭ ئەتراپىغا يۇلتۇزلاردەك تارالغان بوستانلىقلار، بوستانلىقلارنى ئاۋات قىلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىقلار؛ كۈندىلىك تۇرمۇشدا ئۇچرىشىپ زېرىكمەيدىغان كۆل، قومۇش، قېيىق، قارماق، ساتما، بېلىق ۋە مەززىلىك بېلىق كاۋىپى پۇرىقى... قاتارلىقلار ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئەبەدىيلىك ماتېرىيالى سۈپىتىدە قۇم ئاستىدا ئۇيقۇغا كەتكەن شانۇ ـ شەۋكەتلىك خاندانلىقتىن زېمىنىنىڭ تومۇرلىرىغىچە، ئۆزىنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىدەك مۇۋازىنەتنى ساقلاپ كەلگەن سوغۇق قان تەبىئەتتىن كېلەچەككە تۇتاشقان ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغىچە؛ ئىنسانىيەتنىڭ سەممىي ئۇمىدى جەملەنگەن سەبىي باللاردىن ۋۇجۇدىغا ھايات تەجرىبىلىرىنى جەملىگەن قاۋۇل، بەرجەس ئاتىلار، تارىخنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە رېئاللىق بىلەن سىردىشىۋاتقان بوۋاي ـ موماي لارغا قەدەر ھەممىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى زىلزىلىگە سېلىپ كىشلەرنى ساغلام تەپەككۇر قىلىشقا ئۈندەيتتى.

دېمەك، كىروران تېمىسى ئېغىز ئەدەبىياتىمىز ھەم يازما ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئانا تېمىسى، مەڭگۈلۈك قايتىش تېمىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەر خىل ژانىر ۋە شەكىللىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. كىروران خاتىرىسىگە ئاتالغان تالاي نەزمىلەر سازلارنىڭ نازۇك تارلىرىغا زەخمەك ئۇردى. يېقىملىق قوشاقلار ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ئوقۇلۇپ كەلدى. ئۆتمۈش، ھازىر، كېلەچەك كېسىشمىسىنى ئۆزىگە پاسىل قىلغان نۇرغۇن ھازىرقى زامان چۆچەكلىرى يېزىلدى. مىننەتسىز مېھنەتكەشلەرنىڭ ھارماس قەلەملىرى ئۆچمەس تەزكىرە ـ تارىخلارنى پۈتتۈپ ئۆلگۈردى. ئەدەبىيات بىلەن خەلقنىڭ ۋۇجۇدىنى زەرەتلەش ئۈچۈن قولىغا قەلەم ئالغان ھەرقانداق ئەدىبنىڭ ھېس ـ ھاياجىنى «كىروراندىن چىقىپ يەنە كىرورانغا قايتاتتى»...

بۇ خەلققە ئەدەبىيات شۇ دەرىجىدە مۇھىم ئىدى. ئەدەبىيات بىلەن ھاياتنى خاتىرىلەيتتى. ئەدەبىيات بىلەن ئۆزىگە تەسەللى تاپاتتى. ئەدەبىيات بىلەن مەدەنىي ھاياتنىڭ تۈرلۈك ھالقىلىرىنى بېزەپ، پانىي دۇنيادىكى تەقدىر ئاتا قىلغان كەچمىشلىرىدىن ھۇزۇرلىناتتى. ھەتتا خەلقنىڭ بىر ئەسىرلىك ئىجتىمائىي، تارىخىي، سىياسىي ۋە

مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى غوللۇق مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەتقىقاتقا يول ئالغان ھەرقانداق بىر ئىلىم ساھىبىمۇ ئۆزىگە لازىملىق ئىلمىي دىتاللارغا ئېرىششتە يەنىلا خەلق ياراتقان ئەدەبىيات سەھىپىلىرىگە مۇراجىئەت قىلماي ئامالى يوق ئىدى.

قىسقىسى، ئۇزاق تارىختىن ھاياتلىق قەدىمىنى بۇگۈنگە ئۇلىغان خەلقىمىزنىڭ روھىي كەچۈرمىشلىرى ۋە مەدەنىيەت تىنىدۇرمىلىرى يازما ئەدەبىياتىمىزدا ئەكس ئەتمەي قالمىدى. دېموكراتىك ئىدىيەلەر بىلەن قوراللانغانلىقى، شەكىل جەھەتتىن كۆپ خىللىقتا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى، كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن مەزمۇن ۋە تىل جەھەتتىن ئېنىق پاسىل ئاجراتقانلىقى، ئىپادىلەشتە ئەركىن يول تۇتقانلىقىدەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك خاھىشلىرىنى ئىپادە قىلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تېما ۋە ئەكس ئەتكۈزۈش ئوبيېكتى جەھەتتىن كۆپ قىرلىقلىقتا ۋە كۆپ قاتلاملىقتا قاراپ تەرەققىي قىلدى. يازما ئەدەبىيات تارىخىمىزدا بوش قالغان، ئېتىبارسىز قارىلىپ كەلگەن، ھەتتا ژانىر جەھەتتىكى تەرەققىياتىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان بەزى مۇھىم ساھەلەردىمۇ ئادەمنى خۇشال قىلارلىق نەتىجىلەر مەيدانغا كەلدى. «بالىلار ئەدەبىياتى ژانىرى، بولۇپمۇ «ئۇيغۇر بالىلار پىروزىسى» نىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىزنىڭ يۇقىرىقى يەكۈنىمىزنى دەلىللەيدۇ.

ئۇنداقتا بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا نېمىشقا بۇ ژانىرنى تەرەققىي قىلدى دېيىش مۇمكىن؟

شۈبھىسىزكى، ئۇيغۇر بالىلار پىروزىسى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىلىپ، سان جەھەتتىن بىپىپلا قالماستىن، يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ تېماتىك ئىدىيەسى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەبەدىيلىك ئانا تېمىلىرىغا قايتتى. بالىلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش غوۋغالىرى چەمبىرىكىدىن ھالقىپ، ئۆزلۈكىنى تونۇش، ئىنسان بىلەن تەبىئىي ئېكولوگىيەلىك مۇھىت ئوتتۇرىسىدىكى كۆرۈنمەس مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەش، مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى دۇنياۋى بىردەكلىك مۇھىتىدا ئۆزىنىڭ مەدەنىيەت كىملىكىنى نامايان قىلىش... تەك چوڭ تېمىلارغا باغلاندى.

بىز كلاسسىكلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، بالىلار تەربىيەسىگە ئائىت نەسىھەتلەرنى ئۇچرىتالىساقمۇ، لېكىن «قۇتادغۇبىلىك»تىكى بالىلارنى قانداق تەربىيەلەشكە دائىر بايانلار، «دىۋانى لۇغەتىت تۈرك»تىكى ماقال-تەمسىللەر، قىسمەن بالىلار قوشاقلىرىدىن باشقا مەخسۇس بالىلارغا بېغىشلانغان ئەسەرلەرنى تاپالماسلىقىمىز بىزنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. «تاكى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر، بالىلار بۇنداق ئەسەرلەرنى ئۆزلىرى بايقاپ، ئۆزلىرىنىڭ ئېستېتىك ئىنتىلىشلىرىگە ئاساسەن بالىلار ئەسەرلىرىنى تېپىپ كۆرگەن، ھازىرقىغا ئوخشاش مەخسۇس بالىلار ئۈچۈن تاللاپ، تەييارلاپ يېزىپ بېرىدىغان، كلاسسىك ئەسەرلەردىكى ئۇلارغا ماس كېلىدىغان مەزمۇنلارنى، ئوبرازلارنى ئۆزگەرتىپ يېزىپ بېرىدىغان ئەھۋالمۇ مەۋجۇت بولمىغان. [4]» پەقەت 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە ياۋروپادا يۈز بەرگەن تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ غايەت زور نەتىجىلىرى، تۈرلۈك شەكىلدىكى دېموكراتىك ھەرىكەتلەر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىتىزمنىڭ تەسىرى، ئەۋلاد تەربىيەلەش ئىستەكلىرىنىڭ ھەسسىلەپ كۈچىيىشى ئۇيغۇرلاردا بالىلار ئەدەبىياتى ژانىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە ئىلغار، مەرىپەتپەرۋەر تېمىلاردا ئىجادىيەت ئېلىپ بېرىشنى تەخىرسىز ئىجتىمائىي ھادىسىگە ھەم ئەدەبىيات ھادىسىسىگە ئايلاندۇردى.

دېمەك، 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن ھېسابلىغاندىمۇ ئاز كەم يېرىم ئەسىرلىك تارىخىي باسقۇچتا، بالىلار ئەدەبىياتى نۇرغۇن ئەگرى-توقايلىقنى باشتىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ تېگىشلىك ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ كەلدى. ھەتتا كۈنىمىزگە كەلگەندە نۇرمۇھەممەد توختىنىڭ «چۆل ئوغلى»، جاسارەت جاپپارنىڭ «ياغاچ قولاق»، پەرھات ئىلياسنىڭ «كرورانلىق بالىلار »ناملىق پوۋېست، رومانلىرى نەشر قىلىنىپ، ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ خېلى يۇقىرى سەۋىيە ياراتقانلىقىدىن نىشانە بەردى. شۇڭىمۇ كېسىپ ئېيتىش كېرەككى، بالىلار پىروزىچىلىقىنىڭ يېڭى ئەسىردىكى قىياپىتى تولىمۇ ئۆزگىچە ۋە يېڭىچە بولدى. «ئۆزىنىڭ ئېڭىدىكى ھەر بىر پارلىنىش دەقىقىلىرىدىكى ئاشۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى ساددا پېتى زاھىر قىلىپ ھەمدە مۇشۇ ئارقىلىق يېڭىچە ئىپادىلەش يولىنى ئىزدەيدىغان[5]» پەرھات ئىلياسنىڭ «كرورانلىق بالىلار» ناملىق رومانىنى يۇقىرىقى پىكىرلىرىمىز نۇقتىسىدا يۈكسەك پەللە ياراتقان دەپ باھا بەرسەك، مېنىڭچە ئارتۇقچە بولماس.

قېنى بىزمۇ پەرھات ئىلياسنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى كروراندىن چىقىپ ئۆز دىيارىنىلا ئەمەس، پۈتۈن دۇنيانى ئايلىنىش ئىستىكىگە چىرمالغان، تالاي كەچمىشلەرنى باشتىن

كەچۈرۈپ يەنە كرورانغا قايتقان سۆيۈملۈك باللارغا ئەگىشىپ، ئۇلار بىلەن سىردىشىپ باقايلى...

(2)

«ئۇلار ئۆردەك بوۋاينىڭ يايپىشىل توغراق، چوغدەك تاۋلىنىپ تۇرغان يۇلغۇنلار بىلەن پۈركەنگەن ھەيكىلى ئەتراپىدا خېلى ئۇزاق ئوينىغاندىن كېيىن ئۆيگە قايتىشتى... [6]» رومان شۋېتسىيەلىك دۇنياغا مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيەچى سۋېن ھېدىنغا كروران خارابىلىكىدە ئاخىرقى قېتىم يول باشلىغۇچى بولغان ئۆتمۈشنىڭ گۇۋاھچىسى، تارىختىكى رېئال شەخس كۆنچىققانبەگنىڭ ئوغلى ئۆردەكنىڭ ھەيكىلى توغرىسىدا بېرىلگەن سىدام تەسۋىرىدىن باشلىنىدۇ. گەرچە دەسلەپىدىلا بۇ تەسۋىرلەر بىزنى مەقسەتسىز بېرىلگەندەك بىر تەسىراتقا كەلتۈرۈپ قويغاندەك قىلسىمۇ، لېكىن ئارقىدىنلا كۆز ئالدىمىزغا زاھىر بولىدىغان تۈيغۇن، زۇمرەت، ئايچەش، تۇرگۈن قاتارلىق تۆت كرورانلىق بالىنىڭ ئۆردەك ھەيكىلى ئالدىدا قىلىشقان، ھازىرقى زامان مائارىپىمىزنىڭ تۇرلۇك تەلەپلىرىگە ياندىشقان دىئالوگلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى مەقسىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلغاندەك بولىمىز. بۇ باللار مائارىپىمىزنىڭ تەبىئەت بىلەن ئارىلىقنىڭ يىراقلىقى سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن بىر چاكىقالىقنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇلار كروران ھەققىدىكى غارايىباتلار بىلەن ئاۋۇنغان چۆچەكلەرگە ۋە ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەتنىڭ مۆجىزاتلىرىغا ئېچىكىرىلەپ كىرىشكە باشلايدۇ. «پايانسىز توغراقزارلىقلار ئۇلارغا تېخىمۇ سىرلىق ھەم قىزىقارلىق تۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. يىراقتا غىل-پال كۆرۈنۈپ تۇرغان كۆنچى دەرياسى، دەريا بويىدىكى ئېتىزلار، كۆللەر، توپ-توپ ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلار، يەنە يىراقلاردا بۇ گۈزەل بوستانلىقنى خۇددى بۇغىلارنى ساقلاپ مۆكۈنۈپ ياتقان شىردەك كۆرۈنىدىغان قۇم بارخانلىرى... بۇلارنىڭ ھەممىسىلا خۇددى ساماۋى چۆچەكلەردىكىدەك ئۇلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ. [7] » ھايال ئۆتمەي ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانىۋارلار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى چوڭ بولغان ھايات-ماماتلىق كۈرەشنىڭ شاھىتى بولىدۇ. بۇ كرورانلىق باللار قەدىمدىن تارتىپلا «زېمىن نەپەسلەنسە، بىزمۇ نەپەسلىنىمىز، زېمىن نەپەسلەنمىسە، بىزنىڭ ھاياتىمىزمۇ ئاخىرلىشىدۇ» دېگەن ئەقىدىنى ئۆزىگە مىزان قىلىپ كەلگەن بىر پۈتۈن سۈرۈك مىللەتنىڭ پەرزەنتى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار تەبىئىيلا ئۇۋۇسىدىن چۈشۈپ كېتىپ، يىلانغا يەم بولۇش ئالدىدا تۇرغان، تېخى سىرىق تۈكمۇ چىقمىغان قاغا بالىسىنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. بۇ جەريان تەبىئەت دۇنياسىدىكى جانلىقلارنى پەقەت تېلېۋىزوردىكى «ھايۋانات دۇنياسى» پروگراممىسىدىن كۆرۈپ ئادەتلەنگەن بۈگۈنكى باللار ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ بېرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، كرورانلىق باللار بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى يىرىكلىك يۇمشاشقا، ماكان ئارىلىقى بارا-بارا كىچىكلەشكە باشلايدۇ. باللارنىڭ تەبىئەتكە قىلغان بىر قېتىملىق مىننەتسىز شاپائىتى ئويلىمىغان يەردىن ئۇلارنىڭ بېشىغا «ئامەت قۇشى»نى قوندۇرىدۇ. خۇددى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى «ئۇر توقماق» چۆچىكىدە تەسۋىرلەنگەن ھېلىقى «بەخت-سائادەت ئەكەلگۈچى» قاغا قايتىدىن تىرىلگەندەك، باللارنىڭ ئالدىغا ئالتۇن تاج تاقىغان بىر قاغا ئۇچۇپ كېلىپ، بالىسىنى قۇتقۇزۇۋالغىنىغا رەھمەت-تەشەككۈرىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلارغا «تۆت ئەڭگۈشتەر» سوۋغا قىلىدۇ. بۇ ئەڭگۈشتەرلەر ئىسمى جىسمىغا لايىق كارامەتلىرى بىلەن باللارنى ماكان-زاماندىن ھالقىتىپ، ئاجايىپ ئېسىل، مەنىلىك ئارزۇ-ئۈمىدلەر بىلەن تولغان خىيالىي دۇنيانىڭ تىزگىنىنى باشقۇرىدىغان، ھاياتلىق تېپىشماقلىرىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان خاسىيەتلىك ئاچقۇچىنى بۇ «كەپسىز ئەمما ئەقىللىق، سەل تاۋى نازۇك، ئەمما زېرەك، سەل جاھىلراق، ئەمما چېچەن» باللارنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. باللار خۇددى ئۇزاق مەزگىللىك سەۋر-تاقەتتىن كېيىن، يەتتە ئىقلىمنى ئايلىنىشنىڭ «يول خېتى»گە ئېرىشكەن چاكىقاق سەيياھقا ئوخشاش كروران ۋادىسىدىن يولغا چىقىدۇ.

بىزنىڭ رومانىنىڭ بوسۇغىسىدىلا ئېرىشىدىغىنىمىز «بېشىنى ئوقۇپ بولغۇچە ئاخىرىنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان» قۇرۇلمىدىكى ئاددىي بايان بولماستىن، بەلكى «ئەمدى بۇ باللار نېمە ئىشلارنى قىلار؟ »دېگەن بىر قىزىقسىنىش، تەقەززالىق تۇيغۇسى بولىدۇ. چۈنكى، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى كۆرمەكچى بولغىنىمىز ھەرگىزمۇ ئەقلىيلىكى كامالەتكە يەتكەن پەيلاسوپ، دۇنيا تەرتىپىنى ئالقىنىدا! ئويان-بۇيان قىلىپ ئوينايدىغان سىياسىيون ياكى دۇنيا ئىقتىسادىي كرىزىسىنى ھەل قىلىشقا تەمشىلىۋاتقان ۋال-ستىرىت كوچىسىدىكى كاتتا باي ئەمەس. پەقەت تولىمۇ ئاددىي ياشاش ئەندىزىسىگە ئىگە، ئېغىزىدىن تېخى سۈت تەمى

كەتمىگەن، ۋۇجۇدىغا باللارنىڭ جىمى شوخلۇقلىرىنى، غەلىتە قىلىقلىرىنى، ئادەم ئەقلى يەتمەيدىغان فانتازىيىلىك خىياللارنى جەملىگەن ئاق كۆڭۈل، سەممىي باللار. بىز روماننىڭ دەسلەپكى دىتاللىرىدىن بۇ نۇقتىدا يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ روشەنلىكلەرگە ئېرىشىمىز. باللار «تۆت ئەڭگۈشتەر»نى قولغا ئېلىپ قىلغان تۇنجى سەپىرىدە، «باللىقنىڭ شەيتىنى»نىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، باللىق خاراكتېرىنىڭ ئاجىزلىقى ئېلىپ كەلگەن سەۋەنلىكلەرنىڭ ئىجراچىسىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. كۆز ئالدىمىزدا ئۆزىنى كۆرسىتىش، باشقىلارنىڭ بەختسىزلىكىگە تاماشىبىن بولۇش، باشقىلاردا قېلىپ قالغان ئۆچىنى ئېلىۋېلىش، باشقىلارنى كولدۇرلىتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىش... دېگەنىدەك يېتەرسىزلىكلىرى بىلەن «قولىدىكى مىسران قىلىچنى چامغۇر ئاقلاشقا ئىشلىتىۋاتقان» سەلبىي تىپلار زاھىر بولغانىدەك قىلىدۇ. ئەمما، روماندىكى مەنىسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىكلەرنى تەڭشىگۈچى كۈچ «قاغا» تەرىپىدىن باللار ئاخىر «خاتا قىپتۇق، بىزنى كەچۈرگىن» دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار ئەقلىيلىككە قايتىدۇ. دەرسخانىدىكى چوڭقۇر قېتىپ كەتكەن، ئابستراكت تەربىيەلەر ئىچىدە ئىچى سىقىلىپ، ھەقىقىي ئادىمىيلىك تەربىيەسىنىڭ تەبىئىيلىكىنى سېغىنغان باللارنىڭ ۋۇجۇدىدا ياخشىلىق بىلەن يامانلىق، ئىنسانىي كۆيۈم بىلەن قارا نىيەتلىك، گۇناھ تۇيغۇسى بىلەن پاكىزلىق، قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن زالىملىق، ئىستىبداتلىقنىڭ ۋاباسى ئارىسىدىكى ئەخلاقىي ئۆلچەملەر تەبىئىيلا بىخلىنىشقا باشلايدۇ. باللار ئەمدى ھاياتنى قايتىدىن باشلايدۇ، قايتىدىن ياشايدۇ، ياشىغاندىمۇ مەرىپەت بىلەن ياشاشقا باشلايدۇ. ئۆزلىرى ھېس قىلغان، ئۆزلىرى چۈشەنگەن مەرىپەتنى كروراندىن باشلانغان سەپىرىگە «يول باشلىغۇچى» قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەقىقىي مەنىدىكى سەپەر باشلىنىدۇ.

بىز ئىككىنچى قەدەمدە روماننىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن تونۇشۇشقا باشلايمىز. باللار خاسىيەتلىك ئەڭگۈشتەرلەرنىڭ ياردىمىدە بارلىق سەپەرنىڭ سەۋەب-نەتىجىلىك جەريانىغا تولۇق رېژىسسورلۇق قىلىدۇ. ئۇلار تۇرگۈننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇلغان «تىلتاش» ئارقىلىق كائىناتتىكى جىمى مەۋجۇداتلار بىلەن بىمالال سۆزلىشىپ، تەبىئەتنىڭ سىرلىق ئوردىلىرىدىكى سۆھبەتلەرگە داخىل بولسا، تۇيغۇنغا تەقسىم ئېتىلگەن «نوقۇت» بىلەن نېمىنى خىيال قىلسا شۇنى كۆز ئالدىدا ھازىر قىلىپ، سەپەر جەريانىدا دۇچ كەلگەن كۆللى مۇشكۈللەردىن خالاس بولىدۇ. زۇمرەتكە تەقدىم ئېتىلگەن سائەت بىلەن باللار ماكان، زامان سىرتىماقلىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن قۇتۇلۇپ، خام خىيالدىكى دۇنيا بىلەن رېئاللىقنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىدۇ. ئاخىرىدا ئايچەشكە ئېشىپ قالغان بىر جۈپ ئۆتۈك «تەپكەك باتۇر» بىلەن ئۇلار ئۆزى ئىنتىلگەن ئادالەتلىك دۇنيا تارازىسىنىڭ چۆۋۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇلار شۇ ماڭغانچە كروران قاغانىنىڭ مەلىكىسى ئايچېچەكنى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ. «كروران بويىدىكى جەڭ»گە قاتنىشىدۇ. كروران ۋادىسىدىكى توغراقلار بىلەن ئورتاقلىشىدۇ. ھايۋاناتلار بىلەن مۇڭدىشىدۇ. «قومۇشلار ئاكادېمىيەسى»دىكى «دانالار» بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولىدۇ ھەم ئۇلارنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئۈستىدە مۇڭلىنىدۇ. ئۇلار كرورانىنى خىيالىي دۇنياسىدا قايتىدىن قۇرۇپ چىقىدۇ.

ئۇلار بىردە ئىلى ۋادىسىغا بېرىپ دەردمەنلەرنىڭ دەردىگە شىپا بولسا، بىردە كۇسەنگە بېرىپ «بالىمانچى قىز»نىڭ قىسمىتىگە شېرىك بولىدۇ. بىردە ئاتۇشقا بېرىپ ئەنجۈر سېتىپ، «ھالال ئەمگىكى»نىڭ مېۋىسى بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامداۋاتقان باللارغا قايىل بولسا، بىردە «نورۇز خۇشاللىقى»دا مەھمۇد كاشغەرىي بوۋىمىزنى نورۇزنامە ئوقۇتۇپ، ساياھەتنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرىدۇ.

ئاپتور روماندا يەنە باللارنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن ھالقىغان «تەتۈرلەر شەھرى»نى بەرپا قىلىپ، ئادەمنى يا كۈلەلمەيدىغان، يا يىغلىيالمايدىغان ھالەتكە ئەكېلىپ قويىدۇ. نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىدا جان تالىشىۋاتقان «تارىم يولۋىسى»نى قۇملۇق ئېكولوگىيەسىدە قىينىلىۋاتقان ياۋايى ھايۋانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى سۈپىتىدە قاتتىق سېغىنىدۇ. قەدىمىي ئۇدۇملارغا بولغان ئوتتەك ھېرىسمەنلىك بىلەن «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دەپ كۆككە قاراپ تەشەككۈرنى بىلدۈرۈۋاتقان ئۆزگىچە كۆرۈنۈشلەرنىڭ شاھىتى بولىدۇ. كرورانلىق باللار ھېلى باغدا سەيلە قىلسا، ھېلى تاغدا سەيلە قىلىدۇ. ھېلى دەھشەتلىك دېڭىز-ئوكيانلاردا ئۈزسە، بىردەمدىلا چەكسىز كەتكەن قۇملۇقلاردا خىلمۇخىل ھايات قىسمەتلىرىگە دۇچار بولىدۇ. ئۇلار بارمىغان ئۆتمۈش ھەم كېلەچەك قالمايدۇ.

بىز روماننى ئوقۇپ ئاخىرقى بۆلەكلىرىگە ئۆتكەن

چىقىمىزدا، «كرورانلىق بالىلار»نىڭ قولىدىكى تۆت ئەڭگۈشتەر بىلەن ئۆزى تەۋە بولغان مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، دۇنياۋى مەدەنىيەتلەر قوشۇلمىسىدىن ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك ئورنىنى تەخمىن قىلماقچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز ھەم بىز يازغۇچىنىڭ بۇ يىراقنى كۆرەر ئىستىبداتىغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. كرورانلىق بالىلار دۇنياۋى مەدەنىيەتلەر قاتارىدا كاتتا مۆجىزە ھېسابلانغان «كارىز»نى، ھەر ئىقلىملاردىن كەلگەن ئالىملارغا تونۇشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن دۇنخۇاڭغا بارىدۇ. دۇنخۇاڭدىكى «17-نومۇرلۇق» كېمىردىن مەدەنىيىتىمىزنىڭ بۇددا دىنىغا تەۋە قاتلاملىرىنى بىر-بىرلەپ سايقالاپ چىقىدۇ. ئۇلار كۆرۈشمىگەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ پىركالان «شائىرچاق»لىرى قالمايدۇ. ياپونىيەگە بېرىپ «كروران مەلىكىسى» توغرىسىدىكى يىغىنلاردا ئۆزىنىڭ سېھرىي كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ، يىغىن ئەھلىنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدۇ. ھەتتا كۆرمىگەن «دېسنىي باغچىسى»، كۆرۈشمىگەن ياپونىيە قونچاق فىلىمىدىكى «ئەقىللىق يىشۇ»لار قالمايدۇ. ئارقىدىن «فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسى»نىڭ تەكلىپى بويىچە داڭلىق دۇنخۇاڭشۇناسلار، تىلشۇناسلار، تۇرپانشۇناسلار، كرورانشۇناسلار، ئارخېئولوگلار قاتناشقان سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئىلىم ساھەسىدىكى قاراڭغۇلۇقلارنى يورۇتۇپ، كاتتا مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ. گېرمانىيەنىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدىكى «مىڭئۆيلەرنىڭ نالىسى»غا قۇلاق سالىدۇ. قۇلاق سالىدۇلا ئەمەس، ئۇلارنى ئانا ۋەتەننىڭ تۇپرىقىغا ئېرىشىشتەك مۇراد-مەقسىتىگە يەتكۈزىدۇ.

ئۇلار رومانىنىڭ ئاخىرقى قىسمىدا بالىلىقنىڭ باش-ئاخىرى چىقماس ساددا خىياللىرىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ، ئاندېرسېننىڭ تۇرالغۇسىغا بارىدۇ. «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا كەپسىز بالىلار ئېلىپ قېچىپ كەتكەن بىر پاي كەشىنى تېپىپ بېرىدۇ ھەم چۆچەكنى بۇگۈنكى دەۋر غايىلىرى بىلەن تېخىمۇ جۇلالاندۇرىدۇ. چۆچەكنىڭ رېئاللىقنى قايتىدىن توقۇپ چىقىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئافرىقا قىتئەسىدىكى «سەھرايى كەبىر چۆلى»نىڭ شەكىللىنىش تىراگېدىيەسىنى بىلىدۇ. مېكسىكا كارتون فىلىمى «ئامبگو ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى»دىكى ئامبگو بىلەن ئۇچرىشىدۇ. ھەتتا كرورانلىق بالىلارنىڭ قەدىمى يەتمىگەن شىمالىي مۇز ئوكياندىكى ئېسكىموسلارنىڭ مۇز ئۆستىدىكى كەپىسىمۇ قالمايدۇ. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئاندىس تاغ تىزمىسىدا ئىنكا خانلىقىنى قۇرغان ھەم پارلاق مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئىندىئانلار ئارىسىدا كۈنگە چوقۇنىدىغان قەدىمىي خەلق ئىنكالار ھەققىدە ساۋاتقا ئىگە بولىدۇ.

بىز رومانىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدە تۆۋەندىكى قۇرلارنى ئۇچرىتىمىز. «ئۇلار ئاخىر ئۆردەك بوۋاينىڭ ھەيكىلى يېنىغا قايتىپ كېلىشتى. بۇ يەرگە كېلىپ توغراق، يۇلغۇن، سۆكسۆكلەرنى كۆرۈپلا ئايچېچەكنىڭ بۇرنىغا يۇرتىنىڭ ھىدى پۇراپ كەتتى ...[8]»

ئۇلار كروراندىن چىقىپ باشلىغان سەپىرىنى كرورانغا قايتىپ ئاياغلاشتۇرىدۇ. ئۆردەك بوۋاينىڭ ھەيكىلىنى تىرىلدۈرۈپ، خارابىلەرگە قايتىدىن سەپسالىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىدە «تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن سۇلار تارىم دەرياسى، چەرچەن دەريالىرى ئارقىلىق لوپنۇر كۆلگە قۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. لوپنۇر كۆلى خۇددى تۆت مىڭ يىل ئاۋۋالقىغا ئوخشاش سۇغا لىق تولۇپ، قىرغاقلىرىدا يەنە قومۇش، يېكەنلەر، يۇلغۇنلار ئۆسۈشكە، خۇددى ئۆلۈكلەرنىڭ سۆڭەكلىرىدەك ئاقىرىپ ياتقان توغراقلاردىن يۇمران بىخلار شۇڭ تارتىشقا باشلايدۇ... [9]» بالىلار ئۆزىنىڭ گۇناھىنى تونۇپ، قايتىدىن باشلىغان سەپىرى ئاياغلاشقىچە رايون ھالقىغان، مەدەنىيەت ھالقىغان بىر مۇھىت ئىچىدە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى سۆيىدۇ. پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىنى قەدىرلەيدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە قايتىدۇ. مانا بۇ ئەسەرنىڭ پۈتۈن قۇرۇلمىسى سۆرەپ مېڭىۋاتقان ھەقىقىي مەنىدىكى «كروراندىن چىقىپ، كرورانغا قايتىش»تۇر.

(3)

بىز رومانى ئوقۇپ بولۇپ چوڭقۇر خىياللارغا غەرق بولىمىز. تۇيۇقسىز رومانىدىكى تۆت پېرسوناژنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ قالغۇمىز كېلىدۇ. بۇ ئوماق «شۇمتەكلەر»نىڭ ئالەمشۇمۇل قىلىقلىرىغا «ھەسەت» قىلغۇمىز كېلىدۇ. ئۆز-ئۆزىمىزگە «بالىلىقنىڭ باش-ئاخىرى زادى قەيەر؟» دېگەندەك سوئاللارنى قويۇپ كېتىمىز. پەرھات ئىلياسنىڭ ئۆزگىچە قۇرۇلما بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تاكى ھازىرغىچە دىققەت مەركەزلەشتۈرۈلگەن ھەر خىل ئىجتىمائىي تېمىلارنىڭ جەۋھەرلىرىنى يۇغۇرۇپ ھەم ئۇنىڭدىن ھالقىپ، ئۇستىلىق بىلەن بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ غوللۇق تۈرى بولغان بالىلار رومانچىلىقىدا «مەڭگۈلۈك ئانا تېما» لارنىڭ بىرىكمىسىنى سىناق قىلالىغانلىقىغا تەھسىن ئوقۇماي تۇرالمايمىز. ئۇنداقتا

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن بۇ «مەڭگۈلۈك ئانا تېما»لار قايسى؟ «كىرورانلىق باللار» رومانىدا قانداق ئەكس ئەتتى؟...

**بىرىنچى، ئۆزلۈككە تەلپۈنۈش، يىلتىزدىن كۆكلەش**

20 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىكى دۇنيا ئەدەبىياتى سەھنىسىدە بىر مەھەل گۈللەپ ياشنىغان «يىلتىز ئىزدەش» قىزغىنلىقىنىڭ بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېڭى قان قوشۇپ ئۈلگۈرگەنلىكى ھەم ئۇنى زەرەتلەپ كەلگەنلىكى كۆنىمىزدىكى ئەدەبىيات ئەھلىلىرىگە ناتونۇش بولمىسا كېرەك. لېكىن، ئۇنى ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىدا سىناق قىلىش ئاددىي ئىش ئەمەس ئىدى. چۈنكى، باللارنىڭ ئېڭى سەۋەب ـ نەتىجىنى ئۆزىگە شەرت قىلغان لوگىكىغا قارشى بىر جەريان. شۇڭىمۇ ئەدەبىيات باللارنىڭ ھاياتىغا سىڭىپ كىرىپ بولغۇچە مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىدۇ. ئەسەرلىرىمىزنى باللىق خاراكتېرگە ماسلاشتۇرۇپ بولغۇچە تالاي قېتىم باللىقىمىزغا قايتىشىمىزغا، تولىمۇ سەۋرچانلىق بىلەن باللارنىڭ كۆڭۈل خاھىشلىرىغا بويسۇنۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبى چوڭلارنى ئوراپ تۇرغان ھەرخىل ئىجتىمائىي بېسىملارنى، سىياسىي بەلگىلىمىلەرنى بەك كۆتۈرۈپ كەتمەيدۇ. تومتاق پىكىرلەر، شوئار خاراكتېرىنى ئالغان ئۇلۇغۋار چاقىرىقلار ئۇلارنى زېرىكتۇرسە زېرىكتۇرىدۇكى، ھەرگىزمۇ بىردەمدىلا «ھەممىنى بىلىپ يەتكەن، ھەممىنى ئىجرا قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان» «ماشىنا باللار» قاتارىغا تىزىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. بىز موشۇ نۇقتىدا پەرھات ئىلياسنىڭ «كىرورانلىق باللار» رومانىدا يىلتىز ئىزدەش تېمىسىنىڭ دادىللىق بىلەن تەتبىقلانغانلىقىنى بايقايمىز. رومانىنىڭ ماۋزۇسىمۇ بىزگە بۇ نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ. توڭ جىنجۇن دېگەن بىر خەنزۇ ئوقۇرمەن «كىرورانلىق باللار» رومانى ئۈستىدە توختالغاندا: «كىرورانىدىن ئىبارەت كۆمۈلۈپ قالغىنىغا نەچچە مىڭ يىللارچە بولغان بۇ قەدىمىي قەلئە، سانسىز ئېكىسپېدىتسىيەچىلەرنى ئۆزىگە رام قىلغان بۇ سىرلىق مەنزىل تىلغا ئېلىنسا، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قۇرۇپ قالغان كۆللەر، قاقشال توغراقلار، چۆلدەرىگەن خارابىلىكلەر ۋە قەبرىستانلىقلار قاتارلىق ئۆلۈم ۋە گۇمراھلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان جۇغراپىيەلىك نامنى ئويلىشى تۇرغان گەپ. قەدىمىدىن ھازىرغىچە نۇرغۇن ئالىملار ئارخېئولوگىيەلىك بايقاش، مۇھىت تەكشۈرۈش، تارىخىي تەتقىقات، گۇمانىتارلىق ئۆزگىرىش، كۆچۈش قاتارلىقلارغا ئائىت ماتېرىياللارغا ئاساسەن بۇ جايدىكى ھاياتلىقنىڭ ئەھمىيىتى ھەققىدە كۆپ تەرەپلىمە چۈشەندۈرۈشلەرنى ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، قاقاسچىلىققا تولغان چەكسىز چۆل ئالدىدا يەنىلا ئېغىر ئۇھسىنىشتىن ساقلىنالمىدى. ئەسلىدە قىزىقارلىق ۋە يېڭىچە ئاتىلىنىدىغان ‹كىروران› دېگەن بۇ ئىسىم ئىلىم ئەھلىلىرى تەرىپىدىن ھەمىشە توپىغا ئايلىنىشنىڭ ئەۋرىشكىسى ۋە بەرباتلىقنىڭ ئۈلگىسى قىلىنىپ، كىشىلەر ئاگاھلاندۇرۇپ كېلىندى. قەدىمكى كىرورانلىقلار بىلەن ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ باغلىنىشى، قەدىمكى كىروران مەدەنىيىتىنىڭ ھازىرقى زامان كىشىلىرى ئارىسىدا داۋاملىششى، ناھايىتىمۇ ئۇزاقتا قېلىپ قالغان تىنما مەدەنىيەتنىڭ ھازىرقى دەۋردىكى پائال ئەھمىيىتى ھەققىدە ئۇمىدۋار پوزىتسىيەدە تۇرۇپ ئىزدىنىدىغانلار بەكلا ئاز. مەن پەرھات ئىلياسنىڭ ‹كىرورانلىق باللار› ناملىق رومانىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، قەدىمىي مەدەنىيەت ھېسابلانغان كىروران مەدەنىيىتىنىڭ كۆمۈلۈپ قالماي، بەلكى ھازىرقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكىنى، مىڭ يىللاپ چاڭ ـ توزان ئىچىدە كۆمۈلۈپ قالغان قەدىمكى كىرورانىنى خىيالىدا تىرىلدۈرمەكچى بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم [10]» دەيدۇ. دەرۋەقە، پەرھات ئىلياس رومان دىتاللىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى، ئەپسانە ـ رىۋايەتلىرى، تۇرمۇشى، ئۆرپ ـ ئادىتى، تارىخى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاق چۈشەنچىلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئىچىدىن ئىزدەيدۇ ھەم ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، سەنئەت يۈكسەكلىكىدە باللارنىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ. باللار كىرورانىدىن چىقىپ شاخلىنىپ مېڭىۋاتقان «ئۆز يىلتىزى» ئىچىگە باشچىلاپ ماڭىدۇ. يوشۇرۇن ئېڭىدا چۇقان كۆتۈرگەن زىلزىلە باللارنى «ئۆز يىلتىز»ىدىن كۆكلەش ئىستەكلىرىگە ئاپىرىپ چەمبەرچاس باغلايدۇ. بىز ئەسەر تەپسىلاتلىرىغا تەپسىلىي كۆز يۈگۈرتسەك، مەيلى مەھمۇد كاشغەرىينى نورۇزنامە ئوقۇتۇشلار بولسۇن، مەيلى قەدىمكى جەڭ مەيدانلىرى بولسۇن ۋە ياكى قەدىمكى مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ھەقدارلىق مەسىلىسىدىكى ساددىلارچە ھەرىكەتلەر بولسۇن، ھەممىسىگە ئاپتورنىڭ ئۆز يىلتىزىغا بولغان چەكسىز ئېتىخارلىنىش ھېسسىياتى سىڭىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىمىز. مەركىزىي نۇقتىدا جۇلالىنىپ تۇرغان نەرسىنىڭ، كەلگۈسىگە بولغان قىزغىن ئۈمىد ئىكەنلىكى بىزنىڭ هاردۇقىمىزنى چىقىرىدۇ.

**ئىككىنچىدىن، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتقا باغلانغان**

ئۆزۈلمەس رىشتە

«كىروراننىڭ بالىلار» رومانىدىكى چۆچەكسىمان تۇستە ئوقۇرمەنلەرنىڭ قەلبىنى تىترىتىپ ئۆتىدىغان يەنە بىر مەزمۇن «ئېكولوگىيەلىك مۇھىت» مەسىلىسىدۇر. رومانىدا ئېغىر ھالدا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراۋاتقان مۇھىت ئالدىدا ئامالسىز قېلىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىگە كەلگۈسى ئالدىدىكى جاۋابكارلىقنى يوشۇرۇن دارىتمىلاشلار بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. تېخىمۇ ئوبرازلىق قىلىپ ئېيتقاندا، رومانىدىكى «قار ئۇچقۇنلىرى ناخشا ئېيتالايدۇ، بۇغداي مايسىلىرى ئۇسسۇل ئوينىيالايدۇ، قومۇشلار تولىمۇ سۆزمەن بولۇپ كېتىدۇ، مۇشۇكيايپلاق كېسەل كۆرەلەيدۇ، قاغا كۆپكە قادىر بىر ھەزرەتكە ئايلىنىدۇ، يېتىمسىرىگەن توغراقلار ئۆز ئەھۋالى ھەققىدە يىغلاپ دادلايدۇ، شور پېشانە ئېشەكلەر ئۆز كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى دەپ پۇخادىن چىقىۋالىدۇ... بۇ چۇش ساھىللىرىدا يەنە كىچىك باش قەھرىمانلار قەدىمكى ئەجدادلىرى بىلەن بىللە نورۇز بايرىمىنى ئۆتكۈزىدۇ، كۆك مەشرىپىگە قاتنىشىدۇ، ئىز-دېرەكسىز يوقالغان تارىم يولۋىسى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، چايقىلىپ تۇرغان كۆپكۆك لوپنۇر كۆلىدە قېيىقلار بىلەن ئايدىڭ سەيلىسى قىلىشىدۇ، كۆنچى دەرياسى بويىدا بېلىقچى بوۋاينىڭ توغراق ياغىچىدىن ئوت چىقىرىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، كۇسەنلىك قىزنىڭ يېقىملىق بالىمان ئاۋازىنى ئاڭلايدۇ... [11]» رومانىدىكى بىر قىسىم قىسقا ھېكايىلەرگە قارىغىنىمىزدا «تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋازىنەت بۇزۇلىدىكەن، ھاياتلىق رىتىمىدىن چىقىدۇ. ئىنسانلار تەبىئەتنى ئاسرىمىغانلىقىنىڭ دەردىنى ئېغىر بەدەل بىلەنمۇ تولدۇرۇپ بولالمايدۇ» دېگەن ئەندىشىلىك ئاۋاز ۋۇجۇدىمىزنى جىغىلداتماي قالمايدۇ.

دەرھەقىقەت، تەبىئەت ئىنسانلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىنى زىلزىلىگە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى باشلىغان ئاشۇ قەدەمدىن باشلاپ ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى دىئالوگلارنىڭ ئىزىدىن گۈل-چېچەكلەر ئۈنۈشكە باشلىدى. ئادەملەر تەبىئەتتىن بىر ئۇلۇغلۇقنى ۋە سېھىرلىك بىر قادىرىي كۈچنى ھېس قىلدى. نەتىجىدە ئادەم تەبىئەت تەرىپىدىن نېسىۋىلەندۈرۈلدى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى سىرلىق ھايات زەنجىرى ئۇلارنى مول نېمەت ۋە باياشاتلىققا ئىگە قىلدى. مىللەت ئېڭىنىڭ مەھسۇلىدىن بىرى ھېسابلانغان ئەدەبىيات-سەنئەت گۈللىنىپ، ئادەملەرنىڭ مەنىۋىيىتى مىسلىسىز جانلاندى. ئۇلار ئۆزى تەلمۈرۈۋاتقان جەننەتتە ئەمەس، ئۆزى بەرپا قىلغان جەننەتتە ياشىدى. ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىگە ھەم كەلگۈسىگە ئەقىل ھەم مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئەمەس، بەلكى تېخىنكا يۈكسەكلىكى ۋە كۆز ئالدىدىكى رېئال مەنپەئەت بىلەنلا قاراپ، مەنپەئەت قويۇنلىرى ئىچىدە ھەرقايسى جەھەتلەردە ياتلىشىش كىرىزىسىگە پاتقاندا، تەبىئەت ئادەملەردىن رەھىمسىزلەرچە ئۆچ ئالدى. سۇ مەنبەلىرى ئازايدى؛ زېمىننىڭ قۇملىشىشى تېزلىشىپ، قۇرغاقچىلىق، قۇم-بوران ۋە تۈرلۈك تەبىئىي ئاپەتلەر ھەددىدىن زىيادە كۆپ يۈز بېرىدىغان بولدى؛ كلىمات نورمالسىزلاشتى، ئاتموسفېرا ۋە «يەر شارى كەنتى»نىڭ بۇلغىنىشى ئېغىرلىشىپ، ھاياتلىق شارائىتى تارىيىشقا باشلىدى...

«ئاسىيانىڭ غەربىدىكى دەجلە ۋە ئىفرات دەريا ۋادىسىدا بارلىققا كەلگەن سەلتەنەتلىك بابىلۇن مەدەنىيىتى، بىزنىڭ دىيارىمىزدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن، ئىقلىمنى ئىقلىمغا تۇتاشتۇرىدىغان، يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغان ‹كىروران دۆلىتى› ئوخشاش تەقدىر- قىسمەت بىلەن ئورمانلارنى ۋەيران قىلىش سەۋەبلىك تىنىگىنىسىز قۇم-بوراندا ۋەيران بولدى[12]» يەر تەۋرەش، كەلكۈن كىشلەرنىڭ تىنىگىنىسىز ھالدىكى ئەيش-ئىشرەتلىرىنى ھەش-پەش دىگۈچە يالماپ تۈگەتتى. تېخى تۈنۈگۈنلا ھاياتلىق قىزغىنلىقىغا تولغان كۆجۈم-كۆجۈم مەھەللىلەر بىر كېچىنىڭ ئىچىدىلا قۇم ئاستىدا تېپىرلاشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ رومانىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت تېمىسىغا ئۆرۈنۈش نۇقتىسىدىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك بولسا مۇھىت تېمىسىنى باشقا ئەسەرلەرگە ئوخشاش «ئادەملەرنىڭ ھەسرىتى بىلەن ئەمەس، تەبىئەتنى ۋە تەبىئەتتىكى مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ ئۆزىنى سۆزلىتىش» ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشتۇر. ئەسەردە قومۇشلار ئىنسانلارغا شۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «بىز قومۇشلارنىڭ ياشاش ئىقتىدارىمىزغا ھېچقانداق نەرسە تەڭلىشەلمەيدۇ. سۇسىز قۇرۇپ قالغان قومۇش يىلتىزى مەيلى ئاپتاپتا قانچىلىك ۋاقىت قاقلانسۇن، مەيلى چانىلىپ پارە-پارە بولۇپ كەتسۇن، نەچچە ئون يىلدىن كېيىنمۇ، پەقەت سۇغىلا ئېرىشەلىسە قايتىدىن كۆكلەۋېرىدۇ. بۇ جەھەتتە سىلەر ئادەملەر بىزگە تەڭلىشەلمەيسىلەر. سىلەر بىز قومۇشلارنى چۈشەنمىگىنىڭلار

بىلەن، بىز قۇمۇشلار سىلەرنى بەش قولدەك بىلىمىز ھەم بۇ جەھەتتە نۇرغۇن تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، نەچچە توملۇق قامۇسلارنىمۇ يېزىپ بولغان. ئادەملەر سۇسىز ئەڭ ئۇزاق دېگەندىمۇ پەقەت يەتتە كۈنلا ياشىيالايدۇ. ئۇسسۇزلۇقتا ئەڭ چىداملىق سانىلىدىغان ياۋا تۆگىلەرمۇ ئىككى ھەپتە سۇ ئىچمىسە ئۆلۈپ قالىدۇ. بىز قومۇشلارنىڭ يەنە بىر ئارتۇقچىلىقىمىز، يەر شارىدىكى بارلىق قومۇشلارنىڭ نىشانىمىز ھەر ۋاقىت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ دۇنيانى يېشىلچىلىققا پۈركەش. بۇ جەھەتتە سىلەر بىزدىن ئۆگەنسەڭلار بولىدۇ... [13]» قومۇش ئاكادېمىيەسىنىڭ ساھىبقىرانى بىلدۈرگەك دېگەن قومۇش باللارنى پۈتۈن قومۇش ئېلىنى زىيارەت قىلدۇرغاندا تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن ھالدا: «بىزدىكى مەكتەپ ئوقۇمى بىلەن سىلەر ئىنسانلارنىڭ مەكتەپ ئوقۇمىڭلار ئوخشىمايدۇ. ئىنسانلار باللىرىنى بىر جايغا يىغىپ، مەخسۇس ئوقۇتقۇچىلارنى بېكىتىپ تەربىيەلەيسىلەر. بۇ ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاش باشقا بىر گەپ. بۇنىڭدىن كۆرە بىۋاستىلا ئەمەلىيەت بىلەن، يەنى كەڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۆگەنگەنگە يەتمەيدۇ. بىز قومۇشلارنىڭ مائارىپ قارىشىمىزدا بۇ خىل ئادەتنى ئەزەلدىن تارتىپ چەكلەپ كەلگەنمىز. چۈنكى، مەيلى قومۇشلار ياكى ئىنسانلار بولسۇن، ھەممىسلا تەبىئەت ئانىنىڭ باللىرىمىز. نەدە ئۆنگەن بولساق شۇ جاي بىزنىڭ ھەم ئۆيىمىز، ھەم مەكتىپىمىز. يەنى، بىز تەلىم-تەربىيەنى تەبىئەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئېلىپ بارىمىز. ئەتراپىمىزدىكى ئاتا-ئانا، ئاكا-ھەدە، ھەتتا ئىنى-سىڭىللىرىمىزنىڭ ھەممىسلا بىزنىڭ مۇئەللىملىرىمىزدۇر. قاراش جەھەتتە ئىنسانلار بىلەن ئەڭ چوڭ پەرقىمىز شۇكى، سىلەر ئۆز خاھىشىڭلارغا ئاساسەن تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشىسىلەر. ئەمما، بىز قومۇشلارچۇ؟ تەبىئەتنى بەك مۇقەددەس بىلىمىز. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگەرسەك ئۆزگىرىمىزكى، ھەرگىز ئۇنى ئۆزگەرتىش ئويىدا بولمايمىز... [14]» دەپ چۇقان سېلىش ئارقىلىق ئادەم بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن باشقا، تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىچكى مۇۋازىنىتىنىمۇ سىستېمىلىق شەرھىلەشكە ئۇرۇنىدۇ. روماندا «غېرىب ئۇۋىلار» قۇشلارنى سېغىنىپ ھەسرەتلىك شېئىرلارنى ئوقۇيدۇ. توغراقلار يىغلايدۇ. ئاخىرىدا تەبىئەت باللارنىڭ قەلبىدە چۇرۇقلايدۇ. باللارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭى تەبىئەتكە قاراپ ئېقىشقا باشلايدۇ. باللار باللىق ساپ ھېسسىياتى بىلەن تەبىئەتكە باغرىنى ياقىدۇ.

ئاپتور روماننىڭ «ماڭالايدىغان ئورمان» دېگەن قىسمىدا «ئافرىقا قىتئەسىدىكى سەھرايى كەبىر چۆلى»نىڭ شەكىللىنىش تىراگېدىيەسىنى تەبىئەتنىڭ خانىۋەيرانلىقىغا ئايرىپ تاقايدۇ. ئورمانلارنىڭ، قۇشلارنىڭ كاززاپ بىر قوۋمنىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن نارازى بولۇپ كۆچۈپ كېتىۋاتقانلىقىدەك بىر ھېكايە سىيۇژىتى ھەم ئادەملەرنىڭ ئەبەدىيلىك پۇشايمىنىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئۆزگە شەرت قىلىدىغانلىقىنى ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ. قەبرىدەك كۆرۈنىدىغان زېمىننىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى ئاپتور شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «ئېيىتىشلارغا قارىغاندا، بۇ جايدا بوران چىققان مەزگىلدە دائىم ئادەملەرنىڭ ‹ھۇ› تارتىپ يىغلىغىنىدەك، نالە-پەرياد قىلغىنىدەك، ئۇرۇشۇپ بىر-بىرىنى تىللىشىۋاتقاندەك ئاۋازلار چىقىپ تۇرارمىش. بۇلار ئەسلىدە ئۆزلىرىگە بەخت-سائادەت ئاتا قىلغان ئاشۇ شاپائەتلىك ئورماننى سېغىنىشىپ يىغلاشلىرى، نالە-پەرياد قىلىشقانلىرى ھەمدە ئاچ كۆزلۈك، كاززاپلىق قىلىپ ئورماننى رەنجىتىپ قويغانلىرىنى تىللاپ - دۆشكەلەشلىرى ئىكەن. [15]» ئاپتور ئارقىدىنلا باللارغا گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلىدۇ. «كىچىك دوستلار، شۇ ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭلا پۈتى بولۇپ قالماي، يەنە دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھلارنىڭمۇ پۈتى بولىدۇ. ناۋادا ئۇلار سىلەردىن رەنجىپ قالسا، ئۇلار شۇنچىلىك تېز قاچىدۇكى، ھەرقانچە قوغلاپمۇ تۇتۇپ قالالمايسىلەر.[16]»

دېمەك، ھېكايە تەپسىلاتلىرىنى مۇھىت تېمىسىغا يۆتكىگەندە، باللارغا ئۆز رىزقىنىڭ ماھىيەتتىن ئالغاندا تەبىئەتكە چېچىلغانلىقىنى، تەبىئەت مۇھەببىتىنىڭ باللارنىڭ قەلبىگە ئۇزۇلمەس رىشتە بولۇپ چىگىلىشىنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

**ئۈچىنچىدىن، مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى دۇنياۋى بىردەكلىككە ئىنتىلىش**

روماننىڭ كەسمە يۈزىدە بىزگە غىل-پال كۆرۈنۈپ، ئەسەرنىڭ ئىدېئال باش تېمىسىغا ھۆسن قوشىدىغان يەنە بىر مەزمۇن، رومان تەپسىلاتىدىكى باش قەھرىمانلارنىڭ مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى دۇنياۋى بىردەكلىككە ئىنتىلىپ، ئۆزىنىڭ نىسبىتىگە بولغان ئىگىدارچىلىق ئېڭىنىڭ ئويغىنىشىدۇر.

بىز ھەر قېتىم باللىرىمىزنىڭ كېلەچىكى ھەققىدە

ئويلانغىنىمىزدا ۋۇجۇدىمىز بىر خىل شۈبھە ۋە ئەنسىرەش تۇمانلىرى ئىچىدە شۈركىنىدۇ. ئابستراكتلىق ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەلىم-تەربىيەلەرنىڭ ئاقىماي قېلىۋاتقانلىقىدىن ۋايىم يەيمىز. بالىلارنىڭ چىقىش يولى ھەققىدە ئىزدىنىپ باقمىزيۇ، لېكىن تەپەككۇرىمىزدىكى ئادەتلەنگەن ھەم ئادەتلەندۇرۇلگەن ئىدىيەلەر ئارغامچىسى بالىلارنى باغلاشقا تەييار تۇرىدۇ. بىز بالىلىرىمىزنىڭمۇ ساپ بالىلىق قەلبى بىلەن مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى دۇنياۋى بىردەكلىككە ئىنتىلىش ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىنسان قاتارىدا ياشاۋاتقان بالىلار بىلەن ئىدىيە ئالماشتۇرۇپ باقسا، ئۇلار بىلەن بالىلىقنىڭ گۈزەل كۆيلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولسا بولىدىغانلىقىنى ئويلاشقا، چۈشىنىشكە جۈرئەت قىلالمايمىز. پەرھات ئىلياسنىڭ رومانىدىكى يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى بولسا دەل بالىلارنىڭ ئىسيانكارلىق بىلەن ئۆز ۋۇجۇدىدىن چىقىپ پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇچاقلاش ئۈچۈن باغرىنى ئاچقانلىقىنى بىزگە يورىتىپ ئۆتكەنلىكىدۇر. چوڭلارنىڭ ۋۇجۇدىغا يىلتىز تارتىپ كەتكەن «كەمسىنىش» پسىخىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن، ھۆر تەپەككۇر ئىگىسىگە ئايلىنىش ئۈچۈن تىرىكشىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدۇر.

ئاپتور رومانىدا بالىلارنىڭ «خىسلەتلىك ئەڭگۈشتەرلەر»نىڭ ياردىمى ئاستىدىكى سەپەر جەريانىدا «ياپونىيە، ئامېرىكا، گېرمانىيە، فرانسىيە، كانادا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى مەدەنىيەت زاتلىرى ۋە بالىلار بىلەن ئۇچرىشىشلىرى ۋە يىراق دېڭىز-ئوكيانلارغا بېرىش كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق بالىلارنىڭ ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا قانچىلىك تەشنا ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. [17]» كرورانلىق بالىلار دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سەيلە-ساياھەت ۋە ئىلمىي يىغىنلارغا بارغاندا، بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ چېچەن، زېرەكلىكىنى نامايان قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يەرلىك خەلقلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، زوراۋانلارغا قارشى تۇرۇپ، رەزىللىكنى يوقىتىش؛ نامراتلارنى يۆلەپ، ئاجىزلارغا ياردەم بېرىش غايىلىرىنى ئىپادە قىلىدۇ.

ئۇلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەرىپەت ساھىبلىرىنى زىيارەت قىلىپ بولغاندىن كېيىن ياپونىيەگە بارىدۇ. «كروران مەلىكىسى» توغرىسىدا ئېچىلغان يىغىنغا قاتنىشىدۇ. «دېسنىي باغچىسى»دەك مەشھۇر جايلار ئۇلارنىڭ پائالىيەت دائىرىسى ئىچىدە بولىدۇ، ھەتتا ياپونىيە قونچاق فىلىمىدىكى «ئەقىللىق يىشۇ» ھەل قىلالمىغان قىيىنچىلىقلارنى يېشىپ، مەنىسىزلىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. چۆچەك ئىجادچىسىنىڭ پىرى ئاندېرسېن بىلەن، ھەتتا «سەرەڭگە ساتقۇچى قىزچاق» بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا كەپسىز بالىلار ئېلىپ قېچىپ كەتكەن بىر پاي كەشنى تېپىپ بېرىدۇ. ئارقىدىن «فرانسىيە دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسى»نىڭ تەكلىپى بويىچە داڭلىق دۇنخۇاڭشۇناسلار، تىلشۇناسلار، تۇرپانشۇناسلار، كرورانشۇناسلار، ئارخېئولوگلار قاتناشقان سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي كامالەتلىرى بىلەن دۇنياۋى كىملىكتىكى بالىلار ئوبرازىنى يارىتىشقا تىرىشىدۇ. گېرمانىيەنىڭ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىسىدىكى «مىڭئۆيلەر»نىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى فانتازىيەلىك تۈستە ئەكس ئەتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئاپتور رومانىنىڭ «مىڭئۆيلەرنىڭ نالىسى» دېگەن بابىدا، ئېكسپېدىتسىيەچىلەر تەرىپىدىن تالان-تاراجغا ئۇچرىغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمىزنى زۇۋانغا كەلتۈرۈپ شۇنداق دىئالوگلارنى قالدۇرىدۇ:

«مەن بۇرھانىدۇرمەن، ئەسلىي ماكانىم جۇڭگو شىنجاڭدىكى قىزىل مىڭئۆي. بۇ يەردە مەھبۇسلۇقتا ياشاۋاتقىنىمغا بىر ئەسىر بولاي دېدى. ئۆز يۇرتۇمنى، ئۆز ئېلىمنى خويمۇ سېغىندىم. ئۇۋۇلۇپ توپىغا ئايلىنىپ كەتسەممۇ، ئۆزۈم ئاپىرىدە بولغان ئاشۇ تۇپراققا قوشۇلۇپ كەتسەم دەيمەن. بۇنىڭدىن توقسان يىل ئىلگىرى موشۇ يەرلىك لېكوك دېگەن بىر سەيياھ قىزىل مىڭئۆينىڭ تېمىدىن مېنى ئويۇۋېلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن. بۇ يەردە مەن بىلەن بىللە كەلگەن باشقا قېرىنداشلىرىممۇ بار...

...ئانا ماكانىمىز دۇنخۇاڭدىكى موگاۋ مىڭئۆيىدە تۇرساقلا ئاندىن ئۆزىمىزنى بەختلىك سېزىمىز...

....بەدىنىمدىكى ھەر بىر جاراھەتكە بىر دەۋرنىڭ تارىخى پۈتۈكلۈك.... [18]»

ئاپتورنىڭ بۇنداق دىئالوگلارنى بېرىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىقنىڭ مەھسۇلى ئەمەس. مىڭئۆيلەرنىڭ بۇ نالىلىرىنى ئاڭلىغان بالىلار سېھرىي كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، چۈشىسىمان رېئاللىقىدا بولسىمۇ بىر قېتىم مەقسىتىگە يەتمەكچى بولىدۇ. ئاپتور ئارقىدىنلا ئۇستىلىق بىلەن ئۆزىنىڭ غايىسىنى بالىلارنىڭ فانتازىيەلىك دۇنياسىدا پارلاندۇرۇشقا باشلايدۇ. «نەغمىكەشلەر بەرباپ، غوڭقا، بالىمانلىرىنى بىر-بىرىگە ماسلاشتۇرۇپ شۇنچىلىك ياڭراق ئاۋازدا چالدىكى، پۈتكۈل كۇتۇپخانىدىكى مىڭئۆيلەردىن ئېلىپ كېلىنگەن بارلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بۇ

ئاۋازنىڭ سېھرىي كۈچىدە ئاستا ـ ئاستا ئويغىنىشقا باشلىدى. يەنە كرورانلىدىن ئېلىپ كېلىنگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىمۇ ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، بۇ قەدىمىي مۇزىكىنى ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلاشقا باشلىدى. بۇ مۇزىكا ئۇلارغا يىراق قەدىمنى ئەسلىتىپ، ئۇلارغا ئۆز ماكانىدىكى ئەزىز تۇپراقنىڭ ھىدىنى پۇراتتى. ياپيېشىل بوستانلىقلار، سۈپسۈزۈك سۇلار، خىلۋەتلەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئىخلاسمەن راھىبلار، كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك تاۋلىنىپ تۇرىدىغان قۇم بارخانلىرى، كۆپكۆك ئاسمان، ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قۇشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بۇ مۇزىكىنى ئاڭلىغانچە ھاياجاندىن بەدىنىگە ئىسسىق بىر سىزىم يۈگۈرۈشكە باشلىدى... مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئۈچقان پېتى كۆتۈپخانا ئىشكىدىن چىقىپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن باشقۇرغۇچىلار دەرھال ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى مەھكەم تاقاشتى. بىراق، تۇرگۈن بەشەيلەن تۇرغان يەردە ئۇلارنى تۇتۇپ قېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى... مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قايسى تامغا يېقىنلاشسا، شۇ تامدىن ئۆزلۈكىدىنلا بىرەر ئىشىك پەيدا بولۇپ، ئۇچۇپ چىقىپ كېتىۋەردى. ئاخىر كۆتۈپخانىدىكى مىڭئۆيلەردىن ئېلىپ كېلىنگەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەممىسى سىرتقا قېچىپ چىقتى ـ دە، خۇددى قاقىرلاردەك قاتار تىزىلىپ ئۆز ماكانىغا قاراپ لەرزان ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇ كارامەتنى كۆرۈشكەن بېرلىنلىقلار ھەيران ـ ھەس قالدى، ھەتتا ئايروپىلانلارمۇ ئۇلارنى توسۇپ قالالمىدى... [19]» بۇ بايانلار رېئاللىقىمىزغا نىسبەتەن بىر خىيال خالاس. ئەمما، غايىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندىچۇ؟...

پەرھات ئىلياس مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئۆزلۈكسىز كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان، ئومۇمىي تونۇشقا ئورتاق بولۇۋاتقان، نۆۋەتتىكى زىممىمىزدە پەرز ھەم قەرز بولۇپ كەتكەن بۇ غايىمىزنى بالىلارنىڭ خىيالىدا رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. قىسقىسى، بالىلىقنىڭ تۈگىمەس بولماس خىياللىرى بىزنى سۆيۈملۈك ئۈمىدنىڭ قېشىغا باشلاپ بارىدۇ. بىز بالىلىرىمىز بىلەن قول تۇتۇشۇپ، دادىللىق بىلەن كەلگۈسىگە يۈزلىنىمىز. مەدەنىيەتلەر ئارىسىدىكى دۇنياۋى بىردەكلىككە ئىنتىلىش تۇيغۇمىز قايتىدىن جانلىنىشقا باشلايدۇ.

رومانىنىڭ سۆيۈملۈك تەرەپلىرى ھەقىقەتەن كۆپ. بەلكىم تەھلىلىمىزنىڭ باش قىسمىدا بېرىلگەن «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئانا تېما»لار دېگەن ئۇقۇملار ھەققىدىكى پىچقان تونىمىز بەلكىم سەل بالدۇر بولۇپ قالغاندۇر ياكى كەمتۈك بولۇپ قالغاندۇر. ئەمما، پەرھات ئىلياسنىڭ بالىلار رومانىدا دەۋايىمىزنىڭ ۋايىگە يەتكەنلىكى بىر ھەقىقەت.

(4)

«كرورانلىق بالىلار» رومانىنى تۇنجى قېتىم ئوقۇپ بولغاندا، مەندىكى دەسلەپكى تەسىرات «رومان سەل كەمتۈك بولۇپ قالدىمۇ قانداق؟» دېگەن بىر تۇيغۇ ئىدى. ئۆزۈمنىڭ بەدىئىي زوقلىنىش ئادىتىمگە قايتا نەزەر تاشلاپ باقتىم. كاللامدا «رومانىنىڭ ئاخىرى بارمۇ قانداق؟» دېگەن سوئال شەكىللەندى. شۇنىڭ بىلەن مەن رومانىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. تەسىراتىم يەنە باشقىچە ئىدى. مەن رومانغا يەنە قانمايۋاتاتتىم. يەنە ئوقۇسام، يەنە يېڭى تۇيۇلۇۋاتاتتى. «ئەدەبىيات كوچىسى»غا قەدەم باسقان دەسلەپكى چاغلىرىمدىكى شېئىرىيەتكە بولغان ئوتتەك ھېرىسمەنلىكىنىڭ مېنى بىر «ساراڭ، بەڭباش بالا»غا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى ئېسىمدىن كەچتى. تۇيۇقسىز بالىلىقىمدىكى پەرھات ئىلياس بىلەن غايىۋى سىردىشىشلىرىمنى ئەسلىدىم. مەن ئاشۇ چاغدا پەرھات ئىلياسنىڭ ئالدىغا ئەسەبىيلەرچە شېئىرىي چاڭقاشلىرىمنى بېسىش ئۈچۈن «چوغ سوراپ »بارغاندىم. پەرھات ئىلياس قولۇمنى چىڭ سىقىپ «چوغ سورىغان بالا» دېگەن توپلامىدىكى شېئىرچاقلىرىنى ماڭا ھەدىيە قىلغانىدى. مەن ئوتتەك قىزىق چاڭقاشلىرىمنى چوغ بىلەن بېسىپ بىلىپ ـ بىلمەي بۈگۈنگە ئۇلاشقاندىم. مانا بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخى بويىچە ئاسپىرانتلىقتا ئوقۇشقا نائىل بولغىنىمدا، پەرھات ئىلياس بىلەن يەنە دىدارلىشىش پۇرسىتىگە قايتىدىن ئېرىشىپ تۇرۇپتىمەن. قېنى، پەرھات ئىلياس بىلەن غايىۋى سىردىشىپ بىر ئېغىز گېپىمنى دەپ باقاي. ئۇ نېمە دەيدىكىن:

ــ پەرھات ئاكا، رومانىڭىزنىڭ بىر يەرلىرى كەم قالغاندەك بىلىندى، خۇددى داۋامى باردەك...

ــ ئىنىم، بالىلىق كەمكۈتىسىز بولمايدۇ. ئىنساننىڭ پىشقان قىرانلىق مەزگىلىگىمۇ بالىلىقنىڭ سادىدا خاتىرىلىرى يۇيۇپ ئۆچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان ئەبەدىيلىك سايىلىرىنى تاشلىغان بولىدۇ. شۇڭا، مەنمۇ ئۆزۈمنى «چوپچوڭلا بىر بالا»دەك ھېس قىلىمەن. «كرورانلىق بالىلار»غا كەلسەك، ئۇ ئايىغى ئۈزۈلمەس بىر ئېقىن. ئۇنىڭدا بالىلىقىمىزنىڭ چوپچوڭ ئىنسانغا خاس چۇقانلىرىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپتى.

شۇڭا، بۇ كەمتۈكلۈكلەرنى ئەقلىمىزگە سىغدۇرۇشىمىز كېرەك. «كرورانلىق باللار»نىڭ يىلتىزى دىيارىمىزدىكى يۇلتۇزدەك تارالغان بوستانلىقلارنىڭ نەچچە ئەسىرلىك تارىخىغا چىڭ چىرماشقان. ئۇلار كەڭرى كەتكەن ۋاقىت بوشلۇقىغا قاراپ سەيلە قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ خىيالى تېخى تۈگىگىنى يوق ھەم ئەبەدىي تۈگىمەيدۇ...

مەن ئەمدى نېمىمۇ دېيەلەيتتىم. مانا پەرھات ئىلياس نەق گەپنى دېدى. مەن باللارچە سوغۇق قانلىق بىلەن «كرورانلىق باللار »رومانىنى باشقا ئەللەر ئەدەبىياتىدىكى نادىر باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ باقماقچى بولدۇم. قولۇمغا «كرورانلىق باللار» رومانى بىلەن مەن ئىلگىرى ئوقۇپ ئۆتكەن باشقا ئۈچ پارچە رومان ۋە پوۋېستنى ئالدىم. بىرسى مەشھۇر تۈرك يازغۇچىسى ئەزىز نەسىننىڭ «ھازىرقى باللار كارامەت» ناملىق ئەسىرى، يەنە بىرى نورۋېگىيەلىك جوستېئىن گائادېرنىڭ باللار ئۈچۈن يېزىلغان «سوفىيەنىڭ دۇنياسى» ناملىق رومانى، ئاخىرقىسى 1909- يىلى نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن شۋېتسىيىلىك سېلما لاگەلوفنىڭ: «نىلسنىڭ غاز ئۈستىدىكى ساياھىتى» ناملىق رومانى ئىدى. مەن تۆت پارچە ئەسەرنى ئىككى قولۇمدا چىڭ تۇتۇپ، يېزىقچىلىق ئۇستىلىمگە سالمىقى بىلەن تاشلىدىم. «ھازىرقى باللار كارامەت» ناملىق ئەسەردىن ئەزىز نەسىن بېشىنى چىقىرىپ: «ھەممىڭلارنى ئۆز باللىرىمدەك سۆيىمەن. پۈتۈن سۆيگۈلەرگە ئوخشاش، بۇ سۆيگۈدىمۇ شەخسىيەتچىلىكىمىز بار. چۈنكى، بىز ياشانغانلار سىلەرنىڭ ھاياتىڭلاردا ياشايمىز، ئۆمۈر سۈرىمىز دەپ ئويلايمىز ۋە شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنىمىز. يالغۇز ئۆز باللىرىمنى ۋە تۈرك باللىرىنىلا ئەمەس، ئامېرىكا، رۇس، نېمىس، ئەرمەن، جۇڭگو، سىگان... ۋە دۇنيادىكى پۈتۈن باللارنى سۆيىمەن. بىر نەرسىنى ئۇنتۇمىغايسىلەركى، مەن بۇ ئەسىرىمنى باللار ئۈچۈنلا ئەمەس، ئاتا- ئانىلار بىلەن ئوقۇتقۇچىلار ئۈچۈنمۇ يازدىم [20]» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتىش بەردى. ئەزىز نەسىن ئەسەر قۇرۇلمىسىنى باللارنىڭ بىر- بىرىگە يېزىشقان سالام خەتلىرى بىلەن قۇراشتۇرۇپ، چوڭلارغا ئاچچىق كىنايىلەرنى قىلغانىدى. باللارنىڭ «ئوماق خاتالىقلىرى» ئارقىلىق چوڭلارنى تەربىيەلەشكە ئۇرۇنغانىدى. ھەتتا ئەسىرىنى ئەڭ ئاخىرىدا «مەن سىلەرگە مەن ياشانغان، سىلەر بالا بولغىنىڭلارەك مۇئامىلە قىلمىدىم، ئۆزۈمنىڭ سىلەردەك بالا بولالمايدىغانلىقىمغا نىسبەتەن سىلەرنىمۇ ئۆزۈمدەك چوڭ ھېسابلىدىم، سىلەرنى بالا ئورنىغا قويماي، چوڭلار ئورنىغا قويدۇم. لېكىن، يەنىلا بالا ئىكەنلىكىڭلارنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىققا تىرىشتىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن بۇ كىتابتا نېمىلەرنى قىلماقچى بولغانلىقىمنى سىلەرگە ئىزاھلاشقا تىرىشتىم. ھەر بىر سۆزۈمنى ئۆز ئۆلچىمىڭلار دائىرىسىدە چۈشىنىشىڭلارغا ئىشىنىمەن. [21]» دەپ ئاياغلاشتۇرۇپ باللارغا تەسەللى بەرگەنىدى. قارايدىغان بولساق، ئەزىز نەسىننىڭ ئۇسلۇبى ئەنئەنىۋى رېئالىستىك رامكىلارنىڭ نېرىسىغا ئۆتىمىگەندەكلا بىلىنەتتى. شۇنىڭ بىلەن جوستېئىن گائادېرنىڭ «سوفىيەنىڭ دۇنياسى» ناملىق رومانىغا كۆز يۈگۈرتتۈم. مېنى سۈر بېسىشقا باشلىدى. ئەقلىيلىكنىڭ تارىخىي ئېقىنى رومانىنىڭ ئۇگە- ئۆگىلىرىگە تۇتاشقان بولۇپ، ياۋروپا پەلسەپە تارىخىنىڭ باللار قەلبىگە سىغدىلىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرى قالايمىقان ئۇلانغان كىنو لېنتىسىدەك ئادەمنى ھالسىرىتىپ قوياتتى. مەن روماندىكى ئۇقۇم ۋە ئوبرازلار قويىندا لەيلەپ قالدىم. «ناتۇرالىستىك پەيلاسوپلار»، «دېموكرىت»، «سوقرات»، «ئەپلاتون»، «ئارىستوتېل»، «گرېك مەدەنىيتى»، «ئوتتۇرا ئەسىر»، «ئەدەبىي ئويغىنىش»، «باروكۇ دەۋرى»، «دىكارت»، «سپىنوزا»، «لوك»، «يۇم»، «بېركىلىي»، «بجېركلىي»، «كانت»، «رومانتىزم»، «گېگېل»، «كېرگارد»، «ماركس»، «دارۋېن»، «فروئىد»... قاتارلىق بىر تالاي ئۇقۇم ۋە ئوبرازلار ئىخچام تۇستە باللارنى ئۆزىگە ماگنىتتەك تارتىدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. لېكىن، بۇنىڭغا نورمال سەۋىيە كۇپايە قىلمايتتى. ناۋادا ئاپتور ئىپادىلەش ئۇسۇلىدا سەللا بىخەستەلىك قىلسا، بۇ ئىدىيەلەرنى باللار قوبۇل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، «ئاله شەرىكنى »دەپ پەش قېقىپ كېتىپ قالاتتى. مەن بىر ئىلىم ساھىبىغا ياراشمايدىغان زېرىكەرلىك تۇيغۇ ئىچىدە، ئېغىر ئۇھسىنغان ھالدا رومانىنى يېپىپ قويدۇم. يېپىپ قويۇشۇم ھەقىقىي زېرىككەنلىكتىن ئەمەس، توغرىسىنى دېگەندە، غەرب پەلسەپىسىگە بولغان ھۆرمىتىمدىن ئىدى. ئاخىرىدا سېلما لاگەلوفنىڭ «نىلسىنىڭ غاز ئۈستىدىكى ساياھىتى» ناملىق رومانىنى قولۇمغا ئالدىم. بۇ كىتابتا شۋېتسىيەنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى سېكونى ئۆلكىسىنىڭ غەربى ۋېمېنخوگ يېزىسىدا تۇرۇشلۇق نىلس دېگەن ئوغۇل بالا ھېكايە قىلىناتتى. مىجەزى غەلىتە بۇ بالا ئوقۇشقا زادىلا قىزىقمايتتى. ھەدېسىلا كەپسىزلىك، بەڭباشلىق قىلىپ ئاتا-

ئانىسىنى بەك قاقشاتاتتى. قىلىقسىز، تەبىئەتنى سۆيمەيدىغان، چوڭلارنىڭ نەسىھىتىنى ئاڭلىمايدىغان بۇ شۇمتەكنى كىچىك تۆلكە پەرىشتە چىمچىلاق بارماقچىلىك بالىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن نىلىس ئۆز قولىدا باققان غازغا مىنىپ، بىر توپ ياۋا غاز بىلەن سەككىز ئاي بىللە بولىدۇ. ئۇ پۈتۈن شۋېتسىيەنى ئايلىنىپ چىقىدۇ. بۇ ساياھەت ئۇنى تەربىيىلەپ، ئۇنىڭغا شۋېتسىيەنىڭ كۆركەملىكىنى، خەلقىنى، ۋەتىنىنىڭ تاغ-دەريالىرىنى، ھايۋانلىرىنىمۇ سۆيۈشنىڭ لازىملىقىنى تونۇتىدۇ. ئۇ پۈتۈن شۋېتسىيەنى ئايلىنىپ چىقىپ خۇش پېئىل، سەممىي، ئاق كۆڭۈل ۋە تولىمۇ مەسئۇلىيەتچان بالىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئايال بولسىمۇ، ھەتتا پۈتى ئەيىبناق بولۇشىغا قارىماي موشۇ ئەسەرنى يېزىش ئۈچۈن «شۋېتسىيەدىكى ھايۋاناتلارغا ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە دائىر ماتېرىياللارنى ئىخلاس بىلەن توپلاپ، ئۇچارقاناتلارنىڭ ياشاش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلغان. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ، تاغ-داۋانلار ئېشىپ، دەريالار كېزىپ ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. پەسىل قۇشلىرىنىڭ كېلىپ-كېتىش ماكانلىرىنى تاپقان، شۇ يەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىنى ئۆگەنگەن، خەلق رىۋايەتلىرىنى توپلىغان [22]» ئىدى. مەن يېزىقچىلىق ئۇستىلىمدىكى قاتار قويۇلغان تۆت پارچە ئەسەرگە تەپسىلىي قاراپ چىقتىم-دە، ئەزىز نەسىننىڭ «ھازىرقى باللار كارامەت» ناملىق ئەسىرى بىلەن جوستېئىن گائادېرنىڭ «سوفىيەنىڭ دۇنياسى» ناملىق رومانىنى كىتاب ئىشكاپىغا ئېلىۋەتتىم. بۇ ھەرگىزمۇ سېلىشتۇرۇش ئەھمىيىتىنىڭ يوقلۇقىدىن ئەمەس، ئومۇمىي جەھەتتىن باللار تېمىسىغا بېغىشلانغان بولسىمۇ، سېلىشتۇرۇش نۇقتىلىرىنىڭ سۇس ھەم ئاجىزلىقى سەۋەبىدىن ھەم بۇ ئىككى رومان ئوخشىمىغان كاتېگورىيەلەرنى بويلاپ ماڭغىنى ئۈچۈن، بولۇپمۇ «سوفىيەنىڭ دۇنياسى» ناملىق رومان دۇنياۋى يۈكسەك پەللە ياراتقىنى ئۈچۈن، «كورانلىق باللار» رومانىغا سېلىشتۇرۇشنى راۋا كۆرمىدىم. ئۈستەلدە «كورانلىق باللار» رومانى بىلەن «نىلىسنىڭ غاز ئۈستىدىكى ساياھىتى» ناملىق رومانلا قالدى. سېلما لاگەلوفنىڭ بۇ رومانى بىلەن تەكرار-تەكرار ئوقۇپ قانمىغان پەرھات ئىلياسنىڭ رومانى مەلۇم دەرىجىدە بىر-بىرى بىلەن ھۆسن تالىشىۋاتاتتى. بىرسىدە بىر بالا ئومۇمىي توپقا ۋەكىللىك قىلىپ ئۆزىنىڭ ۋەتىنىنى ئايلانغاندى. بىرسىدە بىر توپ باللار ئۆز يىلتىزىغا شۇڭغۇپ، دۇنياۋى مەدەنىيەت بىرلىكى ئىچىدە كىملىكىنى نامايان قىلغانىدى. باللار ھەر ئىككىلا روماندا سەپەرگە چىققانىدى. باللارنىڭ قايتىش مەنزىللىرى ۋە ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان مۇددىئا ھەر ئىككىلا روماندا بىر نۇقتىدا كېسىشەتتى. نىلىس ئۆيىگە قايتاتتى. كورانلىق باللار كوراندىن چىقىپ يەنە كورانغا قايتاتتى. ھەر ئىككىلا روماندا فانتازىيە ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتكەنىدى. ئاپتورلار ئەنئەنىۋى پىروزىچىلىقنىڭ تار رامكىلىرىدىن قۇتۇلۇشقا تىرىشقانىدى. ھەر ئىككىلا ئەسەردە ھەرخىل سىمۋوللار ئادەملەرنىڭ باللىق خاتىرىلىرىگە كۈلەڭگە تاشلاپ ئۈلگۈرەتتى. سېلما لاگەلوفنىڭ روماندا بايان تەرتىپى زامان تەرتىپىدىن جىق ھالقىمىغان بولسىمۇ، ئەمما «كورانلىق باللار» روماندا پەرھات ئىلياس قارامىلىق بىلەن تەقدىر ئاتا قىلغان ۋاقىت تەرتىپىنىڭ قولىقىدىن تۇتۇپ، باللارنىڭ قولىغا تاپشۇرغانىدى. شۇنىڭ بىلەن باللار ماكان ۋە زامان چېگرالىرىدىن بىمالال ھالقىپ، ئۆتمۈشنىڭ، ھازىرنىڭ، كەلگۈسىنىڭ، بارلىق ئىستەكلەرنىڭ خوجايىنلىقىنى قىلغانىدى...

شۇنداق، بۈگۈنكى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدا «ئانا تېما»لارنىڭ باللار ئەدەبىياتىغا سىڭىپ كىرىشى بىزنى بەك خۇرسەن قىلىدۇ. باللار ئەدەبىياتىغا دائىر ئۆزگىچە نەزەرىيەۋىي سىستېمىلار بولمىغان، باللىرىمىز بۈگۈنكى تېخنىكا تەرەققىياتى ئالدىدا گاڭگىراپ تۇرۇۋاتقان موشۇنداق بىر دەۋردە، پەرھات ئىلياستەك بىر يازغۇچىمىزنىڭ بولغانلىقىدىن تېخىمۇ خۇرسەنمىز. پەرھات ئىلياس ۋە ئۇنىڭ «كورانلىق باللار» رومانى بىلەن بۈگۈنكى باللىرىمىزلا ئەمەس، باللىقنى ياشاپ بولالماي چوڭ بولۇپ كەتكەن «قېرى باللار»مۇ تولىمۇ بەختلىكتۇر. بۇندىن ئاز كەم 15 يىل مۇقەددەم ھۆرمەتلىك تۇرسۇن قۇربان مۇئەللىم ئۆزىنىڭ باللار ئەدەبىياتىغا دائىر يازغان كىتابىدا ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن: «1980-يىللاردىكى ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتىنىڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كاتېگورىيەسىدە مۇستەقىل ئەدەبىي تەركىب بولۇپ رەسمىي شەكىللىنىشىنىڭ سىگنالىنى چالدى. بۇ ئون يىلنى ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر باللار ئەدەبىياتى ئۆزىنىڭ كۈمۈش دەۋرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ئالتۇن دەۋرنى باشلاپ، ئاز-تولا دۇنياۋى قىممەتكە ئىگە

ئەسەرلەرنى يارىتالىسا، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل، بىر قەدەر مۇكەممەل نەزەرىيە سىستېمىسىنى قۇرالىسا، ئاندىن ئۇ ھەقىقىي ئەدەبىيات بولۇپ شەكىللىنەلەيدۇ.[23]» دېگەن ئاقىلانە پەيكۈنى چىقارغانىدى. شۇ تاپ بىز 15 يىلدىن كېيىن ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىزنىڭ رېئاللىققا ئايلىنىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىز. ئىشىنىمىزكى، ئەمدى «كىرورانلىق بالىلار» رومانىدا تىرىلگەن باللىق خاتىرىلىرىمىزنى، سۆيۈملۈك يۇرت ـ مەھەللىلىرىمىزنى، ئۆتمۈشلىرىمىزنى، ھازىرىمىزنى، كەلگۈسىمىزنى تەكلىماكانغا ئوخشاش قۇم بېسىپ كېتەلمەيدۇ. بالىلىرىمىز قورقماستىن «بىز كىروراندىن چىققان، كىرورانغا قايتىمىز» دەپ ئەسىرلىك ئۈمىدلىرىنى جىلتىلىرىگە تېڭىپ، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى كەلگۈسىگە ئۇلايدۇ. بالىلار ئەدەبىياتىمىزمۇ يېڭى ئەسىردىكى شانلىق نەتىجىلىرىنى سۆيۈملۈك خەلقىگە سۇنۇش بىلەن ئۆزىنىڭ يېڭى پەللىلىرىنى يارىتىپ، كەلگۈسىگە ئىشەنچلىك نەزىرىنى تاشلايدۇ.

## ئىزاھاتلار:

[1] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى، 117 ـ بەت.

[2] سۇبىن ھېدىن: «كۆچمە كۆل»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى، 122 ـ بەت.

[3] ئەسەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۈملەنگەن روھ»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000 ـ يىلى نەشرى، 179 ـ بەت.

[4] ئايتۇللا ھەبىبۇل: «ئۇيغۇر بالىلار پروزىسىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدا»، تارىم ژۇرنىلى 2010 ـ يىللىق 2 ـ سان، 129 ـ بەت.

[5] پەرھات ئىلياس: «ئۆز ئاۋازىمىز ھەممىدىن مۇھىم»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 4 ـ سان، 94 ـ بەت.

[6] پەرھات ئىلياس: «كىرورانلىق بالىلار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ بەت.

[7] پەرھات ئىلياس: «كىرورانلىق بالىلار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 4 ـ بەت.

[8] پەرھات ئىلياس: «كىرورانلىق بالىلار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 483 ـ بەت.

[9] پەرھات ئىلياس: «كىرورانلىق بالىلار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 495 ـ بەت.

[10] توك جىنجۇن: «باللىق قەلب چاڭ ـ توزان باسقان خاتىرىلەرنى ئويغاتتى»، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 5 ـ سان، 72 ـ بەت.

[11] توك جىنجۇن: «باللىق قەلب چاڭ ـ توزان باسقان خاتىرىلەرنى ئويغاتتى»، تەڭرىتاغ ژۇرنىلى 2009 ـ يىللىق 5 ـ سان، 73 ـ بەت.

[12] ئەركىن روزى: «بۇ يەردە كېيىنكىلەرنىڭمۇ ھەققى بار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشرى، 6 ـ بەت.

[13] پەرھات ئىلياس: «كىرورانلىق بالىلار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 98 ـ بەت.

[14] پەرھات ئىلياس: «كىرورانلىق بالىلار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 103 ـ بەت.

[15] پەرھات ئىلياس: «كىرورانلىق بالىلار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 432 ـ بەت.

[16] پەرھات ئىلياس: «كىرورانلىق بالىلار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 432 ـ بەت.

[17] توك جىنجۇن: «باللىق قەلب چاڭ ـ توزان باسقان خاتىرىلەرنى ئويغاتتى»، «تەڭرىتاغ» ژرنىلى 2009 ـ يىللىق 5 ـ سان، 72 ـ بەت.

[18] پەرھات ئىلياس: «كىرورانلىق بالىلار» شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 405 ـ بەتتىن 410 ـ بەتكىچە.

[19] پەرھات ئىلياس: «كىرورانلىق بالىلار»، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 2009 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 411 ـ بەتتىن 413 ـ بەتكىچە.

[20] ئەزىز نەسىرنىڭ: «ھازىرقى بالىلار كارامەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ بەت (كىرىش سۆز).

[21] ئەزىز نەسىرنىڭ: «ھازىرقى بالىلار كارامەت»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 182 ـ بەت.

[22] سېلما لاگەلوفنىڭ: «نىلىسنىڭ غاز ئۈستىدىكى ساياھىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 5 ـ بەت (كىرىش سۆز).

[23] تۇرسۇن قۇربان: «مائارىپ ۋە بالىلار ئەدەبىياتى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1996 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 373 ـ بەت.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقات يۆنىلىشىدىكى 2009 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى



# «جەننەت چۈشى»گە تەبىر

كېبىر ھىمىت

«ئادەم ئاجايىپ مەخلۇق، تىرىك چېغىدا بىر ـ بىرى بىلەن ئەپ ئۆتمەيدۇ. ئەقەللىيسى ئەخلاق ۋە مەجبۇرىيەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆزىنىڭ تۇرلۇك ھەۋەسنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا ياشايدۇ. ئاقىۋەت ئېرىشكەن ۋە ئېرىشەلمىگەن دۇنيا قىلىپ، ئۆزى باشتا قانداق كەلگەن بولسا، ئۇ ئالەمگىمۇ شۇنداق كېتىپ قالىدۇ.» مانا بۇ ئابلىكىم ئەبەيدۇللانىڭ «جەننەت چۈشى» ناملىق ھېكايە ـ پوۋېستلار توپلىمىدىكى مۇھاكىمە. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى ئۆزىدىكى بىر قاتار خاسلىقى بىلەن ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ خەلق تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرىنى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى ۋە رەڭدار تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەپ بەرگەن.

مەلۇمكى، «ئەدەبىيات ئىنسان روھىنى قازغۇچى پەن» بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەسىرلەردىن بېرى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەمراھ بولۇپ كەلمەكتە. جۈملىدىن ئەدەبىيات ئىنسان روھىنىڭ ئەركىن بوشلۇق ئىزدەپ ھاياتنى قاپلاپ تۇرغان سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەنىۋى رامكىلارغا ئۆزلۈكسىز ئۆرۈلۈش جەريانىنىڭ يازغۇچى تەرىپىدىن خاتىرىگە ئېلىنغان بەدئىي كارتىنىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يازغۇچى ئابلىكىم ئەبەيدۇللا «جەننەت چۈشى» ناملىق ئەسىرىدە رەڭدار تۇرمۇش قاتلاملىرىدا، مۇرەككەپ كىشىلىك ھايات زەنجىرىدە شەكىللەنگەن ئۆزگىچىلىكلەرنى، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى، قىممەت قارىشىدىكى جىددىي ئۆزگىرىشلەرنى ئىنچام، جانلىق كۆرۈنۈشلەر ۋە ھەر خىل قاتلامدىكى كىشىلەرنىڭ ئوبرازى ئارقىلىق كۆز ئالدىمىزدا نامايان قىلىپ بەرگەن. جۈملىدىن يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك تۇرمۇش تەجرىبىسى ۋە كۆزىتىش جەريانىغا تايىنىپ، تۇرمۇشتىكى يېڭى تېمىلارنى ۋە زىددىيەتلەرنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، پېرسوناژلارنى كونكرېت ۋەقەلىك ۋە ئالاھىدە مۇھىت ئىچىگە قويۇپ تەسۋىرلەپ، ئەسەردە خېلى زور بەدئىي قىممەت ياراتقان. بىز «جەننەت چۈشى» ناملىق بۇ توپلامدىكى ئەسەرلەرنى تەھلىل قىلساق تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە ئالاھىدىلىكنى بايقايمىز.

بىرىنچى، پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى دەۋرگە ماسلاشقان.

ھەر بىر دەۋرنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى بولىدۇ. جۈملىدىن بۇ خىل ئالاھىدىلىك سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۆزگىچىلىكلەر ئىچىدە ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە توختاۋسىز ئۆزگىرىش ھالىتىنى، رەڭدارلىقىنى ساقلايدۇ. يازغۇچى دەۋر ياراتقان مەئىشەتلەر ۋە بىر قاتار خاسلىقلار ئىچىدە ياشاۋاتقان بولغاچقا، ئەسەرلىرىدىمۇ دەۋرنىڭ ئۆزگىچە تۈسى، شۇ دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى تەلىپى، سىياسىي، ئىجتىمائىي قاتلاملاردىكى تۈرلۈك مۇناسىۋەت تورى ۋە تەرەققىيات سۈرئىتىنى ئىپادىلىمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.

«جەننەت چۈشى» توپلىمىغا كىرگۈزۈلگەن ھېكايە ـ پوۋېستلاردىكى پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازى دەۋرنىڭ روھىغا ماس ھالدا خاراكتېرلەنگەن بولۇپ، دەۋر ئاتا قىلغان جىددىي ئۆزگىرىش ئىچىدىكى مۇھىتتا يورۇتۇلغان. مەسىلەن: «سەھرا گۈزىلىنىڭ قىسمىتى» ھېكايىسىدىكى ئالىم بىلەن مەرھابا ئوبرازى؛ «قوشنام» ھېكايىسىدىكى ئەممەت توقىنىڭ ئوبرازى؛ «كېسەل يوقلاش» ھېكايىسىدىكى

ئاياللارنىڭ ئوبرازى؛ «كېپەنلەنگەن روھ» ھېكايىسىدىكى خەلچەم قونچاق بىلەن تۇراپنىڭ ئوبرازى؛ «ھاراق» ھېكايىسىدىكى پەرھات، زاھىر، مەنسۇر، ئابلەت ئوبرازى؛ «مايمۇن شاھ» ھېكايىسىدىكى ئۆمەر ئوبرازى؛ «ئازغۇن» پوۋېستىدىكى زايىت ئوبرازى قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ گاھىلىرى ھاياتنى قىزغىن سۆيۈپ، مۇھەببەتكە سادىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن تەقدىر ـ قىسمەت ئۇلارنى يەنىلا ئارزۇسىغا يەتكۈزمەيدۇ. يەنە بەزىلىرى شۆھرەتپەرەسلىك، ھوقۇقپەرەسلىك ۋە يۇقىرىغا ئۆرلەش تاما ـ ئىستەكلىرى ئارىسىدا توختىماي پىرقىراپ، ئۆزىنىڭ ئادىمىيلىك قىممىتىنى بۇلغايدۇ. يەنە بەزىلىرى تۈگىمەس ئولتۇرۇش، ئىچىشۋازلىقلار ئىچىدە ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. جۈملىدىن بۇ ئوبرازلار جەمئىيەتنىڭ ھەرخىل ئىجتىمائىي گەۋدىسىدە، دەۋر ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلار ئارىسىدا گاھ ئۆرلىسە، گاھ چۈشۈپ تۈرلۈك قىسمەتلەرگە ئۇچراپ تۇرغانلىقىنى سىڭىشلىك، قايىل قىلارلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن. يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ چوڭقۇرلىساق، كىشىلەرنىڭ زامانىۋى تەرەققىيات ئۆزگىرىشلىرى بىلەن ئېڭىدىكى ئەنئەنىۋى قېلىپلار ئۇچراشقان چاغدىكى تىركىشىش ۋە يېڭىلىنىش ئىچىدە گاڭگىراپ قالغاندا ئىنسان ھاياتى تىراگېدىيەلىك ئاقىۋەتلەر بىلەن تۈگەنلىنىدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەن. ئەسەردىكى ئوبرازلارنىڭ كۈچلۈك دەۋر روھى بىلەن سۇغىرىلىشى ئۇلارنىڭ بەدىئىي جەلپ قىلىش كۈچىنى يارقىنلىققا ئىگە قىلغان. شۇنداقلا، يازغۇچى پېرسوناژلار ئوبرازى ئارقىلىق باش تېمىنى ئېچىپ بېرىش مەقسىتىگە تولۇق يەتكەن.

ئىككىنچى، تۇرمۇشتىكى ئاددىي كۆرۈنۈشلەرنى تەسۋىرلەش بىلەن بىللە يەنە يېڭىدىن پەيدا بولغان بەزى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى يېزىشقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن.

«جەننەت چۈشى» ھېكايىسىدە يازغۇچى تۇرمۇشنىڭ ئاددىي دېتاللىرى ئىچىدىن، كىشىلەر دىققەت قىلمىغان نۇقتىلارنى ئىنچىكە كۆزىتىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئاددىيلىق ئىچىدىكى خاسلىقىنى يارىتىشقا ئەھمىيەت بەرگەن. يەنى «ھەممە كىشىنىڭ كۆڭلىدە بار، ئەمما ھېچكىمنىڭ قەلىمىدە يوق «بولغان تەپسىلاتلارنى يېزىشقا تىرىشقان. مەسىلەن: «ئەي ئادەملەر»، «جەننەت چۈشى»، «مەن ئۇيقۇدا» قاتارلىق ھېكايىلەردە يازغۇچى ئوقۇرمەنلەرنىڭ تۇرمۇشىدا كۆپ ئۇچرايدىغان ئاددىي كۆرۈنۈشلەرنى بەدىئىيلەشتۈرۈپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئۆزگىچىلىك ھاسىل قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە پېرسوناژلارنىڭ غەپلەتلىك چۈشى ۋە خام خىياللىرى ئارقىلىق ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا زاھىر بولغان غىل ـ پال خىيالى، رېئاللىقنى، جۈملىدىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەمەلگە ئاشۇرۇش مۇمكىن بولمىغان، ھەتتا ئىجتىمائىي رامكىلارغا زىت بولغان كۆرۈنۈشلەرنى دادىللىق بىلەن قەلەمگە ئېلىپ، ئەسەرنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئاشۇرغان.

يەنە بىر تەرەپتىن، يازغۇچى ئەسەردە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىمۇ قەلەمگە ئېلىشقا تىرىشقان بولۇپ، ئەسەردە بۇ خىل يېڭى ھادىسىلەرنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. تەرەققىيات تۇرمۇشىمىزغا رەڭگارەڭ كۆرۈنۈشلەرنى ئاتا قىلدى. بىز رەڭدارلىققا تولغان مۇھىت ئىچىدە ياشاۋاتىمىز؛ بەزىلىرىمىز خۇددى كىسرەش ئىچىدە ئېغىر قەدەملىرىمىزنى سۆرەپ ماڭساق، يەنە بەزىلىرىمىز ئەشۇ رەڭلەرگە يەنىمۇ رەڭ قوشۇپ، يېڭى تۈس بېرىشكە ئالدىراۋاتىمىز. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلىشىشى تۇرمۇشىمىزغا، ئېڭىمىزغا بۆسۈپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن ئادىمىيلىك ئۆلچىمىمىزدە روشەن ئۆزگىرىش بولدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن مۇرەككەپ كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە تېخىمۇ سوغۇق قان، ئېھتىياتچان بولۇپ، پۇلنىڭ ئالماشتۇرۇش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتتۇق. روھىيىتىمىزدىكى ساپ، بىغۇبار كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت تۇيغۇسى شەھەرلىشىش شاۋقۇنى ئارىسىدا كۈنسېرى يېگىلەپ قېلىشقا، يوقىلىشقا يۈزلىنىۋاتىدۇ. ئاپتور مانا مۇشۇنداق ئىجتىمائىي رېئاللىقنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ قەلەمگە ئالغان. ئەسەرلىرىدىكى پىششىقلانغان كۆرۈنۈشلەر، كونكرېتلاشقان ۋەقەلىكلەر، تىپىكلەشتۈرۈلگەن ئوبرازلار ئارقىلىق ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇرمەنلەرگە ئېستېتىك تەربىيە بېرىشكە ئەھمىيەت بەرگەن.

ئۈچىنچىدىن، نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتى گەۋدىلىك قەلەمگە ئېلىنغان.

ئىنسان مەيلى قايسى توپقا تەۋە بولسۇن، ئۇنىڭ مەلۇم ئەزالاردىن تەركىب تاپقان ئائىلىسى بولىدۇ. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەندەك، كىشى ئۆز ئائىلىسىدە ئۆزىنى بىخەتەر ۋە بەختلىك ھېسابلايدىغانلىقىدىن ئىبارەت بىر ھەقىقەتنى يارقىنلاشتۇرۇپ بەرگەن. نىكاھ مۇناسىۋىتى ئائىلە ئەزالىرى مۇناسىۋەت سىستېمىسىدىكى مۇھىم، مۇرەككەپ ۋە نازۇك مۇناسىۋەت. بۇ خىل مۇناسىۋەتكە قىلچىلىك سەل قارالسا كەچۈرگۈسىز ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بىز رېئاللىقىمىزدا بەختسىزلىككە تولغان ئائىلىلەرنى، ئاتا ـ ئانا مېھرىگە زار بولۇۋاتقان سەبىي

بالىلارنى، پۇشايماندا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقان قەلبلەرنى. ئازابتا ئۆرتەنگەن يۈرەكلەرنى كۆرگەن ۋە كۆرۈۋاتىمىز.

«جەننەت چۈشى» ناملىق ئەسەردە ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن يېڭىچە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش شەكلىگە ئېلىپ كەلگەن زور ئۆزگىرىشلىرىگە ئەستايىدىل دىئاگنوز قويۇپ چىققان. ئاپتور بۇ نازۇك تېمىنى يىپ ئۇچى قىلىپ، نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىنى، شۇنداقلا بۇ مۇناسىۋەتنىڭ داۋالغۇشىدىن كېلىپ چىققان ھەر خىل پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى بەدىئىي كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنغان. «شەيتان» ھېكايىسىدىكى ئىنتىزار قەلبىدىكى مۇھەببەتلىك تۇيغۇنىڭ ئارىسالدىلىقى بىلەن تېڭىرقىغان ھېسسىياتنىڭ قىيناشلىرىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. مۇھىمى يوشۇرۇن ئېڭىدىكى قارشىلىشىش سەۋەبىدىن ئاخىرىدا دىلئاي بىلەن ساھىبجامالنىڭ پاجىئەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىدىن ئىبارەت يېشىمى بىلەن ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويلاندۇرغان؛ «ئاجراشقۇم يوق ئىدى» ناملىق ھېكايىدىكى ئوغۇل، كېلىن، قېيىنئانا ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنى چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان بەختسىزلىك؛ «كېپىنىلەنگەن روھ»تىكى مۇرات بىلەن خەلچەم قونچاق ئوتتۇرىسىدىكى بىر-بىرىنىڭ ئارزۇسى بىلەن ئائىلە تۇرمۇش رېئاللىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تۇراپنىڭ تۈگمەس ئازابلىرى بىلەن خەلچەم قونچاقنىڭ قانلىق پاجىئەسى؛ «ئاي دېغى» ھېكايىسىدىكى خالىس، نۇرسىمان ۋە ئۇنىڭ ئېرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋە مۇھەببەت گۈلىنىڭ ۋاقىتسىز توزۇشى؛ «ئازغۇن »پوۋېستىدىكى زايىتنىڭ ئۆمرىدىكى نىكاھ، مۇھەببەت دولقۇنلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىلگىرى-كېيىن ئالغان بىرقانچە ئايالى بىلەن بولغان مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا كوچىدا ئۆلۈپ كېتىشى، مانا بۇ قىسمەتلەر بىزنى ئويلاندۇرىدۇ. بىز يۇقىرىدىكى تەپسىلاتلاردىن يازغۇچىنىڭ نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىنى جەمئىيەتتىكى مۇناسىۋەتلەرنىڭ مەركىزىگە قويۇپ تەسۋىرلىگەنلىكىنى، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنى ئۆزىگە ۋە تۇرمۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلسا، شۇنداق جاۋابقا ئېرىشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت پەلسەپىۋى يەكۈن ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىشقا ئۈندىگەن.

تۆتىنچىدىن، تۇرمۇشنىڭ خۇنۇك تەرەپلىرىنى ئېچىپ بېرىشكە ئەھمىيەت بەرگەن.

ھايات زىددىيەتلەر كۈرىشىنىڭ چەكسىز داۋام قىلىشى. زىددىيەتلەرنىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇشى، سۈپەت ئۆزگەرتىشى قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى. گۈلنىڭ تىكىنى، تىكەننىڭ گۈلى بولغىنىدەك، تۇرمۇشتىمۇ ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان، كىشىنى بەخت تۇيغۇسىغا چۆمدۈرىدىغان ۋە كىشىگە ئارزۇ-ئىستەك بېغىشلايدىغان گۈزەللىك بولۇپلا قالماستىن، كىشىنى ئازابقا مۇپتىلا قىلىپ، يىرگىنىش تۇيغۇسىنى، ئۆچمەنلىك ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان خۇنۇكلۇكمۇ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. ئەدەبىيات تۇرمۇشنى، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسىنى بەدىئىيلەشتۈرۈپ بايان قىلغۇچى سۈپىتىدە تۇرمۇشتىكى خۇنۇك تەرەپلەرنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. چۈنكى، خۇنۇك تەرەپلەر ئەسەرنىڭ ئېستېتىك زوق بېرىشى، گۈزەللىكنىڭ يارقىنلىشىشى، ياخشىلىق بىلەن رەزىللىكنىڭ سېلىشتۇرمىسى، زىددىيەتنىڭ كەسكىنلىشىشى، پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ يارىتىلىشى قاتارلىق بىر قاتار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا يورۇتۇلىدىغان ئاساسىي نىشان. ھەتتا ئۇ ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تەربىيەۋى ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

«شەيتان» ھېكايىسىدىكى شۆھرەتپەرەسلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنتىزارنىڭ روھىي ھالىتى ۋە ئۇنىڭ ئوبرازىدىكى خۇنۇك تەرەپلەر؛ «قوشنام» ھېكايىسىدىكى ئەمەتكام ۋۇجۇدىدىكى، بولمىغۇر خۇنۇك تەرەپلەر؛ «جەننەت چۈشى» ھېكايىسىدىكى سىراجىدىن موللىنىڭ مال-دۇنياغا ئامراقلىقى، ئۆلۈشكە رازىكى، بىر تىيىننىمۇ ئىئانە قىلىشقا بەرمەيدىغان نادان، جاھالەتپەرەسلىكى؛ «ھاراق» ھېكايىسىدىكى پەرھات، ئابلەت، زاھىر، سادىق قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئىچەرمەنلىك كېسىلى ۋە ھاراققا چېتىشلىق بولغان ئېچىنىشلىق ۋەقەلەر؛ «ئەي ئادەملەر» ھېكايىسىدە تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژلارنىڭ ھاراق ئۈچۈن ھايا-نومۇس، ئەخلاق، ۋىجدانىنى بىر يانغا قايرىپ قويۇپ ھەممە نەرسىدىن ۋاز كېچىشكە تەييار تۇرىدىغان يامان ئىللەتلىرى؛ «ساقچى باشلىقنىڭ خىيالى»، «سىم ھەققىدە لەتىپە»، «مايمۇن شاھ» ھېكايىلىرىدە ئىپادىلەنگەن يۇقىرىغا يامىششىش، ھوقۇقپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، خوشامەتچىلىك... قاتارلىقلار جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىدىكى بىر قىسىم ئىللەتلەرنى ئېچىپ بەرگەن. جۈملىدىن، ئاپتور بولارنى يېزىش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى سۆيۈندۈرىدىغان، ھېسداشلىقىنى قوزغايدىغان، بەخت تۇيغۇلىرىغا چۆمدۈرىدىغان تەرەپلەرنىڭ بولۇشى بىلەن بىللە يەنە كىشىلەرنى يىرگەندۈرىدىغان، غەزەپلەندۈرىدىغان، خۇنۇك تەرەپلەرنىڭمۇ بارلىقىنى ئالاھىدە ئىپادە قىلغان.

شۇنداقلا دادىللىق بىلەن خۇنۇكلۇكنى قەلەمگە ئېلىپ، ئۇنى تىپىك ئوبرازلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ۋە بەدىئىي زوق بېرىش قىممىتىنى ئاشۇرۇشقا ئالاھىدە دىققەت قىلغان.

بەشىنچىدىن، يازغۇچى ۋەقەنىڭ ھەل قىلىنىشىنى چىنلىققا ئىگە بولۇشقا ئەھمىيەت بەرگەن.

ئەسەردىكى ۋەقەلىك ھامان ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ بەدىئىيلەشتۈرۈلگەن كارتىنىسى. ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشى ۋە ھېسسىياتنىڭ قانات يېيىشى ئەسەردە مەركىزىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇنداقلا، ئەسەرنىڭ سيۇژىتىدىكى ئەگرى-توقايلىقنى چۆرىدەپ ھېسسىياتنى يارقىنلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنىڭ سيۇژىت راۋاجىدىكى تەبىئىيلىك ۋە چىنلىق ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ۋەقەلىكنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىشىنىڭ مۇناسىۋىتى باشقا بۆلەكلەرنىڭكىگە قارىغاندا مۇرەككەپ بولىدۇ. بولۇپمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەبىئىي بىر تەرەپ قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئۆلچەم، ئۇنىڭ ئۇچۇن يۇقىرى بەدىئىي دىت بولۇشى كېرەك. چۈنكى، رېئاللىقتىكى بەزى ۋەقەلىكنىڭ ماھىيەتلىك يىلتىزى قاچان باشلانغانلىقىنى ئىنساننىڭ ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيدۇ،، شۇنداقلا ئۇنىڭ قاچان ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى بىلىشكىمۇ ھەم قادىر ئەمەس. شۇنداق ئىكەن ئەسەردىكى مەلۇم ۋەقەلىكنىڭ سيۇژىت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن ئاخىرلاشقانلىقى رېئاللىقتىكى ۋەقەنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. شۇڭا، يازغۇچىلار بۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى نازۇك مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلسا، ئوقۇرمەن ئەسەرنىڭ ئاخىرلىشىشى بىلەن يەنە ئاخىرلاشمىغان قانداقتۇر بىر ۋەقەنىڭ، ھەل قىلىنمىغان پېرسوناژلار تەقدىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلالايدۇ.

دېمەك، «جەننەت چۈشى» ناملىق ئەسەرنى ئوقۇغان ھەر بىر ئوقۇرمەن ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا يازغۇچىنىڭ نىمىدۇر بىر ئىشنى ئىشارە قىلىۋاتقانلىقىنى، ھېكايە-پوۋېستلاردىكى ۋەقەلىكنىڭ قانداقتۇر بىر بۆلىكىنىڭ تېخى ئاياغلاشمىغانلىقىنى، ئەسەر پېرسوناژلىرىنىڭ تەقدىرىدىكى تېخى ھەل قىلىنمىغان مەلۇم بۆلەكنىڭ يوشۇرۇن ھالىتىنى غۇۋا ھېس قىلىدۇ ياكى گاڭگىراش ئىچىدە ئەسەر ئۈستىدە قايتا مۇلاھىزىگە ئۆتۈشكە ئىشتىراك قىلىدۇ. قىسقىسى، يازغۇچى بەزى ۋەقەلىكنىڭ تەبىئىي ئاخىرلىشىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، بۇنى تەبىئىي يۈزلىنىشنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرگە تېخى ئاخىرلاشمىغان مەلۇم يوشۇرۇن سيۇژىت لىنىيەسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت بەدىئىي ماھارەتنى ئىشلەتكەن. بۇ ماھارەت يازغۇچىنىڭ قەلىمىدىكى ئىستىل خاسلىقى بولۇپ، ئەسەرنىڭ زوقلىنىش قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن.

«جەننەت چۈشى» ناملىق بۇ توپلامدىكى ئەسەرلەردە يۇقىرىقىدەك بىر قاتار خاسلىق ۋە ئارتۇقچىلىقلاردىن باشقا بەزى يېتەرسىزلىكلەرمۇ مەۋجۇت. ئەڭ ئاۋۋال كۆزىمىزگە چېلىقىدىغىنى ۋەقەلىكنى ئاساس قىلىپ بايان قىلىشتەك كونىلىق خاھىشى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان. ۋەقەلىكنىڭ مەركىزى بولغان پېرسوناژلارنىڭ روھىيىتىدىكى ياتلىشىش، يىمىرىلىش، تېڭىرقاشلارنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىشى يەنىلا يېتەرسىز. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئىندىۋىدۇئاللىقنى گەۋدىلەندۈرۈشى كەمچىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى قېلىپقا چۈشمەيدىغان، ئىككى ياقلىملىق، زىددىيەتلىك تەرەپلەرنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ قېزىلمىغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئاپتورنىڭ تىل ئىشلىتىشىدە باشتىن-ئاخىر تەكرارلىنىش مەۋجۇت. بايان تىلى، پېرسوناژلارنىڭ دىئالوگى ۋە مونولوگلىرىدا خاسلىق كەمچىل. جۈملىدىن، يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە خاس تىما تاللاش سەزگۈرلۈكى ياخشى بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىگە تەۋە بەدىئىي تىل مۇھىتى يارىتالمىغان. يازغۇچى ئىزدىنىش، ئۆزىگە خاس يول تېپىش باسقۇچىدا بولغاچقا، يۇقىرىدا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك بەزى يېتەرسىزلىكلەردىن خالىي بولمىقى مۈشكۈل. شۇنداقتىمۇ بەدىئىي دىتىنى، تەپەككۇر كۆزىنى چىنىقتۇرۇش يەنىلا ئۆزىدىكى يېتەرسىزلىكنى بايقاش ۋە توغرا بىر تەرەپ قىلالىشىغا باغلىق.

ئومۇمەن «جەننەت چۈشى» ناملىق توپلامدىكى ھېكايە-پوۋېستلار تېما جەھەتتە دىققەت مەركىزىنى كىشىلىك تۇرمۇشىمىزدا كۆرۈلۈۋاتقان ھەر خىل يېڭىچە ھادىسىلەرنى تەسۋىرلەشكە، كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىدىن يىراقلىشىپ، يېڭىلىنىۋاتقان دۇنيا قارىشى، يوقىتىپ قويىۋاتقان ئادىمىيلىك ئۆلچەملىرى، يېگىلەۋاتقان ئەخلاق-پەزىلەتلىرى، بۇلغىنىۋاتقان كىملىك روھى قاتارلىق بىر-بىرىدىن مۇھىم تېمىلارنى قەلەمگە ئېلىشقا قاراتقانلىقى ئوقۇرمەنلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. بۇنىڭدىن بىز يازغۇچى ئابلىكىم ئەبەيدۇللانىڭ بۈگۈنكى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېستېتىك تەلىپىنى چىقىش قىلغان ئاساستا يېڭىچە تېما، يېڭىچە پىكىر، يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن يۇغۇرۇلغان تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەرنى يورۇقلۇققا چىقىرالايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز!

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو ھازىرقى ۋە بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى 2009-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى



# ئايال ۋە رويال

ئابلەت ئابلىكىم

يازغۇچى سەنماۋ «ئاياللار بىر رويال، ئۇ بىرەر مەشھۇر مۇزىكانتنىڭ قولىغا چۈشسە، مەشھۇر مۇزىكىلارنى ئورۇنلىيالايدۇ، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشسە ئاددىي مۇزىكىلارنى ئورۇنلىشى مۇمكىن، ئەگەر ئۇ رويال چېلىشنى بىلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشسە ھېچقانداق مۇزىكىنى ئورۇندىيالماسلىقى مۇمكىن» دېگەن.

بىزدە «ئەرنى ئەر قىلغانمۇ خوتۇن، يەر قىلغانمۇ خوتۇن» دېگەن ھېكمەتنىڭ نوپۇزى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن بىر ئايالغا نىسبەتەن ئۆلگىلىك ئەرنىڭ ئالاھىدە تەسىرىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ.

ئەرلەر بىلەن ئاياللار بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئۇلار قوشۇلۇپ بىر پۈتۈن دۇنيانى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا، «ئائىلىدە ئەر مۇھىممۇ، ئايالمۇ؟»دېگەن سوئال باش-ئاخىرى چىقمايدىغان بىمەنە تېما بولۇپ قالغان.

كېچە بىلەن كۈندۈزدەك بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئەر-ئاياللار نېمە ئۈچۈن بەزىدە ئەشەددىي رەقىبلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ بۇنىڭدا نۇرغۇن سەۋەب بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئاساسىي سەۋەب ئىنسان تەبىئىتىنى چۈشىنىش، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولمىغانلىقىدا. ئادەتتە ئەرلەرنىڭمۇ، ئاياللارنىڭمۇ ئۆزىگە خاس دۇنياسى بولىدۇ. بۇ دۇنيانى چۈشىنىش، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىش ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىكى مېھىر-مۇھەببەتنى كۈچەيتىپ، ئىللىق ئائىلە بەرپا قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

سىز ئايالىڭىزنى چۈشىنەمسىز؟

ئەگەر بىرىگە بۇ سوئالنى قويسىڭىز، ئۇ «ئايالىم بىلەن ياشاۋاتقىنىمغا خېلى يىللار بولغان تۇرسا، نېمىشقا ئۇنى چۈشەنمىگۈدەكمەن» دەپ جاۋاب بېرىشى مۇمكىن. ئەمەلىيەتتە، ئەر-ئاياللار بىر-بىرىنى چۈشەنمەسلىك سەۋەبىدىن ئىككى قۇتۇپقا ئېغىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

ئاياللار مېھىر-مۇھەببەتنى قەدىرلەيدۇ، مۇھەببەتلىك ھاياتنى ئۇلۇغلايدۇ. لېكىن، ئەرلەر كۆپ ھاللاردا مۇھەببەتنى ئىپادىلەشكە سەل قارايدۇ. ئاياللار گۈزەللىكنى سۆيىدۇ، گۈزەللىككە ئىنتىلىدۇ، دۇنيانىڭ گۈزەل بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئېھتىياجى قانائەت تاپمىغاندا ئۇلار ئاسانلا مەيۈسلىنىپ قالىدۇ.

ئاياللار بىلەن ئەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشلەر كۆپ ھاللاردا تۇرمۇشتىكى ئاددىي ئىشلار بىلەن باغلانغان بولىدۇ. سىز ئايالىڭىز بىلەن نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازار ئايلانغىنىڭىزدا، ئايالىڭىزنىڭ تېجەمەللىكى ئىچىڭىزنى سىقىپ قويۇشى مۇمكىن. سىز جىلە بولۇپ غۇدۇراپ قويىسىز، بۇنىڭ بىلەن بەزىدە كۆڭۈلسىز ئىشلار يۈز بېرىدۇ...

ئەرلەر ئەمەلىيەتچىل كېلىدۇ. ئاياللار رومانتىك تۇرمۇشقا ئىنتىلىدۇ. بىر خىل خرۇستال قاچا بار دەيلى، ئاياللارنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئىنتايىن ئەتىۋارلىق ئائىلە بۇيۇمى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا ئاياللار ئۇنى ئىنتايىن ئەتىۋارلايدۇ، ئۇنىڭدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. ئەرنىڭ نەزىرىدە خرۇستال قاچا بەش-ئون يۈەنگە يارايدىغان ئادەتتىكى بۇيۇم ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇنۇپ كېتىشى ئايالغا نىسبەتەن ئازاب بولسا، ئەرگە نىسبەتەن ئادەتتىكى ئىش ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتە تاۋۇزنى تىلىپ يېسىڭىزمۇ، چېقىپ يېسىڭىزمۇ، بىر بوتۇلكا ئۈزۈم ھارىقىنى پىيالىدە ئىچسىڭىزمۇ، رومكىدا



ئېچىسىگىزمۇ ئوخشاش، لېكىن ئۆلچەملىك تىلىپ يېگەن تاۋۇز بىلەن ئېسىل رومكىدا ئىچكەن ئۈزۈم ھارىقىنىڭ سىزگە ئاتا قىلىدىغان ھوزۇرى ئوخشىمايدۇ، ئاياللار ئەنە شۇنداق شەكىلگە، گۈزەللىككە، رومانتىكىلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئاياللار ئاق كۆڭۈل، سەممىي، غۇرۇرلۇق، يۇمۇرىستىك خاراكتېرگە ئىگە ئەرلەرنى ياخشى كۆرىدۇ.

بىر مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئاياللارنىڭ ھايات شەجەرىسىگە نەزەر سالساق، ئۇلارنىڭ ئەرلەرنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە، رىغبەتلەندۈرۈشىگە، مېھىر ـ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئەرنىڭ ئارقىسىدا كۆيۈمچان، ۋاپادار بىر ئايالنىڭ بولغىنىغا ئوخشاش، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئايالنىڭ ئارقىسىدىمۇ ۋاپادار، سەممىي، مەسئۇلىيەتچان بىر ئەر بولىدۇ.

خەنزۇچە خەتنىڭ قۇرۇلمىسى تولىمۇ قىزىقارلىق بولۇپ، «ياخشى» (好) دېگەن خەت «ئايال» (女) دېگەن خەتكە ئەر «ئوغۇل» (男) دېگەن خەتنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. بۇ بىر ئەر بىلەن بىر ئايال بىر يەرگە كەلسە ئىشلار ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولىدۇ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاياللار ئەرلەرنىڭ ئۆزىنى چۈشىنىشىنى، دەردىگە دەرمان بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئۆزى ئىزدەۋاتقان نەرسىنى تاپالمىغان ئايال ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ قورقىدىغىنى دەل مەسئۇلىيەتسىز ئەرلەر. چۈنكى، ئۇلار ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ گۈزەل باغنى ئاسانلا قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئائىلە ماھىيەتتە بىر خىل ئېكولوگىيە. ئەر، ئايال، پەرزەنت، ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە قېرىنداشلار بۇ ئېكولوگىيەنى تەشكىل قىلغۇچى تەركىبىي قىسىملاردۇر. ياخشى ئەر ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ ئېكولوگىيەنى قوغداپ، ئائىلىنى ئىناقلىققا تولغان گۈزەل ماكانغا ئايلاندۇرالايدۇ. مەسئۇلىيەتچان ئەرلەر ئاياللارغا خاتىرجەملىك، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلىدۇ.

«بەختلىك نىكاھ قانۇنىيىتى» دېگەن كىتابتا بەختلىك نىكاھ قۇرۇشتىكى بىر چوڭ پرىنسىپ، ئۈچ چوڭ قانۇنىيەت ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇنىڭدىكى بىر چوڭ پرىنسىپ: ياخشى ئادەم بولۇش پرىنسىپى، يەنى ياخشى ئادەم تېپىش، ئۆزىمۇ ھەم ياخشى ئادەم بولۇش.

ئۈچ چوڭ قانۇنىيەت: خانىم بولۇش قانۇنىيىتى، خانىمنىڭ مەڭگۈ توغرا بولۇپ تۇرىدۇ؛ بالا قانۇنىيىتى، بالا دېگەن ھامان بالا، ئەرمۇ ھەم بالا. ئۆي ـ بىسات قانۇنىيىتى، قوش كىشىلىك كارىۋاتتىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بولسىمۇ ـ بولمىسىمۇ بولۇۋېرىدىغان نەرسىلەردۇر.

ئەر ياكى ئايال بولسۇن، تۇرلۇك پسىخىك توسالغۇ، زىددىيەت ـ توقۇنۇشلارغا يولۇققاندا يۇقىرىقى بىر پرىنسىپ، ئۈچ قانۇنىيەتنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇنى بىرنەچچە قېتىم تەكرارلىسا بەلگىلىك ئۈنۈمگە ئېرىشەلەيدۇ.

ھەقىقىي ئەر يېتەكلەنگۈچى ئەمەس، يېتەكلىگۈچى بولۇشى كېرەك. پاراسەتلىك ئەر ئايالىدىكى مەنىۋى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاپ، ئۇنىڭ مۇكەممەل ئانا بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

بىر يازغۇچى ئېيتقاندەك، نىكاھ بەئەينى بىر ماشىنىغا ئوخشايدۇ. ئۇ يېڭى چېغىدا ئۇنى ئاسرايسەن، ھەر كۈنى ئۇنى سۈرتۈپ تۇرىسەن، ئەمما كونىرىغانسېرى ماشىنىدىن چاتاق چىقىشقا باشلايدۇ، بەزىدە ئۇنىڭ زاپچاسلىرىنى رېمونت قىلىشقا، ھەتتا ئالماشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ماشىنا كونىراشقا باشلايدۇ، ئەنە شۇ چاغدا ئىختىيارسىز باشقىلارنىڭ ماشىنىسىغا نەزەر سېلىپ قالىسەن. ئۇلارنىڭ ماشىنىسى كۆزۈڭگە چىرايلىق كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ئەمەلىيەتتە كىشىلىك ھاياتتا ماشىنىنى ئالماشتۇرۇش ئەمەس، ئاسراش ھەممىدىن مۇھىمدۇر.

تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بولغىنىغا ئوخشاش، كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭمۇ ئۆزىگە خاس قانۇنىيىتى بولىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىنسانلارنىڭ باھا ۋە تەرىپكە بولغان ئېھتىياجى بىر قەدەر كۈچلۈك بولىدۇ. باھا ۋە تەرىپ كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشىلاپلا قالماي، يەنە كىشىلەرگە خۇشاللىق، بەخت ئېلىپ كېلىدۇ. كىشىلەرنى ئۈمىدلەندۈرۈپ ئالغا يېتەكلەيدۇ.

تەرىپ ۋە باھا ھەرقانداق ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر ئۇنىڭ سېھرى كۈچىگە سەل قارايدۇ.

يازغۇچى سەنماۋ ئېيتقاندەك، ئاياللار رويالغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىدارىغا باغلىق. ئەگەر سىز ئايالىدىن ئىبارەت بۇ «رويال»نىڭ خۇي ـ پەيلىنى ئوبدان چۈشىنىپ، ئۇنى چېلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرەلىسىڭىزلا، مۇقەررەركى، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ زىل ئاۋازلارنى چىقىرالايسىز.

---

ئاپتور: غۇلجا ناھىيە ئۈچئۇن خۇيزۇ يېزا ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى




قۇلۇپ توغرىسىدا سۆز بولسا، كۆز ئالدىڭىزغا شەكلى ۋە رەڭگى ئوخشىمايدىغان قۇلۇپلار كېلىشى مۇمكىن. لېكىن، بۇ ھەر خىل قۇلۇپلارنىڭ ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى پەقەت بىرلا، ئۇ بولسىمۇ كىشىلەر بىللە ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپسىز بولغان قىممەتلىك بۇيۇملىرىنى بىخەتەر، ئىشەنچلىك ساقلاپ بېرىش.

قۇلۇپ ھەققىدە سۆز بولغىنىدا كىشىلەر ئوخشىمىغان نۇقتىدا تۇرۇپ، ئوخشىمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ. بەزىلەر: «ھازىرقى قۇلۇپلار راست ئەمەس، قۇلۇپ قۇلۇپلۇق رولىنى ئۆتىيەلمەيۋاتىدۇ...» دېسە، يەنە بەزىلەر: «ھەممىنى قۇلۇپتىنلا كۆرگىلى بولمايدۇ. قۇلۇپ ھەرقانچە پۇختا بولسىمۇ، رەزىل نىيەتلەر قۇلۇپ ئېچىشنى مەقسەت قىلسىلا ئېچىۋېتىدۇ...» دەپ ئۆز قاراشلىرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولۇشىدۇ. لېكىن بىزگە شۇ نەرسە ئايانكى، مەسىلە قۇلۇپتىمۇ ياكى ئاچقۇچتىمۇ؟ ۋە ياكى بىر تال ئاچقۇچ بىلەن بىر قانچە قۇلۇپنى ئېچىپ يۈرگەن «كەسپ» ئەھلىلىرىدىمۇ؟ بۇنى چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىپ كۆرگىنىمىزدە، ئەيىبنى نوقۇل ھالدا قۇلۇپقا ياكى ئاچقۇچقىلا ئارتىپ قويۇشقا بولمايدىغانلىقى ئايدىڭلىشىدۇ.

شۇنداق، قۇلۇپنىڭ ئىشەنچلىك بولۇشى ھەممىمىزگە مۇھىم. ئەگەر بىز قۇلۇپ ۋە ئاچقۇچنىڭ رولىنى تۇرمۇشىمىزغا تەتبىقلىساق تېخىمۇ ئۆزگىچە پىكىر روجەكلىرىمىز ئېچىلىدۇ. ئۇنداق بولسا بىز ھازىر تۇرمۇشتا قۇلۇپقا ئوخشاش، لېكىن قۇلۇپتىنمۇ مۇھىم بولغان قىزلارنىڭ قەلب قەسرىنىڭ ئىشىكىگە سېلىنغان مەنىۋى قۇلۇپ ئۈستىدە توختىلىپ كۆرەيلى:

قىزلارنىڭ قەلبى ئاجايىپ سىرلىق، ئۇلارنىڭ قەلبى ئېسىل خىسلەتلەر يوشۇرۇنغان، چەكسىز گۈللەر بىلەن قاپلانغان سېھىرلىك قەلئەگە ئوخشايدۇ. ھەركىم بۇ قەلئەنى يىراقتىن كۆرۈپ يېقىنلىششقا، يېقىنلاشقاندا بولسا ئىچىگە كىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى گۈزەللىكتىن ھۇزۇرلىنىشقا ئىنتىلىدۇ. بىراق، قاتمۇ ـ قات ئىشىكلەرگە سېلىنغان ئېغىر قۇلۇپلارنى ئېچىش ئۇنچە ئاسان ئەمەس.

جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىقتىسادلىششىش قەدىمى تېزلەشتى. كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيەت قۇلۇپىنىڭ راست ياكى ساختىلىقى شۇ كىشىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ئۆلچەيدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم بولۇپ قالدى. زامانىۋى تېخنىكىلارنىڭ يېڭىلىنىشى بىلەن زاۋۇتلار ھازىرقى قۇلۇپلارنى ساختا قىلىۋەتتىمۇ؟! بەزى قۇلۇپلار شۇنداق ساختىلىشىپ كەتتىكى،

ئۆزىنىڭ ئاچقۇچىدىن باشقا قانداقلا ئاچقۇچ سالسا ئېچىلىپ كېتىدىغان بولۇۋالىدى. خۇددى شۇنىڭدەك ئىنسانىي ۋىجدانىنى يوقاتقان، مەنىۋىيەت ئېتىزى قاغجىراپ كەتكەن بىر تۈركۈم بۆرە سۈپەت مەلئۇنلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، روھى ئاجىز، يىلتىزى لىڭشىپ قالغانلارنىڭ قەلب قۇلۇپىنى ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا ئېچىۋېتىدىغان بولۇپ قالدى ھەممە بۇلارغا بىر چىرايلىق «ساختا قۇلۇپ» دەپ لەقەم قويۇپ، بارچە تارتقۇلۇقنى قۇلۇپ ئىگىسىگە ئارتىپ قويۇشتى. بىر قىسىم قىزلىرىمىزنىڭ توي قىلماستىنلا ئانا بولۇپ قېلىشى، چېھرىدىكى قىزىللىق، كۆزلىرىدىكى نۇر-زىيا، قەلبىدىكى ئاقلىق، چېچىدىكى قارىلىقنىڭ ۋاقىتسىز سۇلۇشى، ھەتتا ئېچىلماي غۇنچە ھالىتىدىلا چەيلىنىپ توزۇپ كېتىشى ئاشۇ قەلب دەرۋازىسىنىڭ قۇلۇپىنى يات-يوچۇن ئاچقۇچلارنىڭ ھوجۇمىدىن ساقلىيالمىغانلىقىدىن بولۇۋاتىدۇ.

مەشھۇر تاتار ئۆلىماسى رىزائۇددىن ئىبنى فەخرۇددىن: «ئانا بىر قولىدا بۆشۈكنى تەۋرەتسە، يەنە بىر قولىدا دۇنيانى تەۋرىتىدۇ» دېگەندەك، كۆز ئالدىمىزدا ئەخلاقلىق، جاپاكەش، تىرىشچان ئانىلىرىمىز تۇرغۇن. لېكىن، قىزلارنىڭ قەلب قەسرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئاسانلا ئېچىلىپ كېتىشى، ئۆز ئەڭگۈشتىرىنى چىڭ ساقلىيالماسلىقى، قەلب قەسرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى تونۇيالماسلىقى سەۋەبىدىن قىز-ئايالLIرىمىزنىڭ دەرد-زارى ھېلىھەم كۆپ بولماقتا. مانا بۇنىڭدىن بىز ئەتىكى ئانىلىرىمىزنىڭ يۇلتۇزىنىڭ خىرەلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. خىيال كەچمىشىمدە بىردىنلا بىرسى ئېيتقان مۇنۇ گەپلەر ئايان بولدى:

«مەن تاس قالغان ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان بىر قىزنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ ئىككى بالامنى يېتىم قىلىپ، گۈلدەك ئائىلەمنى توزىتىۋەتكىلى...»

مانا مۇشۇنداق ئۆزىنىڭ تاشقى گۈزەللىكى، نازى بىلەن ئائىلىسى بار ئەرلەرنى جەلپ قىلىپ، ئىللىق ئائىلىلەرنى بۇزۇپ، نارەسىدىلەرنى يېتىم قىلىۋاتقانلار ئاز ئەمەس. بىراق، شۇنىڭغا كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، بۇنداق قىزلار پەرۋانىگە ئوخشايدۇ، ئوتنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرىدىغىنىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۆزىنى ئوتقا ئاتقىنى ئاتقان. ئۆزىنىڭ ھامان بىر كۈنى ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ پۇل، مال-دۇنيا، ئەسەبىي ھەۋەسلەر تۈپەيلى ئۆزىنىڭ ئاكىسىدەك، ھەتتا دادىسىدەك كىشىلەرنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتىدۇ. بۇ بىر ئەمەلىيەت. ئەتراپىمىزدا پۇل-مالنى ۋە بىردەملىك ھېسسىياتنى دەپ پۇلى بار بايلارنىڭ قولىدا چەيلىنىۋاتقان نىمجان تەنلەر چىلىقىپ تۇرىدۇ. يىگىرمە نەچچە يىل ئەتىۋارلاپ ساقلىغان قەلب قەسرىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىرىغا يوشۇرۇنغان ئىپپەت دەرۋازىسىنى ئەرزىمەس سەۋەبلەر بىلەن خازان قىلىۋاتقان قىزلىرىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئەسلىدە ئىلغار ئىدىيەلىرىگە ئىگە ستۇدېنتلىرىمىز بولغانىكەن، مىللەتنىڭ سۈپەت-ساپالىق ئانىلىرىدىن بولۇشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇس، مەسىلە يەنە شۇ قۇلۇپ مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىپ قالىدىغىنى كىشىنى چوڭقۇر ئويلاندۇرىدۇ.

كىچىك ۋاقتىمدا چوڭ ئانامنىڭ ئۆيىدە بىر قۇلۇپ بولىدىغان، بۇ قۇلۇپنى بىز «شەھ قۇلۇپ» دەپ ئاتايتۇق. ئىشقىلىپ، بۇ قۇلۇپنىڭ شەكلى ناھايىتى ئاددىي ئىدى. بىراق، بۇ قۇلۇپنى باشقا ھەرقانداق ئاچقۇچ بىلەنمۇ ئاچقىلى بولمايتتى. ھەتتا بازغان بىلەن ئۇرۇپ چېقىپمۇ ئاچقىلى بولمايتتى. شۇڭا، ئۆيدىكىلەر خاتىرجەم ھالدا، بارلىق تەئەللۇقاتلىرىنى ئاشۇ ئاددىيغىنە قۇلۇپقا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۆز ئىشىنى بىمالال قىلىۋېرەتتى. ئۇ چاغلاردا ئۆسۈپ-يېتىلگەن قىزلىرىمىزمۇ ئاشۇ ئاددىي قۇلۇپتەكلا شۇنچىلىك شەرم-ھايالىق ئىدىكى، نىكاھ پەتىسى ئوقۇلۇپ ھالال جۈپتىنى تاپقانغا قەدەر يات-يوچۇن ئەرلەرگە قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزمايتتى. لېكىن، ھازىرقى قىزلىرىمىزدا ئەنە شۇنداق بولۇقا، بازغانلاردىمۇ ئېچىلمايدىغان قۇلۇپتەك مۇستەھكەملىك نەلەرگە يوقالدى؟ نېمىلەرگە تېگىشتۇق؟!...

كلاسسىك ھېكايىلىرىمىزدىكى پەرھاد-شىرىن، تاھىر-زۆھرە، ئەختەم بىلەن گۈلەمخان...قاتارلىقلارنىڭ روھىدىكى ئالتۇن قۇلۇپ ۋە ئالتۇن ئاچقۇچلاردەك قىممەتلەرنىڭ بۈگۈنكى قىز-يىگىتلىرىمىزنىڭ قەلبىدە چوكمە بولۇپ تىنىپ كەتكەنچە، ئۆزىنى ئايان قىلالمىغىنى بىزنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

زامانىمىزنىڭ داڭلىق ئېتوتچىسى ئابدۇكېرىم ئابلىز بىر ئېتوتتا: «بۇرۇنقى ئاياللار ئىپپەت-نومۇسى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى قۇربان قىلغان بولسا، ئەمدىلىكتە بەش مىنۇتلۇق ھېسسىيات ئۈچۈن ئىپپەت-نومۇسنى قۇربان قىلماقتا!» دېگەن ئىدى.

جەمئىيەت تەرەققىي قىلدى. يېڭىلاشلار زور بولدى. شۇنىڭغا ماس ھالدا قۇلۇپلارنىڭ تۈرى، رەڭگىمۇ كۆپ

خىللاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئاچقۇچ تېگىپ كېتىشى بىلەنلا ئېچىلىپ كېتىدىغان قۇلۇپلارمۇ كۆپەيدى. نەتىجىدە بىر قىسىم سۈپەتسىز ئاچقۇچلار بازار تېپىپ، مەنىۋىيەت قۇلۇپلىرىغا تەهدىت ئېلىپ كەلدى.

قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ مەنىۋىيەت قۇلۇپىنىڭ ساختىلىشىغا ئەگىشىپ، «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» دېگەندەك ئېسىل سۆزلىرىمىزگە، قىز ـ ئاياللىرىمىزنىڭ ئاياللىق، ئانىلىق شەنىگە داغ چۈشمەكتە. يىگىتلىرىمىزنىڭ قەلب ئاچقۇچلىرىمۇ ئۇنىۋېرساللىشىپ، خاسلىقىنى يوقىتىشقا ئەگىشىپ ئەرلىك ئوبرازىنى، ئاتىلىق سالاھىيىتىنى يوقىتىپ قويماقتا. بۇزۇلغان ساختا قۇلۇپلارنىڭ تىراگېدىيەلىرى، ئەسەبىي، پۈچەك ئاچقۇچلار تەرىپىدىن ئوغرىلانغان كۆڭۈللەر غېرىبلىق چۆلىدە تەمتىرەپ قالماقتا.

بۇ يەردىكى مەسىلە قىزلار قەلبىگە سېلىنغان مەنىۋىيەت قۇلۇپىنىڭ پاكلىقىنى ساقلاش بىلەن بىللە يەنە ئەركەكلىرىمىزدىكى مەنىۋىيەت ئاچقۇچلىرىنىڭمۇ كۇنسايىن ھىيلىگەر، ساختىپەز بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ ئەستايىدىل ئويلىشىپ كۆرۈشىمىز كېرەك. بۈگۈنى بىر قۇلۇپنى ئاچسا، ئەتىسى يەنە بىر قۇلۇپقا كۆز تىكىدىغان، ئېچىرقاپ كەتكەن پەسكەشلەردە مەسىلە يوقمۇ؟... بىز ئەرلەرمۇ داۋاملىق مەسىلىنى ئاياللاردىن ئىزدەيمىز. بىز ئۆزىمىزنى باشقۇرالىدۇقمۇ؟ بىز ئۆزىمىزدە ئاياللىرىمىز بىزنى شۇنچە ھۆرمەتلەپ ئەزىزلىگۈدەك، بىزگە تىك بېقىپ قاراشقىمۇ ئەيمەنگۈدەك ئېسىل مىجەز، خاراكتېر يېتىلدۈرەلىدۇقمۇ؟ «بالا بېقىش ئاياللارنىڭ ئىشى» دەپ تۈگىمەس ئائىلە بىسىملىرىنى ئاياللارغىلا يۈكلەپ قويماي، ئائىلە مېھرىنىڭ ئىللىقلىقىنى بېرەلىدۇقمۇ؟ ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ بەخت بۆشۈكىمىزنى مەسئۇلىيەت بىلەن تەۋرىتەلىدۇقمۇ؟ بۇلار ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مەسىلە...

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ قايسىبىر سانىدىن مۇنۇ قۇرلارنى ئوقۇغانىدىم: «قىزلارنىڭ ئىپپەت ـ ھاياسىنى قوغداش يەنە بىر تەرەپتىن يىگىت ـ ئەرلەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئەمما، كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇۋاتىمىزكى، يولدىن چىققان قىزلارنىڭ قېشىدا تېخىمۇ بەتتەر تاپتىن چىققان ئەركەكلەر ساماندەك. ھەتتا ‹ئېشەك ئالساڭ مىنىپ ئال› دەپتىكەن، تويدىن بۇرۇن قىزلارنى سىناپ ئالىمىز دەپ شەرمەندىلەرچە تەلەپ قويىدىغان يىگىتلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. قىز ئېشەك ياكى ھايۋان ئەمەس ئىدى، خوتۇن ئېلىش ئېشەك سودىسى ئەمەس، بەلكى ئىشەنچنى ئاساس، ھايانى مەزمۇن قىلغان ئۆمۈر سودىسى ئىدى، ھەقىقەتەنمۇ ھايا ـ نومۇس تۇيغۇسىنىڭ يوقىلىشى تۇرمۇشنىڭ ئەسلىي گۈزەل مەزمۇنىنىمۇ بۇلغىۋېتىدىكەن...» كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، گۇناھنى ھەرگىز قىزلارغىلا ياكى نوقۇل يىگىتلەرگىلا ئارتىپ قويۇشقا بولمايدۇ...

ئانام دائىم بىزگە : «ساندۇقتىكى نەشپۈتنىڭ بىرى مىڭ تەڭگە، كوچىدىكى نەشپۈتنىڭ مىڭى بىر تەڭگە» دەپ تەربىيە قىلاتتى. ئانامنىڭ دېگىنى ئەسلىدە سەن ئۆزۈڭنى قەدىرلىسەڭ، باشقىلارمۇ سېنى قەدىرلەيدۇ، دېگەنىكەن.

ئەي ھۆرمەتكە سازاۋەر گۈزەللىك ئەلچىسى پەرىشتە سۈپەت قىزلار! سەن ئۆزۈڭنى قەدىرلە، تەڭرى ئاتا قىلغان ھاياتىڭدىنمۇ قەدىرلىك بولغان قىزلىق قەسرىڭنىڭ قۇلۇپىنى مەھكەم قوغدا، شۇندىلا سەن ئەزىزلىنىسەن، قەدىرلىنىسەن. ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە سېنى مەڭگۈ سۆيىدىغان، قەدىرلەيدىغان، ئۆمۈرلۈك جۈپتى قىلىپ ئەمرىگە ئېلىپ، سەن ئۈچۈن بىر ئۆمۈر مەنىۋىيەت ئاچقۇچى بولالايدىغان بەرنا يىگىتلەرنىڭ بەخت ئىشىكى ساڭا ئېچىلىدۇ. ئاشىقىڭغا «يۈز كېلەلەيمەنمۇ؟» دەپ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ئۆز ـ ئۆزۈڭگە سوئال قويۇپ كۆرگىن. قەلب بېغىڭنى ئىززەت ـ ئىكرام، ئەدەپ ـ ئەخلاق، مېھىر ـ ۋاپا شەربەتلىرى بىلەن، ئىچسە ـ ئىچسە قانمايدىغان تاتلىق زەمزەم بىلەن سۇغارغىنكى، يىگىتلەر بۇنداق تەمنى باشقا يەردىن تاپالمىسۇن، سەن شۇندىلا ھايات ۋە تۇرمۇشنىڭ بەخت تۆرىدىن ئورۇن ئالالايسەن...

ئەي ھۆرمەتكە سازاۋەر ئوغۇزدەك ئەركەكلەر! سەن بىر قىزنى چىن دىلىڭدىن سۆيگەنىكەنسەن، ئالدى بىلەن ئۇنى چۈشىنىشكە تىرىش، ئۇنىڭ قىزلىقىشىغا ھۆرمەت قىل، مۇھەببىتىگە مۇھەببەت بىلەن جاۋاب قايتۇر. ئەرلىك مەجبۇرىيىتىڭ بىلەن قەلب ئېتىزىڭنى مۇنبەت تۇپراق قىل، بۇ تۇپراق مېھىر ـ مۇھەببەت، ئەقىدە ـ ئىخلاس، سەممىيەت دانچىلىرى بىلەن ئوغۇتلانسۇن! دائىم پەرۋىش قىلىپ تۇرۇشنى ئۇنتۇما، كېيىن سەن ئۆزۈڭ بىر قوللۇق باراقسانلاشتۇرغان گۈلۈڭنىڭ خۇش پۇراق چاچقىنىنى كۆرگىنىڭدە، ئۆمۈرلۈك جۈپتىڭگە مېھىر ـ مۇھەببەتلىك نەزەر بىلەن باققىنىڭدا ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي بىر ئالتۇن ئاچقۇچقا ئىگە بولغىنىڭدىن پەخىرلىنىسەن!...

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە شەرقىي شەھەر مەھەللە ئىش باشقارمىسىدا

# «مەشرەپ ئەخلاقى»نىڭ قىممىتى ھەققىدە

ھۇسەنجان نامان

ئىنسان پائالىيىتىنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدىسى بولغان نۇرلۇق مەدەنىيەت سىستېمىسىدا، ئەجدادلىرىمىز باي ۋە رەڭگا ـ رەڭ مەركىزىي ئاسىيا مەدەنىيىتىنى ياراتقان بولۇپ، بۇ جەرياندا يەرلىك تىجارەت بىلەن خەلقئارا يىپەك يولى سودا ـ ئالاقىلىرىنى بىرلەشتۈرگەن؛ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بىلەن ك لاسسىك يازما ئەدەبىياتنى بىرلەشتۈرگەن. ئىجتىمائىي ھايات داۋامىدا شەكىللەنگەن مۇزىكا ـ ئۇسسۇل بىلەن شېئىرىي ھېسسىياتنى ئوبرازلىق ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، جاھاندا شۆھرەت قازانغان «ئۇيغۇر كلاسسىك 12 مۇقام»نى ياراتقان. ئۇيغۇر مۇقاملىرى قەدىمكى مەنبە ـ ئېقىملىرى، ھازىرقى پارلاق مەدەنىيەت خەزىنىسى بويىچە خەلقىمىزنىڭ يىراق ئۆتمۈشتىكى ئەجدادلارنىڭ ئەجىر ـ مېھنىتى، ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى.

ئۇيغۇر مۇقام ـ مەشرەپلىرى، مەنبە ـ ئېقىملىرى، ئەلنەغمە كلاسسىك شەكىللىرى، بەدىئىي تۈزۈلمىسى، ئەدەپ ـ ئەخلاق مىزانلىرى، مەشرەپ مائارىپى، شۇنداقلا كۆپ تەرەپلىمە تەربىيە ھەم پەلسەپىۋى مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قىممەتلىك «مەشرەپ ئەخلاقىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى» ئاجايىپ مول مەزمۇنغا ئىگە جەزىبىدار خەزىنە!

«ئۇيغۇر كلاسسىك 12 مۇقام»ى يىپەك يولى ئوتتۇرا بەلبېغىدىكى سېھىرلىك سەنئەت بېغى؛ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىي خاراكتېر ۋە ئېتنولوگىيەلىك تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ پوئېتىك داستانى ۋە فولكلور قەسرى؛ ئۇيغۇر خەلقىنى دۇنياغا، كەلگۈسىگە تۇتاشتۇرىدىغان مۆجىزىدار ھېكمەتنامە بولغاچقا، «ئۇيغۇر 12 مۇقام»ى 2005 ـ يىلى ب د ت مائارىپ، پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى پارىژدىكى باش ئىشتابىدا ئېلان قىلىنغان 3 ـ تۈركۈمدىكى 43 خىل «ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىپىك ئەسەرلىرى» تەركىبىگە كىردى («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 2005 ـ يىلى 28 ـ نويابىر خەۋىرى). بۇ شان ـ شەرەپ بىزنىڭ مۇقام ـ مەشرەپلىرىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ئىستىقبالى ئۈچۈن ناھايىتى زور خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. بىز ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنى تەتقىق قىلغاندا، مەشرەپنىڭ كۆڭۈل ئېچىش خاراكتېرىدىكى سەنئەتلىك ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىش بىلەن بىللە ئۇنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ كۆزەتكىنىمىزدە، مەشرەپتىن ئىبارەت بۇ مەدەنىيەت جەۋھىرىنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭىپ كەتكەن خەلقىمىزنىڭ بىر پۈتۈن ئادىمىيلىك پەزىلەتلىرىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ قىممەتلىك ئۈگۈت ـ نەسىھەتلىرى، ئۆرنەك ـ ئۈلگىلىرىنى بايقايمىز. مەسىلەن: «بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە بەر»، «مەشرەپ كۆرمىگەن ئەر، ئەر ئەمەس...» دېگەندەك ھېكمەتلىرىمىز بۇنىڭ دەلىلىدۇر. مانا مۇشۇنداق چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىرلەر ھەردەم بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزنى تاۋلاپ، روھىمىزنى ئاۋۇندۇرۇپ كەلمەكتە.

دېمەك، ئەنە شۇنداق «مەشرەپ ئەخلاقى» ئارقىلىق ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى تونۇپ ۋە تونۇتۇپ، ئەۋلادلارنىڭ روھىنى تويۇندۇرۇپ كەلگەن ئەجدادلىرىمىز نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان مەشرەپلىرىمىزدىكى ناخشا ـ ئۇسسۇل، مۇزىكا ۋە ئويۇن تەركىبلىرىنى ئاساس قىلىپلا قالماستىن بەلكى مەشرەپلەردىكى بىلىم ـ ھېكمەت ئۆگىنىشنى، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشنى، ئەقىل ـ پاراسەتنى، ھەق ـ ئادالەتنى ياقلاشنى، ئەل ـ ئاۋامغا ۋاپادار بولۇشنى، ياخشى ـ يامانغا باھا بېرىشنى، ئىنساپ ـ دىيانەتلىك بولۇشتەك پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە ھازىرلاپ، تەپەككۇر ھەم تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، مەشرەپلەرنىڭ مەنىۋى كۈچىدىن

ئالاھىدە بەدىئىي ئۇنۇمگە ئېرىشىپ كەلگەن. مەسىلەن: تەبىئەت ھادىسىلىرىگە ئاساسلىنىپ « 365كۈن، 12 ئاي، 12 ۋاخ، 24 سائەت»كە تەقلىد قىلىنغان ئۇيغۇر « 12 مۇقام»لىرىنىڭ بىر باشتىن ئېيتسا 24 سائەتتە تۈگەيدىغان مۇقام، مەشرەپ ئاھاڭلىرىنى، 255 نەغمە، 2702 مۇزىكىلىق شېئىر مىسرالىرىنى بىر قىسىم پىشقان ئەلنەغمىچىلەر يادقا بىلىدۇ. ھەتتا قوشاقچى، قىزىقچىلار 1000 كۈپلېتتىن ئارتۇق خەلق قوشاقلىرىنى، 500 دىن ئارتۇق يۇمۇر ـ لەتىپىلەرنى يادقا بىمالال ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى مەشرەپ سورۇنلىرىدا تولۇق نامايان قىلالايدۇ. ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، «مەشرەپ ئەخلاقى»نىڭ ئادەم تەربىيەلەشتىكى رولىغا ھەرگىزمۇ سەل قارىغىلى بولمايدۇ.

«ئۇيغۇر كىلاسسىك 12 مۇقام»ى ئاساسىدىكى مەشرەپ بولسۇن ياكى دولان مۇقام ـ مەشرەپلىرى بولسۇن، شۇنىڭدەك ھەر خىل ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە يەرلىك مەشرەپلەر بولسۇن، «مەشرەپ»بولۇش ئۈچۈن مەشرەپلەردىكى «يىگىت بېشى، مىرىۋاز، نەغمىكەش، ئۇسسۇلچىلار، قىزىقچى»دىن ئىبارەت بەش مۇھىم ئامىل تولۇق بولۇشى كېرەك. ئەگەر بۇلاردىن بىرەرسى كەم بولۇپ قالسا، ئۇ «مەشرەپ »بولمايدۇ. مەشرەپلەردىكى بۇ بەش ئامىل «مەشرەپ ئەخلاقى»نى نامايان قىلىشتا رولى ناھايىتى چوڭ. «مەشرەپ ئەخلاقى» مەشرەپ قائىدە ـ مىزانلىرىنى، مەشرەپ تەرتىپلىرىنى، ھەر كىمنىڭ ئۆز ـ قەدىر قىممىتىنى ساقلاشنى، ئەل ـ ئاۋام، دوست ـ بۇرادەرلەر، مەھەللە ـ كويلاردا ئۆم ـ ئىناق ئۆتۈشنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ كىچىكلەرنى ئىززەتلەشنى، ئەل ـ يۇرتقا، ئائىلىگە، ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادار بولۇشنى، خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى، باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە زىيان سالماسلىقنى، ئاجىزلارغا ۋە يېتىم ـ يېسىرلارغا ياردەم بېرىشنى ئىنسانىي پەزىلەت دەپ بىلىدىغان ياخشى تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش.... قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەشرەپتە يىگىت بېشىنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، يىگىت بېشى مەشرەپنىڭ قائىدە ـ تۈزۈم، پائالىيەت تەرتىپى قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن بىللە مەشرەپ تەرتىپىنى ساقلاشتا باشتىن ـ ئاخىر ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك ئەخلاق ـ پەزىلەتلەرنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ھەمدە ئەخلاققا رىئايە قىلمىغانلارنى، قىلمىشىنىڭ ئېغىر ـ يېنىكلىكىگە قاراپ يۇرتتىن قوغلاپ چىقىرىش، يۈزىگە قارا سۈرتۈپ، ئەل ـ جامائەت ئىچىدە سازايى قىلىش، قاتتىق جازالاش ۋە تەربىيە بېرىش، چۈشەندۈرۈش، سىردىششىش، مەھەللە ئىچىدە ئەيىبلاش ... قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، مەشرەپكە قاتناشقان ئادەملەرگە «مەشرەپ ئەخلاقى»دىكى ئادىمىيلىكنىڭ تۈرلۈك مىزانلىرىنى ئۆگىتىدۇ.

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا كۆڭۈل ئېچىش بىلەن ئەدەپ ـ ئەخلاقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، خەلقىمىزگە.زور مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ كەلگەن. بىز ئۇيغۇرلاردا بۇرۇندىن تارتىپ قائىدە ـ يوسۇننى بىلمەيدىغان، ئەدەپسىز، ئۇرۇشقاق، بوشاڭ، چىدىماس، خۇي ـ پەيلى ئوسال، قوپال... كىشىلەرنى كۆرگەندە «مەشرەپ كۆرمىگەن» دەپ نەپرەتلىنىمىز ياكى مەسخىرە قىلىمىز. بۇ سۆز قانداقتۇر بىرەر ئالىم، پەيلاسوپ ياكى مۇتەپەككۇر، ئۆلىما، شائىر ـ يازغۇچى، بەگ ـ تۆرە، شاھ ـ ۋەزىرلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولماستىن، دەل مۇقەددەس ئۇيغۇر مەشرەپ مەدەنىيىتىدە تاۋلىنىپ چوڭ بولغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈرەك سۆزى. گەرچە ئۇ ئاددىي سۆز بولسىمۇ، «مەشرەپ» بىلىدىغان خەلقىمىز ئۈچۈن يۈكسەك پەلسەپە! بۇ پەلسەپە ئۆزگىچە قىممىتى، ئەھمىيىتى، ۋەزنى بىلەن ئاتا مىراس تارىخىي ئەڭگۈشتەرىمىز بولۇپ كەلگەن. شۇنداق، بۇ سۆز قارىماققا ئاددىي بولسىمۇ، پۈتۈن ئۇيغۇر مەشرەپلىرىنىڭ جەۋھىرىنى ئايان قىلىپ تۇرۇپتۇ!

ئۇيغۇر مەشرەپلىرى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان، خەلقنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئەت ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقنىڭ بارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ باي ۋە رەڭدار سەنئەت شەكلى ئارقىلىق خەلقنىڭ خاپىلىقىنى، خۇشاللىقىنى، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. ئۇ قويۇق مىللىي ئۇسلۇبى ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئاۋام خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئالاقىلىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن، ھەتتا خەلقنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرى شەكلىدە بارلىققا كېلىپ، خەلقنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا ئايلىنىپ كەتكەن سەنئەت شەكلىدۇر. ئۇيغۇر مەشرەپلىرى مول مەزمۇنىغا، نەپىس ھەرىكەتلىك جەريانلارغا، كۆتۈرەڭگۈ روھ، جانلىق كەيپىيات، ئىجادچانلىق روھىغا ئىگە، مىللىي خاراكتېرى ۋە سەنئەت خاراكتېرى روشەن گەۋدىلەنگەن. شۇنداق تۇرۇقلۇق، «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى» ئارقىلىق ئۆزىمىزنى چۈشىنىشكە، ئۆزىمىزنى تونۇشقا ۋە ئۇنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش تۈگۈل، خۇددى ئاتنى ئېشەككە تېگىشكەن نادانىدەك ئەدەپ ـ ئەخلاق گۈلستانى بولغان «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى»لىرىمىزنى

ئەھمىيەتسز هاراق سورۇنلرىغا، مەززىسى يوق رېستوران-بەزملەرگە تېگىشتۇق. ئۆزىمزنىڭ مەدەنىيىتىنى ئۆزىمز قەدىرلىمىدۇق. ھە دېسلا بىزگە ۋابادەك چاپلاشقان ئايىغى چىقماس ئاتالمش «چاي»لارغا چېپىپ يۈرۈپ، «مەشرەپ ئەخلاقىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى»نى ئۇنتۇپ كەتتۇق. ھالىمىزغا باقماي چوڭ-چوڭ يەپ-ئىچىشكە نۇرغۇن ۋاقتىمىزنى، پۇلىمىزنى ئىسراپ قىلىۋەتتۇق. ئۆزىمىز، ئەخلاقىمىز ھەققىدە ئويلىنىشقا چولىمىز تەگمەيلا كەلدى. ئادەمگەرچىلىكنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تۇيۇي، چايلاردىكى يوسۇنلىرىمىز بىلەن، يۈرۈش-تۇرۇشلىرىمىزدىكى شۆھرەتپەرەسلىك بىلەن ئۆلچەشنى ئادەت قىلىپمۇ ئۆلگۈردۇق. ھەتتا تېخى كىم ھاراقنى جىق ئىچەلىسە شۇنى ماختاپ، كىم بەك بۇزۇپ-چېچىشتا نوچى بولسا شۇنى دوراپ، قىزىپ قالغاندا «ئوغۇلبالا» دەك ياشايدىغانلىقىمىزنى نامايان قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزدۇق. ھېچبىر مەدەنىيەت خاسلىقى يوق، ئەدەپ-ئەخلاق ۋە تەربىيەۋى ئەھمىيىتى ئەسلا يوق ئويۇن-تاماشا بىلەن غەپلەتتە قالغانلىقىمىزنى تۇيمايلا قالدۇق. نەتىجىدە، ئانا دەريا تارىم ۋادىسىدا تۇغراقتەك يىلتىز تارتقان بۈيۈك ئاتا مىراسىمىز- «ئۇيغۇر مەشرەپلىرى»دىن يىراقلىشىپ كەتتۇق. ئەكسىچە، بۈگۈنكى دەۋردە دۇنياۋى ئورتاق بىر سىلكىنىش بولۇۋاتىدۇ. ئۇ بولسىمۇ ھەربىر مىللەت ۋە قوۋم ئەجدادلار مەدەنىيىتىنى قايتىدىن تونۇش، ئاشۇ مەدەنىيەتلەر كۆزنىكىدىن ئۆزىنى كۆرۈشنى ئىستەۋاتىدۇ. دېمەك، بىز بۇ ئىستەشنى تولىمۇ كېچىكىپ ھېس قىلدۇق.

ئىلىم-پەننىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىكىدىنمۇ تېز تەرەققىي قىلىپ يېتىلىشى نەتىجىسىدە، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ رىقابەت كۈچى يەر شارىلىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. پۇل، كىشىلىك ھايات، ئىنسان تەبىئىتى، ئەدەپ-ئەخلاق جەھەتتە ئۆزگىرىشلەرمۇ ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئىقتىسادقا بولغان قىزغىنلىقنىڭ ئېشىشى بىلەن، ئىنسانىي پەزىلەتلەر سۇسلاشقا باشلىدى. ئۇچۇر ئالاقىسىنىڭ دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئومۇملىششى بىلەن پۈتۈن دۇنيا بىر كىچىك كەنتكە ئايلىنىشقا باشلىدى. مۇنداق ئەھۋالدا «ئادەم بولماقنىڭ ئالىم بولماقتىن تەس» ۋە مۇھىملىقىنى ئەۋلادلىرىمىزغا تونۇتۇش، ئەدەپ-ئەخلاقنى، ئىنسانپەرۋەرلىك روھىنى تەكىتلەشتە يەنىلا «مەشرەپ ئەخلاقى»نىڭ مەنىۋىيەت يىلتىزىمىزنى جانلاندۇرۇشتىكى قىممىتىگە يەنىلا قايىللىق بىلەن قارىماي تۇرالمايمىز.

---

ئاپتور: ئاۋات ناھىيەلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى

# ھېكمەتلەر

گۈزەللىكنى ھېس قىلغان كىشىلا ھەقىقىي ئىنسان ھاياتىنى بىلىپ يېتىشى ۋە چۈشىنىشى مۇمكىن.

— ف. ئەدزېرژېنىسكى

جەلپ قىلغۇچى كۈچ چىرايغا قارىغاندا، كۆپىنچە ئەقىلگە مۇجەسسەملەشكەن. چۈنكى، چىراي ھۆسنى كۆزگە ئېنىق كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ كۈتۈلمىگەن سىر ئەسرارى يوق. بىراق، ئەقىل ئادەمنىڭ تەلپىگە قاراپ، ئۇ خالىغان مىقداردا ئاستا-ئاستا ئېچىلىپ بارىدۇ.

— ش. مۇنتېسكى

ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ گۈزەل، ئەڭ قەدىرلىك نەرسە ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدۇر. ھايات ھەر تەرەپلىمە، ئۈزلۈكسىز ئەمگەك ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىدۇ. ئىنسانىنىڭ ئەمگىكى توختىسا، ئۇنىڭ ھاياتىمۇ توختايدۇ.

— گ. م. گرژىژانوۋسكى

ئەقىلنىڭ قۇدرىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئۇ ئەقلىي ئەمگەك مۇشەققەتلىرى ئالدىدا چېكىنمەي، چارچاشتىن قورقماي، ئۈزلۈكسىز مەشىقلەر بىلەن ئۆتكۈرلىشىدۇ.

— ر. روللان

ئۇلۇغلۇقنىڭ دەسمايىسى — ئەقىل-پاراسەت ھەم ئەدەپ-ئەخلاققا ئىگە بولۇشتۇر. چۈنكى ئەقىل-پاراسەت، ئەدەپ-ئەخلاق ئىنسانغا ئەتراپلىق پىكىر قىلىش، دەل-مۇۋاپىق سۆزلەش، ئىش-ھەرىكەتتە ئادىل بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ خىسلەتنى بەخش ئېتىدۇ.

— لوقمان ھەكىم

گۈزەللىك بىزنى ئەسىر قىلالايدۇ. زىيادە گۈزەللىك بولسا بىزنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئەسىر قىلالايدۇ.

— جىبران خەلىل



# مېنىڭ ئاڭلىغانلىرىم بىلەن كۆرگەنلىرىم

ئەلى ئىبراھىم

ئۆگىنىش، يېڭىلىق يارىتىش، ئالغا ئىلگىرىلەش، بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېڭىلاش شۇنداقلا قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدىن باتۇرلۇق، يۈرەكلىك بىلەن غالىب كېلىش نۆۋەتتىكى تەرەققىيات، ئۆچۈر دەۋرىنىڭ تەلىپىگە تولىمۇ مۇناسىپتۇر. يىغىپ ئېيتقاندا، ھەممىسى تەرەققىياتنىڭ تۈپ يىلتىزىدۇر. يىللاردىن بۇيان تەرەققىيات، يېڭىلىق يارىتىش ھەققىدە مەتبۇئاتلاردا نۇرغۇن مۇلاھىزىلەر بولدى، ئىلغار تەجرىبە ۋە ئىش ئىزلار تونۇشتۇرۇلدى. قول سېلىپ ئەمەلىي ئىشلەيدىغان تىپلار يېڭىلىق يارىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقانلار ئۆچۈن ئۈلگە بولۇپ، رايونىمىز تەرەققىياتىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى. يەنە شۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر قىسىم كىشىلەردە دەۋرنىڭ تەرەققىيات قەدىمىگە ماسلىشالماي بىر ئىزدا توختاپ قالىدىغان، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى سۇس، نۆۋەتتىكى پۇرسەت ۋە ئەۋزەللىكنى چۈشەنمەيدىغان ئەھۋاللار ھېلىھەم مەۋجۇت بولماقتا.

دەۋر ئېقىمىدا كېتىۋاتقان تۇرمۇش ھامىنى بىزگە «تېز بولمامسەن، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ ئۆگەنمەمسەن، ئىزدەنمەمسەن، يېڭىلىق يارىتىشقا ئۇرۇنمامسەن؟» دەپ مەنىۋى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىن بېسىم ھېس قىلدۇرۇۋاتىدۇ. يېقىندا مەن خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بىرنەچچىسىگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولدۇم. شۇ جايلارنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى، بېشىللاشقان مۇھىتى، مەتبۇئات ئورۇنلىرىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى، ھەتتا شۇ جايدىكى بىر قىسىم يەككە تىجارەتچى ۋە دېھقانلارنىڭ كۈندىلىك، ئايلىق، يىللىق كىرىم ئەھۋالى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ چىقتىم. بىز سەپەر ئۈستىدە كېتىۋېتىپ كۈنشەن شەھىرىدە توختاپ تاماقلاندۇق. تاماقلىنىش جەريانىدا رېستورانلاردا ئىشلەيدىغان مۇلازىم، دەرۋازىۋەن، ھەتتا كىچىك يەككە تىجارەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ئىنچىكە كۆزىتىش، ئەھۋال ئىگىلەش ئارقىلىق كۈنشەنلىكلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدىن ئانچە-مۇنچە ساۋاققا ئىگە بولدۇم.

كۈنشەن ــ شاڭخەي بىلەن سۇجۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان تۈپرىقى مۇنبەت، سۈيى مول، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە ئاسفالت يوللىرى سىستېمىلىق پىلانلانغان، كوچىلىرى پاكىز-ئازادە، دەل-دەرەخلىرى ناھايىتى رەتلىك، گۈل-گىياھلار بىلەن پۈركەنگەن گۈزەل بىر شەھەر ئىكەن. بۇ شەھەرگە ئورۇنلاشقان كارخانىلارنىڭ 60% تىن كۆپرەكى تەيۋەن كارخانىلىرى ئىكەن. كۈنشەندە 700 مىڭ نوپۇس بولۇپ، 10 يېزىغا بۆلۈنگەنىكەن. كۈنشەندە دۆلەت دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونىدىن بىرى، ئۆلكە دەرىجىلىك تەرەققىيات رايونىدىن ئۈچى بار ئىكەن. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى 5 ئېيىدا **GDP** ئومۇمىي سوممىسى 78 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 23.4% ئېشىپتۇ. سانائەت ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 2 تىرلىيون 665 مىليارد يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش يىلدىكىدىن 29.5% ئېشىپتۇ. 2009-يىللىق ساياھەتتىن قىلغان ئومۇمىي كىرىمى 11 مىليارد 50 مىليون يۈەنلىك ئۆتكەلدىن ئۆتۈپتۇ. بۇ شانلىق نەتىجىلەرنى ئاڭلاپ شۇنداق تەسىرلەندىم ۋە چوڭقۇر ئويلارغا چۆمدۈم. مېنى ھەيران قالدۇرغىنى ئومۇمىي تەرەققىياتتىكى ئىقتىسادىي بۆسۈش، بولۇپمۇ يەرلىك ئاممىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ھال كۈنىنىڭ باياشاتلىقى بولدى. بۇ يەردە ئادەتتىكى بىر دېھقاننىڭ يىللىق كىرىمى 25 مىڭ يۈەندىن 30 مىڭ يۈەنگىچە ئىكەن. مەلۇم بىر كەسپىي ئىدارىدە شوپۇرلۇق قىلىۋاتقىنىغا ئۈچ يىلدىن ئاشقان بىر خىزمەتچى يولداشنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى 70 مىڭ يۈەندىن ئاشىدىكەن. مەن بۇ سانىنى ئاڭلاپ ھەم ھەيران بولدۇم ۋە بۇ سۆزگە دەماللىققا ئىشىنەلمەي قالدىم. بۇ كىچىككىنە شەھەرنىڭ زامانىۋى قۇرۇلۇشى، كۆكەرتىش كۆلىمىنىڭ ئۆلچەمگە يېتىشى دېگەنلەردىن ئېغىز ئېچىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. شەھەر قۇرۇلۇشلىرى شۇنداق رەتلىك، يوللىرىمۇ كەڭ ھەم شۇنداق پىلانلىق. دىققىتىمنى تارتقىنى ۋە ئىچىمنى قايناتقىنى بۇ بېشىللاشقان شەھەرنىڭ



ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن كەڭرى ھەم ئۇزۇن كەتكەن دەريالار، مەرۋايىتتەك كۆللەردىكى پاراخوت ۋە كېمىلەر، شۇنداقلا ساھىللاردا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان كۆركەم بېزەلگەن راۋاقلار بولدى. ئەگەر سىز شۇ گۈزەل مەنزىرە ئىچىدە پاراخوت، كېمىلەرگە ئولتۇرۇپ ئەتراپىنى تاماشا قىلىدىغان بولسىڭىز، شۇنداق ھۇزۇر ھېس قىلىسىز.

بۇ يەردىكى كىشىلەر ناھايىتى مېھماندوست ھەم ئوڭلۇق ئىكەن. دۇكانلارغا كىرىپ بىر نەرسە سېتىۋالماقچى بولسىڭىز شۇنداق ئوبدان مۇئامىلە قىلىدىكەن. بەزى مېۋە-چىۋىلەرنى «تېتىپ كۆرۈڭ، بۇ مېۋىنىڭ تەمى بەك ياخشى، بەلكىم شىنجاڭدا بولماسلىقى مۇمكىن» دەپ ئاتايىن تېتىتقۇزۇپ، ئالمىسىڭىزمۇ قىلچە رەنجىمەستىن «يەنە كېلىپ تۇرۇڭلار» دەپ سىزنى خۇددى ئۆيىگە كەلگەن مېھماندەك قارشى ئالىدىكەن. بۇ تەبىئىي، سىڭشىلىك مۇئامىلىلەردىن سۆيۈنۈپ قالىدىكەنسىز ھەم بۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ھېس قىلىدىكەنسىز.

كۇنشەنلىكلەرنىڭ تىرىشچان، ئىجادكار روھىنىڭ بەدىلىگە كەلگەن يۇقىرىقى سان-سىفىرلار، تۇرمۇشتىكى باياشاتلىق قارىماققا شۇنچە ئاسان قولغا كەلگەندەك تۇيۇلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە بۇ نەتىجىلەرگە ئېرىشىش ئۇنچە ئاسان بولمىسا كېرەك.

نۆۋەتتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاش توغرىسىدىكى ياخشى سىياسىتىنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ئەگىشىپ، مەملىكەت مىقياسىدىكى 19 ئۆلكە، شەھەر پائال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئىقتىساد، ئادەم كۈچى، ئىختىساسلىقلار قوشۇنى، تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىن كەڭ كۆلەملىك ھالدا ياردىمىنى شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى گۈللەندۈرۈش، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا قارىتىپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت چوڭ ئائىلىدىكى كەڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىغا بولغان مېھرىبانلىقىنى يەتكۈزۈشكە باشلىدى ھەمدە بەس-بەستە ياردەم قىلىۋاتىدۇ. بىز ھەر مىللەت ئاممىسى بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق، تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن قولمۇقول تۇتۇشۇپ، مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، ئۇلارغا يېقىندىن پائال ماسلىشىپ، توختىماي ئىزدىنىپ، نەزەر دائىرىمىزنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئىزچىل بېكىنلىق يارىتىپ، يۈرەكلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز تولىمۇ زۆرۈر.

كۆپچىلىككە مەلۇم، ھازىرقى دەۋر تەرەققىيات، ئۇچقۇر دەۋرى، رىقابەت دەۋرى. تار مەنىدىن ئېيتقاندا، مەيلى كىم بولسۇن، بىر كۈن تىرىشمىسا، بىر كۈن ئىزدەنمىسە مۇقەررەركى، ئۆزىنى ئەسكى تاملىقنىڭ يېنىدا كۆرۈشى، قوساقتا تاپسا ئۇچىسىغا يوق بولۇشتەك ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشى ياكى ئەھۋالى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئېغىرلاپ كېتىشى تۇرغانلا گەپ. ھۇرۇنلۇق ھەممىنى ھالاك قىلىدۇ. شۇڭا، ھەممىمىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، شانلىق تەرەققىيات بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئىدىيەدە ئازاد بولۇپ، پىكىر يولىمىزنى ئاكتىپلاشتۇرۇپ، مەيلى قايسى كەسىپتە، ساھەدە بولايلى، بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە ئالغا ئىلگىرىلەيلى. بولۇپمۇ ئىختىساس ئىگىلىرى باشلامچىلىق بىلەن مەيدانغا سەكرەپ چۈشۈپ، ئەقىل-پاراسەتنى تولۇق ئىشقا سېلىپ، ئىجادچانلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، بىلىم قۇرۇلمىمىزنى يېڭىمۇ تەڭشەپ، كۆزگە كۆرۈنگەن سەركىلەرنى ئۆزىمىزگە يېتەكچى قىلىپ، كەمتەرلىك، سەمىمىيلىك بىلەن ئۆگىنىشى، ئىزدىنىشى كېرەك. «تاما-تاما كۆل تولار» دېگەندەك، ئاز-ئازدىن ئۆگەنگەن بىلىم خۇددى كۆچەتلەرنى سۇيى بىلەن ئوغۇتنى تەڭشەپ باققاندا ئادەمگە سايىسى ئارقىلىق سالقىنلىق ھۇزۇرى بەرگەندەك، تەرەققىياتنىڭ ئىزچىللىقى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك رول ئوينايدۇ. تەرەققىياتتىكى ئىزچىللىق ئاخىرىدا ھەممىمىزگە خۇشاللىق ئېلىپ كېلىدۇ.

دوستلار! پۇرسەت غەنىمەت، بىر ئادەمگە توققۇز قېتىم ئامەت كېلىدۇ، پۇرسەت ئامەتنى يارىتىدۇ، ياخشى پۇرسەت ئامەتنىڭ ئاساسى. تۇتۇشنى بىلمىسەڭ بىكار، پۇرسەت ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ. ئۇ چاغدا پۇشايمان ئالىدىغان قاچا تاپقىلى بولمايدۇ. بولۇپمۇ ئوتتۇرا-كىچىك كارخانىلار، ياش ئىقتىساس ئىگىلىرى ئورتاق ئىزدىنىش، ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئورتاق ئىجادچانلىق كۆرسىتىشتەك ئۇلۇغۋار نىشانىنى ھاسىل قىلىپ، ئەتراپلىق، سىستېمىلىق پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كۇنشەندەك گۈزەل شەھەرنى بەرپا قىلىش، كۇنشەنلىكلەردەك باياشات تۇرمۇش مۇھىتى يارىتىش ئۈچۈن تىرىشايلى! «بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن»، «ئۈچمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەپ ياستۇقنى ئېگىز قىرلاپ ئۇخلايدىغان دەۋر كەلمەسكە كەتتى. «مىڭ ئاڭلىغاندىن بىر كۆرگەن ئەلا» پۇرسەت بولسا ئەتراپىمىزدىكى تەرەققىي قىلغان، قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىجات مېھنەتلىرىنى كۆرۈپ باقايلى، ئۇلارنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىدىن ئۆگىنەيلى. كۇنشەنلىكلەرگە بىر كىم ياردەم قىلغان ئەمەس، ئۇلار مول بىلىم قۇرۇلمىسىغا، جاپاغا چىداش روھىغا، ئوچۇق بولغان پىكىر يولىغا، ئېنىق بولغان تەرەققىيات يۆنىلىشىگە، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتەك مۇستەھكەم ئىدىيىۋى-سىياسىي ئېڭىغا، ھارماس چىۋەر قولىغا تايىنىش ئارقىلىق بۈگۈنكىدەك تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى، باياشات، گۈزەل تۇرمۇش مۇھىتىنى بەرپا قىلغان. بىزمۇ كۇنشەنلىكلەردەك ئاڭغا، روھقا، غايىگە ئىگە بولۇپ، ئىناقلىق كۈيىنى ياڭرىتىپ، قولنى قولغا تۇتۇتۇپ تىرىشىدىغانلا بولساق، بەختىيار تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن قانغىچە ھۇزۇر ئالالايمىز.

---

ئاپتور: ئاپتونوم رايونلۇق ئاخبارات-نەشرىيات ئىدارىسىدە



# ھېرتا مۈللېر شېئىرلىرىدىن

ئەركىن نۇر تەرجىمىسى

*ئاپتور ھەققىدە: ھېرتا مۈللېر (Herta Müller) 2009 ـ يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچى گېرمانىيەلىك يازغۇچى، شائىرە ۋە نەسرچى. ئۇ 1953 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى رۇمىنىيەدىكى نېمىسچە سۆزلەيدىغان بىر ئاز سانلىق مىللەت ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئاتىسى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ھەربىي خىزمەت ئۆتىگەن. 1945 ـ يىلىدىن كېيىن رۇمىنىيە كومپارتىيەسى ئۇنىڭ ئاپىسىنى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا سۈرگۈن قىلغان، ئاپىسى ھازىرقى ئۇكرائىنا چېگراسى ئىچىدە بەش يىل ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا قامالغان. شۇنىڭغا ئاساسەن مۈللېر كېيىنچە، يەنى 2009 ـ يىلى رۇمىنىيەدىن رۇسىيەگە سۈرگەن قىلىنغانلارنىڭ تۇرمۇشى سۈرەتلەنگەن ئەسىرى «نەپەسلىنىش تەۋرىنىشى»نى يېزىپ چىققان. 1973 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە ئالىي مەكتەپتە رۇمىنىيە ۋە گېرمانىيە ئەدەبىياتى ئوقۇغان ھەمدە ياش يازغۇچىلار كۇرژۇكىغا قاتنىشىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى رۇمىنىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە نارازىلىقىنى بىلدۈرگەن. 1976 ـ يىلى مۈللېر مەلۇم بىر شىركەتتە تەرجىمانلىق قىلغان، ئۇ دۆلەت بىخەتەرلىك تارماقلىرىنىڭ تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ ماسلاشمىغاچقا، 1979 ـ يىلى خىزمىتىدىنمۇ ئايرىلىپ قالغان. شۇندىن كېيىن ئۇ بالىلار يەسلىسىدە ئىشلەپ ۋە نېمىس تىلى بويىچە ئائىلە ئوقۇتقۇچىلىقىنى قىلىپ تۇرمۇشىنى قامداپ كەلگەن. 1982 ـ يىلى «پەسلىك» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىنى ئېلان قىلىپ، رۇمىنىيە ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئۇچرىغان. رىچارد ۋاگنېر ئىسىملىك يازغۇچى بىلەن توي قىلىپ، ئېرى بىلەن بىللە گېرمانىيەدىن ئايرىلغان. شۇندىن كېيىن ئۇ گېرمانىيە ۋە چەت ئەللەرنىڭ ھەر خىل ياردىمىگە ھەمدە 20 نەچچە نۇرلۇك ئەدەبىي مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ، 1987 ـ يىلى رۇمىنىيەدىن گېرمانىيەگە كۆچمەن بولۇپ ئولتۇراقلاشقان، ھازىر بېرلىندا ئولتۇرىدۇ. 1997 ـ يىلى ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئەزا بولغان سابىق فېدېراتىپ گېرمانىيە قەلەمكەشلەر جەمئىيىتىدىن چېكىنىپ چىققان. گەرچە ئۇنىڭ رۇمىنىيەدىن ئايرىلغىنىغا 20 يىلچە بولغان بولسىمۇ، ئەينى ۋاقىتتىكى رۇمىنىيەنىڭ سىياسىي بېسىمى، قېچىپ يۈرۈپ ياشاش، سۈرگۈنلۈك ۋە رۇمىنىيە ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈمى قاتارلىقلار ھېكايە ـ رومانلىرى ۋە شېئىرلىرىنىڭ ئاساسىي تېمىسىغا ئايلانغان.*

*ئۇنىڭ ۋەكىللىك ئەسەرلىرىدىن «ئىگە بولغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى يېنىمدىن ئايرىمايمەن»، «يورۇقلۇق يىلنىڭ سىرتىدا»، «يۈرۈش چېگرا سىزىقى»، «شىددەت بىلەن ئاقىدۇ دەريا» دېگەندەك ئەسەرلىرى بار.*

*گەرچە ئۇ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن دۇنياۋى يازغۇچى بولسىمۇ، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگىلا ئەمەس، باشقا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۆپىنچىسىگە ناتونۇش. شۇڭا، بىز ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىمىزنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىر قىسىم شېئىرلىرىنى ئوقۇرمەنلىرىمىز ھۇزۇرىغا سۇندۇق.*

## ۋاقىت لىرىكىسى

### 1

ۋاقىت مۈشۈك قەدىمىدە چامدىماقتا
ئۆلۈكلەرنى پەم بىلەن ئۆتەر ئۇ دەسسەپ
ۋاقىت ئېرۈر ئاياللارنىڭ بەل لېنتىسى
ئېسىلىپ ئۆلۈۋېلىشقا باب كېلىدىغان
لاي ۋاقىتتىن ئۈزۈلۈپ ئۆتەر ئەركەكلەر
رېماتىزم ئاغرىتقان
ھەسرەتلىك بىر چىراي
تامنىڭ بۇلۇڭىدا قىزدۇرۇلغان قۇياش بىلەن زىيادە

### 2

ۋاقىت كونا پاسوندىكى پويىزدۇر
يول بويىدىكى مەنزىرىلەر بەك گۈزەل
گىژىلداق رادىيو ئۈزۈلۈپ ئادەمنىڭ قوۋۇرغىسىنى
ئېگىدىغان قەسىدىلەرنى ئاڭلاتقاندا
بىراۋلار يەرگە سىيىپ تاشلار
بىراۋلار دېرىزىدىن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالار
بىراۋلار قولىغا پىچاق ئېلىپ قالايمىقان خۇن تۆكەر
بىراۋلار تەپتارتماستىن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق باسقۇنچىلىق قىلار
بىراۋلار يېشىنمەي تۇرۇپ كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالار
بىراۋلار پۇشۇلداپ ئېغىر ئۇيقۇغا كېتەر
مەنزىرىلەر بەك گۈزەل
دېرىزىگە قاراپ ھۇزۇرلىنىدىغانلار بەكمۇ ئاز



3

ئۇنتۇش بەك يەڭگىل
ئەسلەش ئېغىردۇر
مەن ئۇلارنىڭ جىنازىدا ياتقان ناشۇد چېھرىنى ئۇنتۇپ كەتتىم
مەن كىمدۇر مەرگىمۇش ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن كىمنىڭدۇر
بىمەكلىكلىرىنى ئۇنتۇپ كەتتىم
مەن ۋاقىت سۈيىنىڭ سەتھىدە لەيلەپ يۈرىمەن
چوڭ مىڭىنى قاتۇرغان گومۇشلۇقتەك
تىلىنى چايناپ ئىچى بوش ئېغىز
كۆك ئاسمانغا قاراپ ھەيرەتتە

ئۆزىنى يوشۇرۇش
ئۇنىڭدىن ئۆزۈمنى قاچۇرۇش
ھاياتىمدىكى ئېغىر ۋەزىپەم
ئۇ، قىزىل چاچلىقلارنى قولغا ئالسا
مەن چېچىمنى قاپقارا قىلىپ بويىۋالارمەن
قىرغىن قىلسا ئۇ سوئال سوراشقا ئامراقلارنى
ئېغىزىمنى چىڭ يۇمۇپ، ئۈن-تىنسىز تۇرىۋالارمەن
ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا توۋلاشقا ئامراق بولسا
ئېغىزىمنى يوغان ئېچىپ ناخشا توۋلايمەن
ئۇ ئەتىرگۈلۈمنىڭ قىزىل بولۇشىنى تەلەپ قىلسا
مەن قىزىلغا بويارمەن قول-بارماقلىرىمنىمۇ تەڭ
قاچا-قۇچامنى قىزىل سىرلايمەن
لەۋلىرىمگە قىزىل لاك سۈرتىمەن
تاكى ئۇ ئىشىمدىن رازى بولۇپ بېشىنى لىڭشىتقان قەدەر

ئۇ تىزگىنلەيدۇ دۇنيانى
ھەقلىقتۇر ئۇ بوياشقا قارا قىلىپ قۇياشنى
ئاينى كۆپكۆك چىقىرىشقا
سىلاپ قويسا ئاق ئاتلارنى شۇنچىكى
ئاق ئات ئايلانغۇسى قارا ئېشەككە
تۇتۇپ قويسا دەرەخنى
دەرەخ كۆيەر گۇرۇلدەپ
قول تىقسا ئۇ كۆلنىڭ سۈيىگە
كۆك يوسۇنلار شۇ زامات قۇرۇتۇۋېتەر كۆلنىڭ سۈيىنى
ئۇ كۆرسەتسە ئاياللارنىڭ دوۋسۇنلىرىنى
شالاقىدە چۈشۈپ كېتەر ئاياللارنىڭ قورساقتىكى بالىلىرى
ئۇ، ۋەھىمە
ئۆچمەنلىك
رەزىللىك
يەسكەشلىكلەرنى
تېرىيدۇ ھەر بىر كىشى قەلبىگە
قاقاس ئارقا ھويلىدەك
ئەتىۋارلاپ ساقلايدۇ
چايان
زەھەرلىك يىلان
ھەسەنشىرىكلەرنى

سىر
ئەر مۇردىسى تاشلىۋەتكەن كاناپ تاغاردۇر گويا
ئايال مۇردىسى تىلەمچىنىڭ خالتىسى
بىساناق جەسەتلەر يەر چىشلىگەن چوڭ كوچىلاردا
سىپسىقا باشلىغان ساپلا جەسەتلەر
كۆك ئاسماننىڭ زوقى يوق، قاتار-قاتار ياتقان جەسەتلەرنى كۆرۈشكە
ھازىرچە جېنى بار، زەئىپ ئادەملەر
يىراقلاردىن تۇرىدۇ كۆرۈپ
قان داغلىرى يۇيۇلدى پۈركۈپ سۇ بىلەن
ئەتتەئەي
قاتىل كىم
بۇ بىر سىر بولۇپ قالار مەڭگۈلۈك

## توپ - توپ بولۇۋېلىش

بىر يالغان سۆز بىر مۇنچە يالغان سۆزلەرنى ئېلىپ كېلەر
بىر يوچۇق باشقا بىر قاتار يوچۇقلارنى تۇتاشتۇرار
بىر نومۇسسىزلىق بىر دۆۋە نومۇسسىزلىقلارنى يۈرەر كۆتۈرۈپ

دەرەخ
بوينى قايرىلغان دەرەخ
شاخ-شاخلىرىغا ئېسىلغان بەختسىزلىكتىن قوتۇلۇش قىزىل لاتىسى
قىزىل لاتا ئاسقۇچى
ياكى راكقا ئۆزگىرىش
ياكى روھىي بۆلۈنۈش
ياكى خانىۋەيران بولۇش
ھەممىسى نامراتلىق ۋە ھالاكەت يولىغا مىڭىش
تەپچىرەپ تۇرغان بىر دەرەخ
ئىشغال قىلىپ ياتقان ساناقسىز زەھەرلىك يىلان
نامەلۇم بالاپان
تۇرار دەرەخ شېخىدا
كەينى-كەينىدىن زەھەرلىك يىلاننىڭ يۇتۇۋېلىشى
ئازادى دەرىخى
مىڭ يىللىق ئازادى دەرىخى
يولۋاستەك قاۋۇل ياش چاپتى ئۇنىڭ شېخىغا
تۇن نىسبەدە ئاغزى مايماق، كۆزلىرى قىيسىق
ئاق ماغزاپ تۇكۇرگەن
داۋالاپ ساقايماي كەتكەن ئۆلۈپ

---

تەرجىمان: «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە




# 目录


## 里程与行程

用慈手创造美好的未来 ……阿达来提·阿不都热西提 4
抓紧历史机遇、促进新疆长治久安 ……郭建民 6

## 龟兹学研究

论龟兹石窟中的舞剧画图 ……阿不力孜·穆罕默德·塞拉木 10
著名乐师、琵琶大师苏祝婆 ……17
龟兹音乐向中原传播与苏祝婆 ……艾合买提·依明 18
库车到伊犁路上的驿站、山岭 ……胡赛音·依明·阿吉 74
初探库车地名 ……凯塞尔·克比尔 76

## 小说之窗

阴 谋 ……阿卜杜拉·穆罕默德·尔坦 23
地狱之梦 ……阿布里克木·艾拜都拉 54
理 解 ……穆罕默德·艾合买德 40

## 花 束

格则勒 ……穆罕默德·克尤木 34
格则勒 ……阿热帕特·阿卜杜茹苏力 35
有人整夜弹都塔尔 ……霍加穆罕默德·穆罕默德 35
四行诗 ……阿卜杜合里力·米尔合里力 36
诗两首 ……吾麦尔·买买提明·楼兰 37
爱人的辫 ……肉孜·苏菲 38
犹似散落的阳光 ……图尔苏尼亚孜·托合提 39
您的静默、我的爱 ……马木提江·艾克木 40
让我们一块变个火 ……阿卜杜萨拉木·艾山 41
亲自弹起哀鸣的心 ……努尔东·铁力瓦尔地 60
阳台放了一瓶花 ……姑丽博斯坦·图尔地 60
模仿自己 ……帕提姑丽·托合提 61
母亲 ……阿尔祖姑丽·买买提 61
诀别 ……艾萨江·托合提 61

## 乐园里的座谈

我视野中的诗歌 ……卡哈尔·尼亚孜 80
第四条路 ……阿布里克木·图尔逊 83

## 岁月

一位老师的故事 ……库尔班·达吾提 42

## 散 文

道德的需求 ……阿卜杜尼亚孜·托合提 50
我戴红头巾的天使 ……阿曼姑丽·艾力 52
父亲一崇高之峰 ……艾萨江·图尔迪 62
陌生人 ……帕尔哈提·图尔逊 64

## 镜 子

《燃烧的胡杨林》与生态文学 ……阿斯姆姑丽·诺鲁孜 87
我们是来自楼兰的，还要会到楼兰. ……图尔逊江·艾比布拉 90
解析《天堂之梦》 ……克比尔·依米提 104

## 文人茶馆

龟兹到库车 ……阿布都艾海提·阿布都热西提·拜克 48
文学的力量与文人的责任 ……艾尼瓦尔江·萨迪克 65
远离书籍和贫穷 ……图尔逊买买提·托合提 68

## 杨树下的话题

女人与钢琴 ……阿不来提·阿布里克木 108
锁子与钥匙 ……穆罕默德·克里木 110
《麦西来甫行为》价值探讨 ……玉山江·纳曼 113

## 小窗

百闻不如一见 ……艾力·伊布拉因116

## 桥梁

赫塔·慕勒诗歌选 ……艾尔肯·努尔 译 118



# 龟兹文化

**主管单位：**
中共库车县委宣传部
**主办单位：**
库车县文学艺术界联合会
库车县文体局
**编辑出版：**
《龟兹文化》编辑部


**顾 问：**
库尔班·马木提、艾尔肯·努尔、阿力木·哈力丁、卡哈尔·尼亚孜
**编委会主任：**
玉素甫江·买买提
**编委会副主任：**
阿达来提·阿布都热西提
张文远
努尔阿里木·买买提
**编 委：**
阿布力克木·艾拜都拉、阿布都拉·穆罕默德·尔坦、艾合买提.克比尔、艾海提·达吾提、艾合买提·铁木尔、艾合买提.穆罕默德、帕提古丽·尼亚孜、茹克亚·阿布都拉、克尤木·卡德尔、库尔班·达吾提·夏合迪、穆罕默德·艾合买提、穆罕默德·达吾提、尼亚孜·依明、纳斯尔丁·阿皮孜、尤赛英·依明阿吉、吾斯曼·吾休尔
**主 编：**
阿达来提·阿布都热西提
**副主编：**
艾合买提·克比尔
艾海提·达吾提
艾合买提·铁木尔
克尤木·卡德尔
**责任编辑：**
艾合买提·克比尔
艾合买提·铁木尔
**编 辑：**
茹克亚·阿布都拉
帕提古丽·尼亚孜
**装帖设计：**
努尔买买提·艾买尔
**校 对：**
万力·在顿



新疆维吾尔自治区新闻出版局内部资料2010年一次性0014号



地址：库车县解放路工会大楼三楼
邮编：842000
电话：0997----7151109
电邮：zarina973@sohu.com
asina44@sohu.com







2010-يىلى 7-ئاينىڭ 1-كۈنى ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ قوللىشى، مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ تەشكىللىشى بىلەن كۇچالىق رەسسام سابىت زايىتنىڭ گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، كۆرگەزمىگە قاتناشتۇرۇلغان گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى، بولۇپمۇ قاپاق سىزما ئەسەرلىرى كۆرگۈچىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت-ئېتىبارىنى تارتتى.





